ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

كىتابلار تۈركۈمى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## كىتابلار تۈركۈمى

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەمراجان سونۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— كىتابلار ئۇچۇرى

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېڭىيېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 3050

---

ISBN 7—5631—2046—7
باھاسى: 27.80 يۈەن

# بىلدۈرگۈ

كىتاب — بىلىم بۇلىقى. ئۇ يىلتىزىمىز، ئېتىقادىمىز، ئەستىلىك خاتىرىلىرىمىز، ئەقىل-پاراستىمىز، ئەخلاق-پەزىلىتىمىز، شېئىرىي تۇيغۇمىز، شۇنداقلا پەلسەپە، تارىخ ۋە پەن-تېخنىكا بىلىملىرىمىزنىڭ خەزىنىسىدۇر. ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئىككىنچى بىر خەزىنە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ خەزىنىلەر «ئۇستى ئوچۇق مۇزېي» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان خوتەن رايونىدىمۇ زامانلاردىن ھالقىپ بىزگىچە يېتىپ كەلدى ۋە ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. تېما ئېتىبارى بىلەن «كىتابلار ئۈچۈرى» تومىغا جەمئىلەنگەن بۇ خەزىنىگە مۇشۇ رايوندا تۇغۇلۇپ، ياشاپ ئىلمىي، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان؛ خوتەندە تۇغۇلۇپ باشقا رايونلاردا ئىشلىگەن، ئىشلەۋاتقان؛ خوتەنگە كېلىپ يەرلىشىپ ئىشلىگەن ۋە ئىشلەۋاتقان ئاپتورلار مەنىۋى ئەمگەكلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمى كىرگۈزۈلدى. بۇ زور مەنىۋى ئابىدىدىن ئەۋلادلارنى تولۇق خەۋەردار قىلىش — ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر مەنىۋى ھالەتلىرى، مەدەنىيەت قاتلاملىرى تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئۈچۈرى بىلەن تەمىن ئېتىش دەل بۇ كىتابنى تۈزۈشتىكى مۇددىئادۇر.

تۈزگۈچىنىڭ مۇشۇ مەقسەت-مۇددىئانى چۆرىدەپ قول سېلىپ ئىشلىشى، يېزىشى ۋە رەتلىشىدىن باشقا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا، كەڭ ئاپتورلارغا، ئىزدەنگۈچىلەرگە قايتا-قايتا تەۋسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، جەمئىي 1384 پارچە كىتاب (بۇنىڭدىن خوتەن رايونىدا ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلەر 493 پارچە بولۇپ، قوشۇمچە جەدۋەل ئارقىلىق كۆرستىلدى) ئۈچۈرى توپلاندى (ئېلان قىلىنغان ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلەر كاتالوگى

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن 48 پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە بەش ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى؛

(2) پېداگوك، ئەدىب دۆلەت قۇربان 32 پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە 12 ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى؛

(3) ئەدىب، پېداگوك مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 29 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى تەييارلىدى؛

(4) دراماتورگ، شائىر، تەزكىرىشۇناس مۇھەممەتئىمىن قۇربان 28 پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە توققۇز ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى؛

(5) شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى تۇرغۇن ئۆمەر ۋە ئىلمىي ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىن ماھىرجان ئابدۇقادىر ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر 87 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى تەييارلىدى؛

(6) يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىر 22 پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە يەتتە ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى؛

(7) كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن ئەدىب ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن 17 پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە يەتتە ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى؛

(8) تەتقىقاتچى، ئەدىب مۇھەممەتئىمىن سابىر 12 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى تەييارلىدى؛

(9) شائىر، ژۇرنالىست مۇھەممەتتوختى ئەھمەد 18 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى تەييارلىدى؛

(10) ئەدىب ھاجى مەتقاسىم ئەكرەم 15 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى تەييارلىدى؛

(11) تەتقىقاتچى قاۋۇلجان مەتقۇربان ئون پارچە كىتاب ئۇچۇرى ۋە ئۈچ ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى تەييارلىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىدىن مۇھەممەتكېرەم ئىسمايىل، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى

كىرگۈزۈلمىدى) . بۇنىڭ ئىچىدىن 1116 پارچە كىتاب ئۇچۇرىنى، 52 ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالىنى، 21 ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىش ۋە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى ئۇچۇرلىرىنى تۈزگۈچى تەييارلىدى. 268 پارچىسىنى ئۇن نەچچە كىشى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بۇ تومنىڭ تۈزۈلۈش پىلانىغا ئاساسەن پەقەت نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان كىتابلار، قوليازما، باسما كىتابلار ۋە بىر قىسىم تەرجىمە كىتابلار تۈر، ژانىر بويىچە ئايرىلىپ 13 بۆلۈمدە تونۇشتۇرۇلدى.

تەلەپكە ئاساسەن، كلاسسىك ئەسەرلەردىن باشقا، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن باشلاپ مۇشۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنىڭ ئورگىناللىرى ئاخىرقى بېكىتىلىشكىچە بولغان ۋاقىتتا نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن ئۇچۇرلار بېرىلىپ، تاپالىغان دائىرىدە ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت تەرجىمىھالى ۋە سۈرەتلىرى، قىسمەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار، ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىش، مۇكاپاتلىنىش ئەھۋاللىرىمۇ قوشۇمچە قىلىندى (بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ تەرجىمىھال، سۈرەتلىرى ئالدىنقى ئالتە تومدا 《2003-يىل 8-ئاي 1-نەشرىدە》 بېرىلگەچكە، بۇ كىتابقا قايتا كىرگۈزۈلمىدى).

شۇنى ئالاھىدە قەيت قىلىش لازىمكى، تۈزگۈچى تەرىپىدىن كىتاب ئۇچۇرلىرىنى يېزىپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنغانلارنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى نام-شەرىپى بىلەن قوشۇلۇپ بۇ كىتابتىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئورۇن ئېلىشى لازىم بولسىمۇ، بارلىق كىتاب ئۇچۇرلىرىنى تۈر، ژانىر بويىچە ماۋزۇلار ئاستىغا جەملىگەندە، ئۇلارنىڭ يازمىلىرى بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەربىر كىتاب ئۇچۇرى ئاستىغا شۇ ئۇچۇرنى تەييارلىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋەرگەندە كىتاب سۈپىتىگە نۇقسان يېتىدىغانلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بۇ يەردە ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىلدى:

(1) چىرا ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئەدىب

# مۇندەرىجە

قەدىمكى خوتەن يېزىقىدىكى بۇددىزىم ئەسەرلىرى ........................ 1
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تەزكىرە - تارىخقا دائىر
ئەسەرلەر ........................................................ 27
خوتەندە يېزىلغان يەنە بىر قىسىم تەزكىرىلەر .............................. 89
ئەدەبىي كىتابلار ................................................ 121
ئەدەبىي كىتابلار سەھىپىسى (1) ................................ 121
ئەدەبىي كىتابلار سەھىپىسى (2) ................................ 196
ئىلمىي، ئۇنىۋېرسال كىتابلار ........................................ 237
دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، هۈنەر - سەنئەتكە دائىر
كىتابلار.......................................................... 261
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلار ................................ 275
بۈگۈنكى زامان تەزكىرە كىتابلىرى .................................. 331
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار ............................ 367
دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى .............................. 373
تەرجىمە ئەسەرلەر ................................................ 413
قەرەللىك، قەرەلسىز (خاتىرە) ژۇرناللار.............................. 420
[قوشۇمچە] خوتەن رايونىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم كلاس-
سىك ئەسەرلەر .................................................. 440

تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىن ئەنۋەر مەتسەيدى، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىدىن ئەنۋەر تاشتۆمۈر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن ئابدۇللا مەتقۇربان، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن غەيرەت ئابدۇللا كالدىر قاتارلىق ئەپەندىلەر ياردەمدە بولدى. ھەممەيلەنگە رەھمەت ئېيتىمەن.

بىلىشىمچە «كىتابلار ئۇچۇرى» نىڭ توپلىنىشى تۇنجى ئىش. ئەلۋەتتە، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلمىگەن ئۇچۇرلار خېلىلا كۆپ (ماتېرىيال مەنبەيىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئۇچۇرىنى تەييارلاشقا دېگۈدەك ئامال بولمىدى) . بۇ باشلانما ئارقىلىق يەنە ئۇزلۇكسىز تولۇقلىنىدىغانلىقىغا، بېيىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئابدۇللا سۇلايمان



# قەدىمكى خوتەن يىپەكچىلىكى بۇددىزم ئەسەرلىرى

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1 - ئەسىرلەردە ھىندىستاننىڭ كەشمىر رايونى ئارقىلىق خوتەن رايونىغا بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى بىلەن، خوتەن تارىم ۋادىسىدىكى بۇددا مەركىزىگە ئايلىنىپ «كىچىك ئەنەتكەك» دەپ ئاتالغان. خوتەندە بۇددا دىنى نوم تەپسىرچىلىكى، ئابستىراكت ئالەم تەھلىلچىلىكى، نوم تەرجىمىچىلىكى، نوم كۆچۈرۈش قىزغىنلىقى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. خوتەننىڭ بۇددا دىنى رەسساملىقى، ھەيكەلتىراشلىقى، بىناكارلىقى، بۇتخانا بېزەكچىلىك - نەققاشچىلىقى تەرەققىي قىلغان.

خوتەن بۇددا مەركىزىگە ئايلىنىش بىلەن بۇ جايدا كۆپ خىل يېزىق ئىشلىتىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ باشقا جايلارغا كېڭىيىشىگە قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەن.

ئۇدۇن يېزىقى قەدىمكى خوتەن رايونىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئىشلەتكەن يېزىق، يەنى بۇددا دىنىنىڭ خوتەن رايونىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى ساكلارنىڭ ھىندىستاننىڭ براھمى يېزىقىنىڭ گوبدا شەكلى (تۈز خەت شەكلى) ئاساسىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن يېزىقى. ئۇ «خوتەن (ئۇدۇن) يېزىقى» ياكى «خوتەن ساك يېزىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېزىق مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىتىلگەن.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ خوتەن رايونىدىكى تەكشۈرۈش، قېزىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا خوتەن رايونىدىن «خوتەن ساك يېزىقى» دىكى نۇرغۇن ۋەسىقىلەر تېپىلغان. خوتەن ساك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر خوتەن رايونى، مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق، تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلىرىدىن تېپىلغان. بۇ ۋەسىقىلەر بۇددا دىنى ئەسەرلىرى (نوم پۈتۈكلەر)، تېبابەتچىلىك، شېئىرىي

# 目　录

古和阗语佛教文献 …… 1
维吾尔古典文学及史志类书籍 …… 27
写作于和田的另一部分志书 …… 89
文学类图书 …… 121
　文学类图书(1) …… 121
　文学类图书(2) …… 196
科学、综合类图书 …… 237
农、林、手工艺类图书 …… 261
维吾尔医药业类图书 …… 275
当代史志类图书 …… 331
民间文学类图书 …… 367
教材及辅导类图书 …… 373
译著类图书 …… 413
定期、非定期(纪念)类刊物 …… 420
[附]存藏于和田的部分古籍 …… 440

1930 - يىل، 47 -، 48 - بەتلەردە ئېلان قىلىنغان.
«پراجنا پامىتاھرديا نومى»: «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 102 — 104 - بەتلەر.
«ئاپارىمىتا يۇر نومى ئۇپادشا» (ئىككى خىل نۇسخىسى بار): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 84 — 100 - بەتلەر، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 243 -، 248 - بەتلەر.
«ئاسۇكا تەمسىللىرى» (ئىككى خىل نۇسخىسى بار): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 40 -، 44 - بەتلەر.
«بۇدساتۋا ئارزۇ - تىلەكلىرى قەسىدىسى»: «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 1 - توم 222-، 230 - بەتلەر.
«ئەۋلىيا - ئەنبىيالار نومى» (توشقان يىلى، 943 — 955 - يىللار پۈتۈلگەن): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 75 — 90 - بەتلەر.
«بۇددھوس نىسا ۋىجايا درانى» (توشقان يىلى، 943 — 955 - يىللار پۈتۈلگەن نوم): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 368 - بەت.
«ستاتاپاترا درانى» (توشقان يىلى، 943 — 955 - يىللار پۈتۈلگەن): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 376 - بەت، 12 — 198 - قۇرلار.
«دىسانا» (I نۇسخا): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم.
«سۇمۇكخا سوترا» (‹بورخان ئىلاھلار ئەپسۇن دۇرۇتلىرى، توشقان يىلى، 943 — 955 - يىللار پۈتۈلگەن): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 135 — 143 - بەتلەر.
«دىسانا» (II نۇسخا، توشقان يىلى، 943 — 955 - يىللار پۈتۈلگەن): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 253 — 255 - بەتلەر.
«ئەمچى بورخان نومى» (ئۈچ پارچە نۇسخا): «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 124 — 125 - بەتلەر، 5 - توم

داستان، خەت - ئالاقە، ئېلىم - سېتىم ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئەنگلىيە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق - ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ھ. ۋ بايلېي ئەپەندى تەتقىقات ساھەسىدىكى مەشھۇر تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى 40 يىلچە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق 1946 - يىلىدىن باشلاپ ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئېلان قىلىنغان، ساقلىنىۋاتقان كۆپ قىسىم خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى يىغىش، ئەسلىي نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈش، فوتو سۈرەتلىرىنى يىغىپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى كىتابلارنى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان:

«ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»: ئالتە توپلام (1945 — 1965)

«ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى»: بىر توپلام (1951 - يىل)

«ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» (فوتو سۈرەت نۇسخا): ئالتە توپلام (1960 — 1973)

«ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە تولۇقلىما»: بىر توپلام (1968 - يىل)

«زانباستان»: بىر توپلام (1968 - يىل)

ئامېرىكىلىق ئۇدۇن يېزىقىدىكى ھۆججەتلەر تەتقىقاتچىسى ر. ئې ئېمرويك ئەپەندى كۆپ يىل ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر دەستۇرى» (1979 - يىل) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابتا ھ. ۋ بايلېي ئەپەندى توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن خوتەن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ كاتالوگى ۋە ئىزاھلىرىنى ئىشلەپ چىققان. تۆۋەندە يۇقىرىقى كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن خوتەن يېزىقىدىكى بىر قىسمىنىڭ كاتالوگى، ئىزاھلىرىنى تونۇشتۇرىمىز:

«بورخان تەلىم بەرگەن چەكسىز خىسلەتلىك بۇدساتۋا نومى»: ئې. لېيمان: توكيو، «تەيچۇ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»،

نومى) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 63 - بەتلەر، ھ. ۋ بايلىي «ساك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر» بىر توم، رەسىملىك 11 - بەت.

«سانگادا سوترا» (سانگا راھىبلار سوترىسى) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم.

«سودرىھانا تەمسىللىرى» (ئۈچ پارچە قولىيازما نۇسخىسى بار) : «ئۇزۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 11 — 39 - بەتلەر، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم.

«سودرىھانا تەمسىللىرى» (ئۈچ پارچە قولىيازما نۇسخىسى بار) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 11 — 39 - بەتلەر، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 327 - بەت.

«بورخان سۆزلىگەن ئاستابا سوترا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 123 - بەت.

«بورخان ئىلاھلار ئەپسۇن دۇرۇتلىرى» (سوماكخا سوترا) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 135 — 143 - بەتلەر.

«بورخان سۆزلىگەن سۇرانگا ماسامادىھى سوترا» (بورخان سۆزلىگەن باتۇرانە سۇكۇت ھەققىدىكى نوم) : ر. ئې ئىمرويك: «ئۇدۇن يېزىقىدىكى (بورخان سۆزلىگەن سورانگا ماسادىھى)»، ‹لوندون شەرق مەجمۇئەلىرى› 23 - قىسىم، 1970 - يىل)، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم، 263 - بەت.

«ئالتۇن يارۇق» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم، 106 — 119 - بەتلەر.

«ۋاجرا پراجىنا سوترا» (دانىشمەن باتۇر ھەققىدىكى نوم) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم، 20 — 29 - بەتلەر.

«ۋىمالاكىرتى سۆزلىگەن نوم» (سەككىز ۋاراق) : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 14 -، 80 — 82 -، 131 — 132 - بەتلەر؛ «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 9 - بەت (ئىككى ۋاراق).

«ئامرتا پرابھادرانى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم

8 — 87 - بەتلەر.

«بۇددا تەلىملىرى نومى» : ر. ئې ئېمرويك: «ئاسىيا دەرسلىكلىرى» 16 - توم 1-، 2 - كىتاب، 1971 - يىل، 68 - بەت.

«يارالمىش قەسىدىسى» («جاتاكا ستاۋا») : بۇ نوم ۋېساراسورا پادىشاھ دەۋرى (967 — 978 - يىللار) دە پۈتۈلگەن: «ئۇدۇن يېزنقىدىكى ۋەسىقىلەرگە تولۇقلىما» رەسىملىك 145 — 183 - بەتلەر، «ئۇدۇن يېزنقىدىكى ۋەسىقىلەر» 1 - توم 198 — 219 - بەتلەر.

«ئەقىل - پاراسەت مەشئىلى دارانى نومى» (ئۇچ خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانغان) : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 36-، 37-، 105 - بەتلەر.

«كالا سوترا» (پارچە يىرتىق ۋاراقلىرى) : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 19 - بەت، 5 - توم 309 -، 14 -، 168 - بەتلەر.

«بورخان سۆزلىگەن ساۋابلار، رەزىللىكلەرنىڭ سەۋەبى ۋە ئاقىۋەتلىرى ھەققىدىكى نوم» : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 132 - بەت، 5 - توم 292 -، 296 — 302 - بەتلەر.

«ماھاپراجنا پارامىتا سوترا» («ئەقىل - پاراسەت بىلەن قىرغاققا يېتىپ بېرىش نومى») : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» دە ئېلان قىلىنغان.

«مانجۇسرى ئەرۋاھىنىڭ تىرىلىش نومى» : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 113 — 135 -، 435 — 445 - بەتلەر.

«ياخشىلىق، شادلىق تەمسىللىرى» : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 45 — 47 - بەتلەر.

«دەۋرىيلىك نوم» (بۇ قولىيازمىنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 955 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ) : «ئۇدۇن يېزنقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 72 — 74 - بەتلەر.

«ساددھارما پونداريكا سوترا» (پاك - دىيانەتلىك، ئۇلۇغلۇق

(‹لوندون شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى› 21 - قىسىم، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1965 - يىل نەشرى).

تۆۋەندىكى خوتەن ساك يېزىقىدىكى ئەسەرلەر ئەينى زاماندا خوتەن بۇددا ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىزىملىكىنى ياپونىيىلىك بۇددىزم تەتقىقاتچىسى خانېمى رېۆكې ئەپەندى «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» دېگەن كىتابلارغا ۋە ھەرقايسى نوملارنىڭ تىزىملىكى، راھىبلارنىڭ تەزكىرىلىرى، تۈرلۈك ئالاقىدار تارىخىي كىتابلارغا ئاساسەن رەتلەپ چىققان.

‹A› جىتامىترا تەرجىمە قىلغان نوملار:

1. «ئون جايدىكى بۇدساتۋالارنىڭ تەرىقەت تەھسىلى» بىر جىلد.
2. «بۈيۈك زېمىن سوترىسى» بىر جىلد.
3. «ۋىسۋا بادرانىڭ ۋىپاسىيانا سوترىسى» بىر جىلد.
4. «بارلىق مىزانلار ھەققىدىكى مانجۇسرى يىغىلىشى» بىر جىلد.
5. «خىيالىي ماكاندىكى ئۈچ تەسىرات سوترىسى» ئىككى جىلد.
6. «تاتاگاتانىڭ ئارمان توغرىسىدىكى سوئاللىرى سوترىسى» بىر جىلد.
7. «تاتاگاتانىڭ ئۈچ ئەڭگۈشتىرى توغرىسىدىكى سوترا» ئىككى جىلد.
8. «ۋىمالا كىرتتى نېردېسا سوترا» تۆت جىلد.
9. «ئۈمىدسىزلىك سوترىسى» بىر جىلد.
10. «غىل - پاللىق سوترىسى» بىر جىلد.
11. «تاتاگاتا ئۆزى ئىسپاتلىغان قەسەم قىلغان ئۈچ تەسىرات سوترىسى» بىر جىلد.
12. «يورۇتۇش ئاتلىق سامارى سودۇر» بىر جىلد.
13. «ئۇلۇغ پىراجىنا پارامىتا» تۆت جىلد.

61 — 64 - بەتلەر.

«ئاۋالىكسوۋارا درانى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 1 — 13 - بەتلەر.

«بھاۋانگا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 284 — 288 - بەتلەر.

«دىسانا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 62 — 66 - بەتلەر.

«ھوينكىماتچونا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 91 — 93 - بەتلەر.

«شاھزادە تجۇسىيائونىڭ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 146 — 148 - بەتلەر.

«كارمام دىسانا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 66 — 71 - بەتلەر.

«راتنا دۋىپا» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 5 - توم 64 — 67 - بەتلەر.

«ترلىساراناّ» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 3 - توم 64 - بەت.

«ۋاجرايانا» (ئۈچ خىل قولىيازمىسى بار) : ① «ۋاجرايانا شېئىرلىرى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى» 143 — 146 - بەتلەر؛ ② «ۋاجرايانا شېئىرلىرى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» 1 - توم 149 — 151 - بەتلەر، 2 - توم 57 - بەت (بۇ نومىنىڭ ۋاقتى 971 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) ؛ ③ «جاكىتما سانىنىڭ ۋاجرايانا شېئىرلىرى» : «ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى».

«زانباستان» داستانى (بۇ داستان زانباستان ئىسىملىك بىر ئەمەلدارنىڭ تەلىپى بويىچە يېزىلغان، بۇ ئۇدۇن ساك يېزىقىدىكى ئەڭ ئۇزۇن ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. 207 بەت، 24 قىسىم، 4000 مىسرادىن كۆپرەك مەدھىيە شېئىرلىرى بىلەن پۈتۈلگەن) : ر. ئې ئېمرويك: «زانباستان — ئۇدۇن يېزىقىدىكى بۇددا دىنى داستانى»

2. «بۇت مۇنارىنى ئولۇك ئايلىنىشنىڭ ساۋابلىقى سوترىسى» بىر جىلد.
3. «ماخايانانىڭ تۆت مىزان سوترىسى» بىر جىلد.
4. «ماخاۋايىپولىيا نامىلىق پەيدا بولماسلىق، يوقالماسلىق سوترىسى» بىر جىلد.
5. «ماخا پىراجىنا پامىتاج ھۆرلىرى سوترىسى» بىر جىلد.
6. «ئون ساۋابلىقنىڭ يولى توغرىسىدا سوترا» بىر جىلد.
7. «ماخايانالار قانۇنىيەتلىرىنىڭ، چەك - چېگرىسىنىڭ پەرقى يوقلۇقى توغرىسىدا شاستىرىسى» بىر جىلد.
8. «ماخايانالارنىڭ سۇرە كەلتۇرۇش شاستىرىسى» ئىككى جىلد.

‹ D › جۇجۇجىخشىڭ تەرجىمە قىلغان سوترىلار:
1. «تالىپىنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىش سوترىسى» بىر جىلد.
2. «بۇددانىڭ شاھلارغا قىلغان نەسىھەت سوترىسى» بىر جىلد.
3. «بۇدساتۋانىڭ قەسىمى سوترىسى» بىر جىلد.
4. «ئانتارانخاۋا سوترىسى» بىر جىلد.
5. «ئەۋلىيالارنىڭ قائىدە - مۇراسىملىرى توغرىسىدىكى سوترا» بىر جىلد.

‹ E › باشقىلار:
1. «كارامەتلىك نىلۇپەر سوترىسىنىڭ دىيۋاداتتا قىسمى» بىر جىلد.
2. «ئاۋالىكسۋارانىڭ توۋا قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئەپسۇنى سوترىسى» بىر جىلد ـــ دارماماتى تەرجىمە قىلغان.
3. «بۇددا ۋاتامىساكا ماخاۋايىپولىيا سوترا» 50 جىلد ـــ بۇددا بادرا تەرجىمە قىلغان.
4. «يوروۇتقۇچى پىراجىنا پارامىتا سوترىسى» 30 جىلد ـــ موكچالا جۇشۇلەن تەرجىمە قىلغان.

14. «بۇدساتۋانىڭ دۇرۇس ئەمەللىرى ھەققىدىكى سوترا» بىر جىلد.
15. «تەسۋى سوتىرىسى» بىر جىلد.

ب ، B ، دېۋاپ راجنا تەرجىمە قىلغان نوملار:
1. «ئامىتابا سودۇر پىرنىڭ ئەقىلگە سىغماسلىقنى پەرقلەندۇرۇش» بىر جىلد.
2. «ماخاۋايپۇلى ئاتلىغ ئامىتابا سودۇرنىڭ رەھىمدىللىكنى پەرقلەندۇرۇش سوترالىرى» بىر جىلد.
3. «بۇددا ۋانامىسكا ماخاۋايپوليا سوترا» 80 جىلد.
4. «ماخاۋايپولى تاتاگاتانىڭ ئەقىل - پاراسەت ۋە تەسەۋۋۇر قىلماسلىق توغرىسىدىكى سوترىسى» بىر جىلد.
5. «ماخاۋايپولى تاتاگاتانىڭ تەسەۋۋۇر قىلماسلىقنىڭ چېگرىسى توغرىسىدىكى سوترىسى» بىر جىلد.
6. «ماخاۋايپولى تاتاگاتانىڭ تەسەۋۋۇر تەسلىكىنىڭ چېگرىسى توغرىسىدىكى سوترىسى» بىر جىلد.
7. «ماخاۋايپولى ۋىسۋابادرا ئېيتقان سوترا» بىر جىلد.
8. «ماخايانالارنىڭ لانكاغا كىرىش سوترىسى» يەتتە جىلد.
9. «ماخايانالارنىڭ بۇت ياساش ساۋابلىق سوترىسى» ئىككى جىلد.
10. «ئەقىل مەشئىلى ناملىق دارانى سوترىسى» بىر جىلد.
11. «بورخانلار يىغىلىشى توغرىسىدىكى دارانى سوترىسى» بىر جىلد.
12. «ئاۋالىكسۋارا بۇدساتۋانىڭ دارانى ئىلاھلارنى مەخپىي يوشۇرۇش ئەپسۇن سوترىسى» بىر جىلد.

C ، سىكچاندا تەرجىمە قىلغان سوترىلار:
1. «مانجۇ سىرىنىڭ نام بېرىش سوترىسى» ئۈچ جىلد.

«خوتەن بىكسۇنلىرى». ئاپتورى: دىھارماچىن. ئەسەر تۈرى: تام رەسىمى. بۇ مىلادىيە 534 — 550 - يىللىرى ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان داڭلىق بۇددا تەرجىمىشۇناسى، رەسسامى دىھارماچىننىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئوبرازلىق تەپەككۇرغا باي بۇ داڭلىق رەسسام بۇددا نوم - سوترالىرىدىكى ئەۋلىيا - ئىلاھلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش بىلەن ئەينى دەۋردە خوتەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپانلاردىلا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا (چوڭ كۆلەڭگە) مەزھىپىنى تەرغىب قىلىدىغان «ئاسوكا پادىشاھىنىڭ سۈرىتى»، «ياكانىڭ سۈرىتى» قاتارلىق 13 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كاتتا شۆھرەت قازانغان.

«نىرۋانا دۇنياسىدىكى ئىلاھ سۈرىتى». ئاپتورى: ياڭ شىدەن. ئەسەر تۈرى: تام رەسىمى. ۋېيسارا فامىلىلىك خوتەنلىك بۇ رەسسام سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى سۇلالىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى سۇي سۇلالىسى ياڭدى (مىلادىيە 605 — 618 - يىللىرى) دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىرنەچچە رەسىم توپلاملىرى، نۇسخا دەپتەرلىرى ۋە بىر قىسىم مەشھۇر تام رەسىملىرى تاڭ دەۋرىگىچە يېتىپ كەلگەن. «تەقدىر ئىلاھى سۈرىتى»، «ئادەم يۈزلۈك گۈڭگۈك سۈرىتى» قاتارلىق ساقلىنىپ قالغان بەش پارچە رەسىمى ۋەكىللىك ئەسەرلەردۇر.

«لانكاراتانىڭ ماھايانىغا كىرىش سوتراسى» — مانجۇ سىرى تاپشۇرغان خاتىرە نوملىرى. تەرجىمان: سىكسانانىدا. ئەسلىي تىلى: سانسكرىتچە. مىلادىيە 652 - يىلى خوتەندە دۇنياغا كېلىپ، خوتەن بۇددىزمىنىڭ ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھىپىگە كۈچلۈك ئەقىدە باغلىغان بۇ تەپسىرچى ۋە شەرھ ئۇستازى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇ زېتيەن (مىلادىيە 690 — 705 - يىللىرى) نىڭ تەكلىپى بىلەن لوياڭغا بېرىپ، ئۇنىڭ تەشەببۇس قىلىشى ئارقىلىق يۇقىرىقى 109

5. «نورىنىڭ پىراجىنا پارامىتاغا مەدھىيە ئوقۇش سوترىسى» ئون جىلد — دارما راكچا تەرجىمە قىلغان.

6. «ئارپادىۋا پىراجىنا پارامىتا ھەققىدىكى سوترا» يەتتە جىلد — ئۇپا سۇنا تەرجىمە قىلغان.

7. «ماخا پارى نىرۋانا سوترىسى» 28 جىلد — تەن ۋۇچىن تەرجىمە قىلغان.

8. «يۇزى كۆيگەن ئەرۋاھنى قۇتقۇزغانلىق توغرىسىدىكى سوترا» بىر جىلد.

9. «ئىپلاسلىقتىن قول ئۈزۈپ پاكلىنىش توغرىسىدىكى سوترا» بىر جىلد.

جۇمەنىياز، مەتكېرىم ئىسمايىلنىڭ «خوتەن ساك يېزىقىدىكى بۇددىزم ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى» ناملىق ماقالىسىدىن. «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 4 - سانى بىلەن 2001 - يىللىق 1 - سانىدىن ئېلىندى.

«براھماننىڭ سۈرىتى». ئاپتورى: ۋېسارا باجىنا. ئەسەر تۈرى: تام رەسىمى. بۇ مىلادىيە 6 -، 7 - ئەسىرلەردە خوتەندە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر رەسسامى. بۇددىزم دەۋرىدىكى تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ داڭلىق نامايەندىسى ۋېسارا باجىنانىڭ بىر يۈرۈش تام رەسىملىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە «چەت ئەلنىڭ خاسىيەتلىك دەرەخلىرى»، «ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش» قاتارلىق داڭلىق رەسىملىرى سۇي سۇلالىسى پادشاھى سۇي ياڭدىنىڭ تەكلىپى بىلەن، پايتەخت لوياڭ شەھىرىدىكى ئىبادەتخانا تاملىرىغا سىزىلىپ، يۇقىرى شۆھرەت تاپقان.

«مائىترى بۇت سۈرىتى». ئاپتورى: ۋېسارا ئىراساتكا. ئەسەر تۈرى: تام رەسىمى. بۇ تەخمىنەن مىلادىيە 610 - يىللاردا خوتەندە تۇغۇلغان، داڭلىق ئۇستاز رەسسام ۋېسارا باجىنانىڭ ئوغلى — تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەندە كاتتا شۆھرەت تاپقان ۋېسارا ئىراساتكانىڭ «ئويما - قاپارتما» ئۇسۇلى بىلەن سىزغان ئەسىرى بولۇپ، «لاكشمى سۈرىتى»، «ئارخات ھۆزۈرىدىكى خان سۈرىتى» قاتارلىق 12 پارچىدىن ئارتۇق سىزمىلىرى بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

ئېلىنىدۇ. مىلادىيە 630 - يىلى ئىجاد قىلغان «خانلىق ئوردىدىكى 18 ئەمەلدار»، «تاڭ تەيزۇڭنىڭ مەيدە مېڭىشى» قاتارلىق تام رەسىملىرى ئۇنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدۇر.

**[قوشۇمچە] خوتەن رايونى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن ئومۇمىي ئۇچۇر**

**1. كارۇشتى يېزىقى**

كارۇشتى يېزىقى (Kharosthi) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھار رايونىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ خىل يېزىق فىنىك يېزىقى (Pink) نىڭ شەرقىي تارمىقى — ئارامى (Arami) يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يېزىق. «كارۇشتى» دېگەن سۆز براھمى تىلىدىكى «كارا» (Khara - ئېشەك)، «ئوشتا» (Ostha - كالپۇك) دېگەن مەنىيى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا كېلىدىغان «ئى» (I) نى قوشۇش بىلەن ھاسىل قىلىنغان بىرىكمە سۆزدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى «ئېشەك كالپۇكى» دېگەن بولىدۇ.

كارۇشتى ئەسلىدە قەدىمكى ھىندىستان ئەپسانىلىرىدە رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى بولۇپ، كارۇشتى يېزىقى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

قەدىمكى قەندىھارلىقلار ئۆز يېرىنىڭ تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئىلگىرى بار بولغان براھمى يېزىقى (Brahmi) نىڭ ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ بەش سوزۇق تاۋۇش، 30 غا يېقىن ئۈزۈك تاۋۇشتىن تەركىب تاپقان يېڭى يېزىق سىستېمىسىنى ئىجاد قىلغان. ئارامى يېزىقىنىڭ بۇ يېڭى تارماق سىستېمىسى كېيىنكى چاغلاردا «كارۇشتى يېزىقى» دەپ ئاتالغان يېزىقتۇر. كارۇشتى يېزىقىنىڭ قۇرۇلمىسى گەرچە براھمى يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە بىر - بىرىگە ئايلىنىش مۇناسىۋىتى يوق. كارۇشتى يېزىقى بوغۇملۇق يېزىق بولۇپ، يېزىقنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ئارامى يېزىقىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. ئۇ ئوڭدىن سولغا قارىتا توغرىسىغا يېزىلىدۇ. بۇ ئىككى خىل يېزىقنىڭ بىرمۇنچە ھەرپلىرى ھەتتا بەزى سۆزلۈكلىرىمۇ ئىنتايىن ئوخشىشىپ

قىسىم، 107 جىلدلىق بۇددا كالامىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئىزاھلىق شەرھ يازغان. ئۇنىڭ يەنە فازاڭ قاتارلىقلار بىلەن مىلادىيە 699 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان بۇددا نومىمۇ 80 جىلددىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ تەرجىمانلىق ساھەسىدىكى ئەمگەكلىرىمۇ ئالاھىدە خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ چاڭئەندە خوتەن ئۇسلۇبى بويىچە سىزغان «ئون ئىككى ئىلاھ»، «كۆسەن نەغمە-چىلىرى»، «خوتەن راھىبلىرى» قاتارلىق سەككىز پارچە رەسىم ئەسىرى مەشھۇر.

«نوقۇل تونۇش ھەققىدىكى بايانلار خاتىرىسى». ئاپتورى: ۋېيسارا كۆيجى. تۈرى: بۇددا دىنى تەرىقىتى. مىلادىيە 598 - يىلى ئۇدۇن خان جەمەتى ۋېيسارا جىزۇڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، مىلادىيە 615 - يىلى بىر تۈركۈم خوتەن رەسساملىرى بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن بۇ داڭلىق رەسسام ۋە تەرجىمىشۇناس ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى كىتابىنى 28 يېشىدا چاڭئەندىكى دائېنى (ئۇلۇغ مېھىر - شەپقەت) ئىبادەتخانىسىنىڭ باش راھىبى شۈەن جۇاڭنىڭ دەۋىتى بىلەن يازغان بولۇپ، دۇنياقاراش ھەققىدىكى 20 جىلدلىق بۇ بۇددا كىتابىدا، ھىنايانا (كىچىك كۆلەڭگە) مەزھىپى بىلەن باشقا ئېقىمدىكىلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، فاشاڭزۇڭ مەزھىپىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەزەرىيىۋى ئاساس سالغان.

ئۇنىڭ يەنە «مۆرەككەپ توپلام نەزەرىيىسى ھەققىدىكى بايانىنامە خاتىرىسى»، «سەۋەب - نەتىجە بىلەن ھەقىقەتكە قايتىش توغرىسىدا بايان»، «سىرلىق نىلۇپەر سوتراسىغا مەدھىيە» قاتارلىق بۇددا دىنىنىڭ سەۋەب - نەتىجە ھەققىدىكى 14 قىسىملىق كىتابى بار. ئۇ يازغان يۇقىرىقى كىتابلارنىڭ ئومۇمىي نامى «يۈز قىسىملىق بايانىنامە ئاساسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن يەنە «بەس - مۇنازىرىنىڭ چېكى توغرىسىدا»، «تەڭداشسىز قانۇنىنىڭ چەك - چېگرىسى ھەققىدە» قاتارلىق سانسكرىت تىلىدىكى بۇددا كىتابلىرىنىڭ ئۇ بىۋاستە ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىق شەرھىسى ئالاھىدە تىلغا

(G • Buhler) ، فىرانسىيىلىك س. سېنارت (S • Senart) ۋە نورۋېگىيىلىك س. كونوۋ (S • Konow) قاتارلىق تىلشۇناسلار داۋاملىق ئىشلىگەن.

كارۇشتى يېزىقىنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسى ئىچىدىكى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئارىيان تىلىغا مەنسۇپ بولغان شېۋىدۇر. بۇ يېزىقنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى ۋە تىلىنىڭ ھىندىستاندىكى باشقا ئاممىباب تىللارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ. ۋ. بايلېي (H • W • Bailey) بۇ يېزىقنىڭ تىلىنى «قەندىھار تىلى» (Gandhari) دەپ ئاتاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

كارۇشتى يېزىقى ۋە قەندىھار تىلىنىڭ يىپەك يولىدا تارقىلىشىدا، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستاندا كوشان خانلىقىنى قۇرغان چوڭ توخرىلار (چوڭ توخرىلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرلەردە ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە كرورانىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىدە ياشايتتى، كېيىن ھونلار تەرىپىدىن غەربكە قوغلىۋېتىلگەن) ئاساسلىق رول ئوينىغان. كوشان خانلىقى قەندىھار تىلى ۋە كارۇشتى يېزىقىنى ھۆكۈمەت تىل - يېزىقى قىلغان. خانلىقنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ قەندىھاردىكى ۋە كارۇشتى يېزىقى چوڭ توخرىلار تەرىپىدىن شەرقتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ تىل يىپەك يولىدىكى خەلقئارا ئالاقە تىلىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. كارۇشتى يېزىقى ۋە قەندىھار تىلى تارىم ۋادىسىدىكى پىشامشان (Pskamshan) ، نىيا (چادوتا - Cadoto) ، ئۇدۇن (Khotan) قاتارلىق خانلىقلارغا تارقالغان. تارىم ۋادىسىدىكى قەندىھار تىلىنىڭ بۇ تارماقلىرىنى ئېلىمىز تىلشۇناسلىرىدىن جى شيەنلىن ( 季羡林 ) ، لىن مېيسۇن ( 林梅村 ) قاتارلىقلار «نىيا ئاۋام تىلى» ، «پىشامشان ئاۋام تىلى» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاشنى تەشەببۇس قىلماقتا.

مىلادىيە 1 - ئەسىرگە كەلگەندە كارۇشتى يېزىقى ھىندىستان

كېتىدۇ.

كارۇشتى يېزىقى يىپەك يولىدىكى سودا ئىشلىرىدا ۋە بۇددا دىنىدا قوللىنىلغان يېزىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ناھايىتى كەڭ تارقالغان. يەنە ھازىرقى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى، پاكىستان، ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالى، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان دۆلەتلىرىدىن تارتىپ تاكى ئېلىمىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى لوپنۇر كۆلىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە، دۇنخۇاڭ، لوياڭ قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلىرىگىچە تارقالغان.

ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، كارۇشتى يېزىقى ئەڭ بۇرۇن ھىندىستاندىكى مائورا خانىدانلىقىنىڭ خانى ئاسوكا قەندىھارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە تاغ باغرىدىكى قىيا تاشقا ئويۇپ ئېلان قىلغان قانۇن - پەرمانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ئەڭ كېيىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پىشامشان خانلىقىنىڭ (مىلادىيە 2 - ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە) خانى ۋاسمانا (Vasmana) دەۋرىدىكى تارشا پۈتۈكلەردە كۆرۈلىدۇ.

كارۇشتى يېزىقى مىلادىيە 4 - ئەسىردىن كېيىن ئاستا - ئاستا «ئۆلگەن يېزىق» (ئىشلىتىشتىن توختىغان) قا ئايلىنىپ قالغان. كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ 1500 يىل ئۆتكەندىن كېيىن چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيە، ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق قايتىدىن بۇ خىل يېزىق بىلەن ئۇچراشقان.

كارۇشتى يېزىقىنىڭ ئوقۇپ يېشىلىشىدىكى تۆھپە ياۋروپالىق بىر نەچچە تىلشۇناس، ئالىملارغا مەنسۇپ. ئۇلار چ. ماسسون (Ch • Masson)، ج. پرىنسىپ (J • Prinsip)، چ. لاسسېن (Ch • Lassen)، ئې. نورىس (E • neris)، ئا. كونىڭھام (A • Cinigham) لاردۇر. بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى ج. پرىنسىپ (J • Prinsip) نىڭ تەتقىقاتىدۇر. ئۇ ئەڭ ئاۋۋال بىر پارچە ئاسوكاخان قانۇنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوقۇپ يېشىپ، ئاسوكا ئابىدىلىرىنىڭ تىلىنى، يېزىقىنى تەتقىق قىلىشقا ئاساس سالغان. كېيىنكى خىزمەتلەرنى گېرمانىيىلىك گ. بۇخلېر

شىزالىق ۋە شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1892 - يىلى خوتەنگە يېتىپ كېلىپ يەرلىك ئاھالە قولىدىن تۆت دانە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇل ۋە كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دارماپادا سوترا» نىڭ باشقا ئۈچ ۋارىقىنى، شۇنىڭدەك بىرقانچە پارچە يىرتىق ۋارىقىنى سېتىۋالغان.

ئەنگلىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ ستەيىن (A • M • Stein) شىنجاڭدا ئۈچ قېتىم (1900-، 1906-، 1913 - يىللىرى) تەكشۈرۈش، قېزىش ئېلىپ بېرىپ كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، توقۇلما، قەغەز پۈتۈك، ئابىدە قاتارلىق 778 پارچە ۋەسىقىنى قولغا چۈشۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 721 دانىسى نىيا خارابىسىدىن، 48 دانىسى كروران خارابىسىدىن، ئۈچ دانىسى دۇنخۇاڭدىكى تۇر خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان. يەنە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇلدىن 187 دانىنى قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ 176 دانىسى خوتەن رايونىدىن، ئون دانىسى كۇچا ئەتراپىدىن، بىر دانىسى يەكەندىن قېزىۋېلىنغان ۋە سېتىۋېلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ستەيىن ئەنگلىيە مۇزېيىغا تاپشۇرغان.

1930 - يىلى ستەيىن تۆتىنچى قېتىم نىيا خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ 18 پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرگەن. كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالماي قايتىشىدا قۇمۇل تەرەپكە بارغان، ئۇ يەردىكى تەكشۈرۈشمۇ توسالغۇغا ئۇچراپ تەكشۈرۈپ تاپقان بارلىق بۇيۇملىرى تۇتۇپ قېلىنغان. ستەيىن پەقەت بۇيۇملارنىڭ فوتو سۈرىتىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

1900 - يىلى 3 - ئايدا شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى سۋېن ھېدىن (Sven Hedin) كروران خارابىسى رايونىدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە پۈتۈكلەرنى ۋە كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر پارچە تارشا پۈتۈك، بىرقانچە پارچە ۋاراقلارنى تاپقان.

1905 - يىلى ئامېرىكىلىق خانتىڭتون (E • Huntington) نىيا خارابىسى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، ئالتە پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تاپقان.

رايونلىرىدا يوقىلىپ، توساتتىنلا ئىلىمىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى چۆرىدەپ تۇرغان ئۇدۇن، نىران، مىران، پىشامشان، كۇسەن قاتارلىق قەدىمىي بوستانلىقلاردىكى خانلىقلاردا پەيدا بولدى. كارۇشتى يېزىقىنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا تارقىلىپ كىرىشىگە تەبىئىيكى سودا ئالاقىسى، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى ۋە كوشان خانلىقىنىڭ (چوڭ توخرىلارنىڭ) تەسىرى سەۋەب بولغان.

## 2. كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى

ئىلىمىزدە كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئەڭ ئاۋۋال ئەنگلىيىنىڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى قولغا چۈشۈرگەن. 1874 - يىلى ئەنگلىيىلىك د. فورسىت (D • Foersyt) باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان قەدىمكى زامان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئىككى دانە كارۇشتىچە - خەنزۇچە خەتلىك پۇلنى يىغىۋالغان. 1876 - يىلى فورسىت بۇ ماتېرىياللارنى ئەنگلىيىدە ئېلان قىلغان.

1883 - يىلىدىن 1901 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دىپلوماتلىرىدىن كوسدفرېي (S • H • Cosdfrey)، ماكارتنېي (G • Macartney)، تالبوت (A • C • Talbot) قاتارلىقلار كۇچا، خوتەن رايونلىرىدىكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن نۇرغۇنلىغان يۆگەلمە قوليازما ۋە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇلدىن 97 دانىدىن كۆپرەكىنى سېتىۋېلىپ، ئەنگلىيە مۇزېيىغا تاپشۇرغان.

19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى رۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ن. پېتروۋسكىي (N • Petrovsky) نۇرغۇنلىغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى سېتىۋالغان. ئۇنىڭ ئىچىدە 21 دانە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇل ۋە كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان «دارماپادا سوترا» نىڭ پارچە ۋاراقلىرى بار.

1890 - يىلى فرانسىيىلىك خەرىتىشۇناس دۇترېئىل دىرىنس (J • L • Duteruil de Rhins) بىلەن شەرقشۇناس گرېنارد (F • Grenard) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى

1980 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىدىن بىر پارچە تارشا پۈتۈك، كارۇشتى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەختنى تاپقان.

1980 - يىلى شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن نىيا خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، 20 نەچچە پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تاپقان.

1988 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدا ئۇدا توققۇز قېتىم تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ 50 نەچچە پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تاپقان.

1991 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى نىيا خارابىسىدا ئۇدا توققۇز قېتىم تەكشۈرۈش-قېزىش ئېلىپ بېرىپ 50 نەچچە پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تاپقان.

1997 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مۇزېي، نىيا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى نىيا خارابىسى، شايانتاق شەھەر خارابىسى ۋە يادىكارلىق ئوغرىلىرى قولىدىن بەش پارچە تارشا پۈتۈك، بىر پارچە كېسەككە يېزىلغان پۈتۈك، بىر پارچە قەغەز پۈتۈك يىغىۋالغان.

### 3. ۋەسىقىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى

هازىر ئەنگلىيە، فرانسىيە، رۇسىيە، شۋېتسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئېلىمىز زېمىنىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار خەلقئارا ئىلىم مۇنبەرلىرىدە ئالماشتۇرۇلماقتا ۋە كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنماقتا. تۆۋەندە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىقات ئەھۋالى، نەشر قىلىنغان كىتابلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

(1) «ستەيىن جۇڭگو شىنجاڭدىن تاپقان كارۇشتى پۈتۈكلىرى

1906 - يىلى 6 - ئايدا فرانسىيىلىك پېلىئوت (P • Pelliot) باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تەكشۈرۈش ئەترىتى كوچانىڭ سۇ بېشى، دۇلدۇل ئوقۇر بۇددا ئىبادەتخانا خارابىلىرىدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ، بىر قىسىم كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەن.

1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە ياپونىيىنىڭ داگو گۇاڭرۇي تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ 11 دانە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇل ۋە نۇرغۇن كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن.

1902 - يىلىدىن 1914 - يىلىغىچە گېرمانىيىلىك كرۈنۋېدېل (A • Crunwedel) ۋە لىكوك (A • V • Lecogq) باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭدا تۆت قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك، بىر دانە كارۇشتى يېزىقىدىكى ئابىدىنى ئېلىپ كەتكەن.

1928 - 1929 - يىللىرى ئېلىمىز ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى شىنجاڭ رايونىدا تەكشۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ خوتەن ئاقسېپىل خارابىسىدىن بىر دانە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇل تېپىۋالغان.

1928 - يىلى شۋېتسىيە ۋە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى ئارخېئولوگ بېرگمان (F • Bergman) كروران خارابىسىدىن كارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان بىر پارچە يىپەك توقۇلمىنى تېپىۋالغان.

ئازادلىقتىن كېيىن ئېلىمىز ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىش پائالىيەتلىرىنىڭ سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ يېڭىدىن بىر قىسىم كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر تېپىلدى.

1959 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا 66 پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنى تاپقان.

1970 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇملۇقنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتىنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى جايلاردىن 40 نەچچە پارچە تارشا پۈتۈكى تاپقان.

(3) «جۇڭگو شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىنىڭ گرامماتىكىسى»، 1937 - يىلى ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى.

(The Language Of the Kharosthi Documents Chinese Turkestan, Cambridge, 1837)

بۇ كىتابنى ئەنگلىيىلىك براھمىشۇناس بۇرروۋ (T.Burrow) يازغان. بۇ كىتاب كارۇشتى يېزىقىنىڭ ھازىرقى زامان تىلىغا ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى يېشىشتە مۇھىم قورال كىتاب شۇنداقلا جۇڭگو شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىنىڭ گرامماتىكا قانۇنىيەتلىرى تولۇق كۆرسىتىلىپ بېرىلگەن بىرىنچى قول كىتاب.

(4) «جۇڭگو شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى» ئەنگلىيە خانلىق ئاسىيا تەتقىقات ئورنى 1940 - يىل نەشرى.

(A Ttandlation of The Kharosthi Documents From Chinese Turkestan, the Royal Asiatic Society, 1940.)

بۇ كىتابنىمۇ ئەنگلىيىلىك براھمىشۇناس بۇرروۋ (T • Burrow) يازغان. بۇ كىتابتا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ يېشىش، تەرجىمە قىلىش ۋە بىر قىسىم ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى يېشىپ ئوقۇشتا چوڭ رول ئوينايدىغان ئابرۇيلۇق كىتابلارنىڭ بىرى.

(5) «قەندىھار تىلىدىكى ‹دارماپادا سوترا›»، لوندون مەدەنىيەت توپلىمى 7 - سان، 1962 - يىل ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى.

(The Gandhari Dharmapada, London Oriental Series, Vol. 7, OxFord University Press, 1962)

ئەنگلىيىلىك ج. بروئۇگ (J • Brough) رۇسىيىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان «دارماپادا سوترا» نىڭ پارچە ۋاراقلىرىنى ۋە فرانسىيە

توپلىمىنىڭ سىپلىشتۇرۇپ بېكىتىلىشى» ، ئۈچ توم. 1920 - ، 1927 - ، 1929 - يىللىرى ئەنگلىيە ئوكسفورد نەشرى.

Kharosthi Inscriptions Discovered By SIR Aurel Stein in)
(Chinese Turkestan, Oxford, 1920; 1927; 1929

ياۋروپالىق ئا. م. بويېر (A • M • Boyer) ، ئې. ج. راپسون (E • J • Rapson) ، ئې. سېنارت (E • Senart) ۋە پ. س. نوبلې (P • S • Noble) قاتارلىق تىلشۇناسلار ئارخېئولوگ ستەيىن تاپقان كارۇشتىچە ۋەسىقىلەر ئۈستىدە 30 يىلغا يېقىن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ھەم 1920 - يىلى ئەنگلىيىلىك راپسون (E • J • Rapson) ئارخېئولوگ ستەيىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن ئېلىپ كەلگەن بارلىق ۋەسىقىلەرنىڭ نومۇرىنى ئۆدۈللاش، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش، ئوقۇپ مەنىسىنى يېشىش ئارقىلىق ئىلگىرىكى ئىككى توپلامغا كىرگۈزەلمىگەن يېڭىدىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنى ۋە ئامېرىكىلىق خانتىڭتون (E • Huntington) نىيا خارابىسىدىن تاپقان، ئەنگلىيىلىك ئالىم توماس (E • W • Thomas) يېشىپ ئوقۇغان ئالتە پارچە ۋەسىقىنى كىرگۈزۈپ توپلاش ئارقىلىق، يۇقىرىقى كىتابنىڭ 3 - تومىنى 1929 - يىلى نەشر قىلدۇرغان.

يۇقىرىقى ئۈچ توپلامغا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان 764 پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكنىڭ ئوقۇلۇشى، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى، فوتو سۈرىتى بېرىلگەن.

(2) «نىيادىن يېڭىدىن تېپىلغان كارۇشتى پۈتۈكلىرى» .

(Further Kharosthi Documents Niya, BSOAS. IX, 1937.)

بۇ توپلامدا ستەيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆتىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نىيا خارابىسىدىن تاپقان 18 پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقە كىرگۈزۈلگەن. ئەنگلىيىلىك براھمىشۇناس بۇرروۋ (T • Burrow) تارشا پۈتۈكلەرنىڭ فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن (ئەسلى تارشا پۈتۈكنى يەرلىك ھۆكۈمەت ستەيىندىن قايتۇرۇۋالغان) ئوقۇپ يېشىپ 1937 - يىلى ئەنگلىيە «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق - ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نىڭ 9 - ساندا ئېلان قىلغان.

( 尼雅考古资料 ) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. بۇ توپلامغا 650 كە يېقىن كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى كىرگۈزۈلگەن.

(8) «قۇم دېڭىزدىكى قەدىمىي كىتابلار (جۇڭگودىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى كىتابلار)» (دەسلەپكى توپلىمى) بېيجىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىق نەشرىياتى 1998 - يىل نەشرى.

«沙海古卷—中国所出去卢文书初集»

بۇ كىتابنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى لىن مېيسۈن ئەپەندى چەت ئەللەردە ئېلان قىلىنغان ماتېرىيال ئاساسىدا ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى قايتىدىن سېلىشتۇرۇش، ئوقۇش، خاتا ئىزاھاتلارنى تۈزىتىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان. بۇ كىتابقا كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى، ئوقۇپ يېزىلىشى، كارۇشتى يېزىقىنىڭ يېزىق، تىل سىستېمىسى، ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ۋە ئېلىمىز رايونلىرىغا تارقىلىشى، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. يەنە 775 پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىنىڭ ئوقۇلۇشى (ترانسكرىپسىيىسى)، خەنزۇچە تەرجىمىسى بېرىلگەن.

(9) «جۇڭگو شىنجاڭ كارۇشتى يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى»

(The Kharosthi Alphabet of Chinese Turkestan.)

بۇ ئېلىپبە جەدۋىلىنى ئەنگلىيىلىك راپسون (E・J・Rapson) تۈزگەن. ئۇنىڭدا كارۇشتى يېزىقىدىكى سوزۇق، ئۈزۈك، بىرىكمە تاۋۇش بەلگىلىرى ۋە ساناق سان بەلگىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 266 ھەرپ - بەلگە جەدۋەللەشتۈرۈلگەن. بۇ جەدۋەل «ستەيىن جۇڭگو شىنجاڭدىن تاپقان كارۇشتى پۈتۈكلىرى توپلىمىنىڭ سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلىشى» ناملىق توپلامنىڭ 3 - تومىغا كىرگۈزۈلگەن (ئەنگلىيە ئوكسفورد 1929 - يىل نەشرى). بۇ جەدۋەل يەنە ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان «قۇم دېڭىزىدىكى قەدىمىي كىتابلار»، «شىنجاڭدىكى تىل ۋە يېزىقلار» ناملىق كىتابلارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

(10) «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش

ئىنستىتۇتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دارماپادا سوترا» نىڭ پارچە ۋاراقلىرىنى (فوتو سۈرەتلىرىنى) بىر يەرگە يىغىپ ئاشۇ ماتېرىياللار ئاساسىدا «قەندىهار تىلىدىكى ‹دارماپادا سوترا›» دېگەن تولامنى تۈزۈپ چىققان. «دارماپادا سوترا» ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئائىت بىر پارچە شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، قوليازما قېيىن دەرىخى قوۋزىقىغا يېزىلغان. قوليازمىنى 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى رۇسىيە، فرانسىيىلىكلەر يەرلىك كىشىلەر قولىدىن سېتىۋالغان. بۇ شېئىرلار توپلىمىنىڭ تولۇق بولمىغان قىسمىنى يەرلىك كىشىلەر خوتەننىڭ قاراقاش دەرياسى شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان كۆهمارىم تېغىدىكى كالا مۈڭگۈزى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تاپقان.

(6) «جوڭگودىن تېپىلغان بىر پارچە كارۇشتى يېزىقىدىكى ئابىدە»

(A Kharosthi Inscription from China, BSOAS. XXIC, 1961.)

بۇ ماقالە ئەپەندى لوياڭنىڭ ئاسارئەتىقە بازىرىدىن سېتىۋالغان، كېيىن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانغان، ئۈچ پارچە بولۇپ سۇنۇپ كەتكەن بىر پارچە ياي شەكىللىك تاش ئابىدە ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بولۇپ، 1926 - يىلى فرانسىيىلىك مىسسىئونېر گېئورگېس پرووۋوست (Georges Prevost) تارتىۋالغان سۈرەتكە ئاساسەن ئەنگلىيىلىك ئالىم ج. بروئۇگ (J・Brough) تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ 1961 - يىلى «لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق - ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى» نىڭ 24 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالە.

(7) «شىنجاڭدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ تەرجىمە توپلىمى» «新疆出土去卢文残卷译文集».

بۇ كىتابنى ت. بروۋ (T.Birrov) يازغان، 1940 - يىلى ئەنگلىيە خانلىق ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشر قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىغا ئاساسەن ۋاڭ گۇاڭجى (王广智) خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. 1988 - يىل 7 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئىچكى ماتېرىيال تەرىقىسىدە تۇپلەنگەن. «نىيا ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى»

ساقلىنىۋاتقان نىيا خارابىسى، كروران خارابىسىدىن تېپىلغان 20 پارچە ۋەسىقىنىڭ ئوقۇلۇشى، خەنزۇچە - ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى بېرىلگەن.

### 4. ۋەسىقىلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى

كاروشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالغا ئاساسەن: ھەر خىل شەكىلدىكى تارشا پۈتۈكلەر، پارچە قەغەزگە، لاتىغا، تېرىگە پۈتۈلگەن پۈتۈكلەر، بېغىشلىمىلار، يادنامە ۋە خەنزۇچە - كاروشتىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇللار، ساپال كوزىلارغا، خىش - كېسەكلەرگە چۈشۈرۈلگەن بېغىشلىمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنگلىيىدە نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «ستەيىن جۇڭگو شىنجاڭدىن تاپقان كاروشتى پۈتۈكلىرى توپلىمىنىڭ سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلىشى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن 765 پارچە پۈتۈكنىڭ ماتېرىيالى، شەكلى تۆۋەندىكىچە بولغان:

(1) شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Wedge) 273 دانە
(2) تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Rectangular) 203 دانە
(3) چاسا شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Oblong) 149 دانە
(4) تاياقچە شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Stick) 20 دانە
(5) كونۋېرت شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Label) 17 دانە
(6) شىنا شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Wedge—choed) 15 دانە
(7) تاختا شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Takhti) 14 دانە
(8) تاختايچە شەكىللىك تارشا پۈتۈك (Lath) 5 دانە
(9) قەغەز ۋەسىقە (Paper) 9 ۋاراق
(10) تېرىگە يېزىلغان ۋەسىقە (Dosunent on leather) 25 پارچە
(11) يىپەككە پۈتۈلگەن ۋەسىقە (Silk) 3 پارچە
(12) باشقا پۈتۈك (Other) 31 دانە

كاروشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ سانى كۆپ، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ھەر خىل بولۇپ، 765 پارچە پۈتۈكنى مەزمۇنىغا

دوكلات ماتېرىيالى» 1 - توم، ياپونىيە كيوتو 1996 - يىل خەنزۇچە - ياپونچە نەشرى.

(The Sino—Japanese Joint Research the Niya Site)

بۇ كىتابقا ياپونىيىلىك ئىنوگوچى تائىجۇن ( 井口泰淳 ) نىڭ «كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ۋە بۇددا دىنى» ناملىق ماقالىسى، توشىتاكا خاسۇئىكې ( 莲池利隆 ) نىڭ «نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى» (1 - قىسىم) ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا كارۇشتى يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەمەلىي ئىشلىتىلگەن دەۋر، تارقالغان جايلار ۋە بۇددا دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە بىرلەشمە تەكشۈرۈشتە تېپىلغان 24 پارچە تارشا پۈتۈكنىڭ فوتو سۈرىتى، ئوقۇلۇشى، ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى كىرگۈزۈلگەن.

(11) «جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلات ماتېرىيالى» 2 - توم، ياپونىيە كيوتو 1999 - يىل 10 - ئاي خەنزۇچە - ياپونچە نەشرى (ئۈچ كىتاب)

(The Sino—Japanese Joint Research the Niya Site)

بۇ كىتابقا ياپونىيىلىك توشىتاكا خاسۇئىكې ( 莲池利隆 ) نىڭ «نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار تەتقىقاتى» (2 - قىسىم) ، «كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار بىلەن خارابىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق ماقالىسى، ئېلىمىز قەدىمكى يېزىقلار تەتقىقاتچىسى لىن مېيسۈن ( 林梅村 ) ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەرجىمىسى» ناملىق ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭغا نىيا خارابىسىدىن يېڭىدىن تېپىلغان ئون پارچە ۋەسىقىنىڭ ئوقۇلۇشى، فوتو سۈرىتى، خەنزۇچە - ياپونچە تەرجىمىسى، قىسقىچە سۆزلۈك لۇغىتى، ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلغان جايلىرى ۋە ستەيىن نىيا خارابىسىدىن تاپقان 800 كە يېقىن پۈتۈكلەرنىڭ ماتېرىيالى ھەققىدىكى تەتقىقاتى كىرگۈزۈلگەن. يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدا

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تەزكىرە - تارىخقا دائىر ئەسەرلەر

«تاھىر - زۆھرە». نەزمىي داستان، 102 بەت، قوليازما. ئاپتورى: سەييادى (14 - ئەسىر). ئاپتورنىڭ تولۇق ئىسمى، تەرجىمىھالى ۋە داستاننىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس.
مەزمۇنى: تاھىر بىلەن زۆھرەنىڭ ئىشق - مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بەدىئىي سەنئىتى يۇقىرى بولۇپ، خەلق بېيىت - قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان. نەمۇنە:

«يىراقدىن كەلگەنىم سەن يار ئۈچۈندۇر،
جەفالەر تارتغانىم دىيدار ئۈچۈندۇر.
بۇ سۆز ئېرتەكدىن قالغان مەسەلدۇر،
قوب ئەمدى ياتماغىل ۋەقتى جەدەلدۇر.

*

مەسەلدۇر ئەرتەدىن قالغان بۇ ئەخبار:
كى ئۆلگەن ئارقادىنكىم ئۆلمە زىنھار.

*

كېلەر بولسە كېلەر شامۇ ئىراقدىن،
كېتەر بولسە كېتەر قاشۇق - تەبەقدىن.
بۇ سۆزلەر ئەرتەكدىن قالغان مەسەلدۇر،
ھەر ئىشنىڭ ئاۋۋالقى سەئيى جەدەلدۇر.»

«دىۋان نەۋبەتى». ئاپتورى: ئۆمەر قارىي نەۋبەتى (تەخمىنەن 1690 — 1770 - يىللار). شېئىرلار توپلىمى. دىۋان ھىجرىيە

ئاساسەن خان يارلىقى (پەرمانى)؛ قەرز، ئېلىم - بېرىم، ھېسابات پۈتۈكلىرى؛ سالام خەت، ئالاقە پۈتۈكلىرى، بېغىشلىما، ئابىدە پۈتۈكلىرى؛ توختام - كېلىشىمنامە پۈتۈكلىرى؛ ئەدەبىي ئەسەرلەر؛ ھۆكۈمەت - مەھكىمە ھۆججىتى؛ باشقا پۈتۈكلەر ۋە خەنزۇچە - كارۇشتىچە خەتلىك پۇل قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. بۇ پۈتۈكلەردىن خان يارلىقى (مەكتۇپ - پەرمان) 286 پارچە، قەرز، ئېلىم - بېرىم ھېسابات پۈتۈكلىرى 182 پارچە، سالام خەت، ئالاقە پۈتۈكلىرى 117 پارچە، بېغىشلىما ئىككى پارچە، ئابىدە بىر پارچە، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئالتە پارچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كارۇشتى يېزىقىدىكى ئەدەبىي پارچىلاردىن «ئاۋادانا ساتاكا»، «پراتىموكسا»، «ئۇدانا ۋارگا»، «ۋىنايا پىتاكا»، «ئاراپاجانا»، «روماپاجانا» قاتارلىقلار ۋە «دارماپادا سوترا» غا ئوخشاش بۇددىزم شېئىرلار توپلىمى بار. يەنە ئاسترونومىيىگە ئائىت پۈتۈك (565)، ئورمان قانۇنى (482) پۈتۈكلىرى، ئاتەش دىنىغا ئائىت پۈتۈكلەر (686)، (685) ۋە براھمى دىنىغا ئائىت پۈتۈك (554) قاتارلىقلار بار. بېغىشلىمىلاردىن مىرەن بۇددا ئىبادەتخانا تېمىغا سىزىلغان ئىككى بېغىشلىما بار. يەنە لوياڭدىكى مەلۇم ئىبادەتخانا خارابىسىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى بىر ئابىدە بار. كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە ھەممىسى قەندىھار تىلىنى (ياكى نىيا ئاۋام تىلىنى) ئىپادىلەشتىن سىرت خوتەن ساك تىلىنى (661) ۋە سانسكرىت تىلىنى (551) ئىپادىلىگەن ۋەسىقىلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ھازىرغىچە خوتەن ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان كارۇشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار 1200 پارچىدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردە ساقلىنىپ، تەتقىق قىلىنىپ، كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. ئاز بىر قىسمى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مۇزېي، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ساقلانماقتا.

جۇمەنىياز تۇرسۇن

ئىجادىي پائالىيىتى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ نەۋبەتى: «دىۋان نەۋبەتى». خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1988 - يىل 1000 تىراژدا بېسىلغان كىتاب. بۇ توپلام شائىر نەۋبەتىنىڭ 1747 - يىلى ئۆز قەلىمى ئارقىلىق توپلەنگەن قولىيازما دىۋانىغا ئاساسەن تەييارلانغان، ئۇنىڭدا 108 پارچە غەزەل، ئۈچ پارچە مۇخەممەس، 30 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي بار.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «نەۋبەتى شېئىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 3 - سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 - يىل باسمىسى.

♣ م. ئابدۇراخمان، ئا. مەتسىدىق تەييارلىغان: «نەۋبەتى غەزەللىرى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانى.

♣ مۇھەممەتتوختى ئەھمەد: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت يولى». «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993 - يىللىق 1 - سانى.

♣ تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت: «نەۋبەتى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «شائىر نەۋبەتى ئىجادىيىتى». «گۆھەر زېمىن ــ خوتەن» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالە، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «نەۋبەتى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا

1160 - يىلى (مىلادىيە 1747 - يىلى) شائىر 57 ياشقا كىرگەندە تەسنىف قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ تولۇقسىز قولىيازمىسى 108 غەزەل، ئۈچ مۇخەممەس، 31 پارچە رۇبائىيدىن تەشكىل تاپقان. فورماتى 21×16cm، 88 بەت، چاغاتايچە قولىيازما.

مەزمۇنى: ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىشق - مۇھەببەت، مۇراجىئەت، رېئال دۇنيا گۈزەللىكى، ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، پەند - نەسىھەت شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ تېمىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە يۇقىرى، تىل جەھەتتىن يەڭگىللىك ھەم پاساھەتلىككە ئىگە.

[قوشۇمچە] نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتى، شېئىرلىرى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ «نەۋبەتى غەزەللىرى». ئەرشىدىن تاتلىق نەشرگە تەييارلىغان، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1957 - يىللىق 1 - سانى.

♣ «نەۋبەتى شېئىرلىرىدىن». «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانى.

♣ نەۋبەتى: «دىۋان نەۋبەتى». قۇربان بارات، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانى.

مەزمۇنى: ئەسەردە 93 نەپەر ئەۋلىيانىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بايان قىلىنغان.

«داستانى ئىمامىي جەئفەرى سادىق». ئاپتورى: موللا قۇربان. تارىخىي داستان. ئەسەر مىلادىيە 1870 — 1871 - يىللىرى يېزىلغان.

مەزمۇنى: ئىسلامىيەت تارىخىدىكى بەزى رىۋايەتلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاساس قىلىنىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۆتىنچى قاتلام نەۋرىسى، ئىسلام تارىخىدا تۆتىنچى ئىمام دەپ ئاتالغان ئىمامىي جەئفەرى سادىقنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرىگە بېغىشلانغان مەزكۇر يىرىك داستاندا ئىمامىي جەئفەرى سادىق ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ خوتەن ۋە ئۇچتۇرپان رايونلىرىدىكى پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ خوتەن ۋادىلىرىدىكى قانلىق جەڭلىرى، خوتەن پادشاھى توققۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ قىزى ئالىپ خاتۇن، توققۇز خاقانىنىڭ پالۋانلىرىدىن سەلسەبىل، قەھرىمانى تۈرك، بەرزۇيى تۈرك، ياغمان تۈرك، ئەسلەم تۈرك، مەئدەن تۈرك، ئەمئەن تۈرك قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. گەرچە خوتەن ۋە ئۇچتۇرپان رايونىدا ئىسلام تارقىتىش ئۈچۈن بولغان جەڭلەر ئىمامىي جەئفەرى سادىق

كىتاب تۈرى: تارىخ - ئەدەبىيات. ھىجرىيە 1234 - يىلى (مىلادىيە 1814 - يىلى) يېزىلغان بۇ قولىيازما توپلامدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادىدىن تارالغان خوجىلارنىڭ نەسەبنامىسى ۋە ئۇلارنىڭ كەچمىش — كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردىن ئاپتورنىڭ تارىخچى بولۇپلا قالماستىن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئادالەتپەرۋەر شائىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«مەرسىيە غېرىبى». ئاپتورى: غېرىبى (ھىجرىيە 1111 - يىلى، مىلادىيە 1699 — 1700 — ؟). نەزمىي توپلام. كىتاب دىۋان تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما باش - ئاخىرى يوقىلىپ، پەقەت 50 غەزەل، مەسنەۋى شەكىللىك بىر داستان، بىر مەرسىيە، بىر مۇخەممەسنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان 21 ۋاراقلا قالغاچقا، شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ۋە بۇ دىۋاننى قاچان تەسنىف قىلغانلىقىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭدىكى مەرسىيىگە ئاساسەن كىمدۇر بىرى تەرىپىدىن بۇ كىتابچىغا «مەرسىيە غېرىبى» دەپ يېزىپ قويۇلغىنى ئۈچۈن، دىۋاننىڭ نامى شۇ بويىچە ئاتالغان.

مەزمۇنى: مەدھىيە، زامان دىشۋارچىلىقلىرىدىن نالىنىش، ھىجران - پىراق قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتە خېلى ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

«تارىخىي شاھرۇخى». ئاپتورى: موللانىياز مۇھەممەد ئۇشۇر ئوغلى خوتەنى. تارىخ ئىلمى. مۇئەللىپنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كىتاب 1855 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئۆزبېك مىللىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

«سازلار مۇنازىرىسى». ئاپتورى: ئەھمىدى. مۇنازىرە ژانىرىدىكى نەزمىي داستان. ئاپتورنىڭ ئەسلىي ئىسمى، تەرجىمىھالى ۋە بۇ ئەسەرنى قاچان يازغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

مەزمۇنى: داستاندا ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن تەمبۇر، ئود، چاڭ، قوۋۇز، راۋاب ... قاتارلىقلارنى مۇنازىرىگە سېلىش ۋاسىتىسى

♣ مولـلا قـۇربـان: «مـۇخـەمـمـەسـلـەر». مەھەممەتتۇردى مـىـرزىـئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان «باياز» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئـەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1996 - يىل باسمىسى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تـارىـخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ موللا قۇربان: «ئىمامىي جەئفەرى سادىق». مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سانى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان: «ئىجادىيەت ئاسمىنىدا چاقناپ ئۆتكەن چـولـپانلار — موللا قۇربان»، «دۇنيادا بـىـرلا خـوتـەن بار — ئـەدەبـىيات - سەنئەت» (187 — 189 - بەتلەر) ناملىق كىتابقا كـىـرگۈزۈلـگـەن، شـىـنـجاڭ خەلـق نەشرىـياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«تـۆھـفـەتۇلئۇششاق سانى» ئاپتورى: موللا توختى غېرىبى. شېئىرلار توپلىمى. قولىيازما (1 -. نۇسخا)، 164 بەت. مەزمۇنى: ئىشق - سەرگۈزەشت، ھەسرەت - نادامەت، نەسىھەت قاتارلىق ئىچكى - تاشقى دۇنيا پائالىيەتلىرى سۈرەتلەنگەن.

«تـۆھـفـەتـۇلـئۇشـشـاق سـانـى» (ئـاشـىـقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى). ئاپتورى: موللا توختى غېرىبى. ژانىرى: شېئىر، قـولـيازما. بۇ كىتابنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس (31 كۇپلېت) بـولـۇپ، «ھورۇفى ھىجا» (ھىجا ھەرپلىك) شەكلىدە يېزىلغان. قالغانلىرى مۇناجاد (مۇستەھزاد، مۇرەببە)، نادامەت ئۆمۈر مازى، سەرگۈزەشت، نەسىھەت، ئىشق مەجاز، مۇخەممەس نەدامەت، ھەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شېئىرلارنىڭ تىلى تاۋلانغان، مەزمۇنى تىرەن، تەنقىدىي رېئالىزملىق پۇراق بىرقەدەر قويۇق.

ياشىغان دەۋردىن نەچچە ئەسىر كېيىن يۈز بەرگەن (ئىمامىي جەئفەرى سادىق ھىجرىيە 83 ـ يىلى ، مىلادىيە 702 ـ يىلى، دىن ھىجرىيە 148 ـ يىلى ، مىلادىيە 765 — 766 ـ يىلى، غىچە مەدىنىدە ياشىغان، خوتەن ۋە ئۇچتۇرپاندىكى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرى مىلادىيە 1018 ـ يىلىدىن 1040 ـ يىللارغىچە ئارىلىقتا بولغان) بولسىمۇ، لېكىن ئاپتور بۇ تارىخىي شەخس بىلەن خوتەن، ئۇچتۇرپان ۋەقەلىرىنى بىر دەۋر، بىر ئورۇن ۋە بىر مۇھىت ئۈستىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەن. داستاندا يەنە ئىسلام ئەللىرىدە مۇئاۋىيە بىلەن ھاشىمىيلار (ئۇمەمىيە ئەۋلادلىرى بىلەن ھاشىم ئەۋلادلىرى بولغان ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارلىرى) ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ۋە بۇ جەرياندىكى قانلىق جەڭلەرمۇ قوشۇمچە بايان شەكلىدە بېرىلگەن.

«شېئىرلار». ئاپتورى: موللا قۇربان. موللا قۇرباننىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن رېئالىستىك تېمىلارغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ چىرىكلىكى، ئاچ كۆزلۈكى، مۇستەبىت، زالىملىقى قامچىلانغان؛ ئاۋام خەلقنىڭ كۈلپەتلىك تۇرمۇشى، ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا سۈرەتلەنگەن ھەمدە جەمئىيەتتىكى تۇرلۇك ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ساتىرىك ھېسسىيات قويۇق.

[قوشۇمچە] موللا قۇربان ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتىن ئۇچۇرلار:

♣ «موللا قۇربان». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (3)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1993 ـ يىل 1 ـ ئاي نەشرى.

♣ موللا قۇربان: «مەسنەۋى ۋە مۇخەممەسلەر». مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «قۇربان». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، 1992 ـ يىل باسمىسى.

ھەجىملىك ئەسەردۇر.

پۈتۈن كىتاب 42 «كىتاب» (بۆلۈم) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 1 - بۆلۈمدىن 4 - بۆلۈمگىچە ۋە ئەڭ ئاخىرقى 42 - بۆلۈمدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم (جەمئىي 180 بەت) تاھارەت، ناماز، روزا، زاكات، ھەج قىلىش قائىدىلىرى قاتارلىق دىنىي پەرھىز مىزانلىرىغا بېغىشلانغان. 5 - بۆلۈمدىن 41 - بۆلۈمگىچە نىكاھ، ھەق - تەلەپ، مىراسخورلۇق، يەر - ئورمان، ئۆي - جاي... غا ئىگىدارچىلىق قىلىش (ئىگىدارلىق ھوقۇقى قانۇنى)، جىنايى ئىشلار (قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، زىناخورلۇق، ھاراقكەشلىك، باشقىلارنىڭ جىسمانىي ۋە مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش) نى قانداق بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپلىرى؛ شۇنىڭدەك دەۋا قىلىش، دەۋادا گۇۋاھلىق بېرىش، ئىقرار قىلىش، مۇرەسسە قىلىش، جازالاش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت ئىنتايىن كەڭ بولغان بىر يۈرۈش قائىدە - نىزام ۋە خاس پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. «جامىئۇل پەتىۋا» دىن ئىبارەت بۇ دەستۇر مەزمۇن جەھەتتە كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان (سىستېمىلاشتۇرۇلغان) بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان قانۇن دەستۇرلىرى توپلاملاشتۇرۇلۇپ (ئوخشاشلىرىنى بىر سىستېمىغا يۇغۇرۇپ) بىر پۈتۈن دەستۇر شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن.

توپلامدىكى ھەربىر بەلگىلىمە (ياكى بەلگىلىمە ماددىلىرى) نىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر دەستۇر ئەينى زاماندىكى ئىسلام شەرىئىتى (مەھكىمە شەرئى) دە قوللىنىپ كېلىنگەن «بەرجەندى»، «فۇسۇلى»، «ھىدايە»، «خەزىنە»، «كەبىرى»، «قازىخان»، «جەۋاھىرول پەتىۋا»، «مۇختەسەرۋەقايە»، «ھىدايىتۇل مۇفتەئىن» ... قاتارلىق 25 تىن ئارتۇق قوللانمىنىڭ ھەرقايسى قانۇن تۈرلىرىگە ئائىت مەزمۇنلىرىنى تۈر بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئوخشاشلىرىنى يىغىپ، نامۇۋاپىقلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ ئۇنىۋېرسال دەستۇر شەكلىگە كىرگۈزۈلگەن. ئۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر تۈردىكى ئوخشاشمىغان

[قوشۇمچە] توختى غېرىبى (موللا توختى غېرىبى، توختى خاكسار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەسەرلىرىنىڭ قايتا ئېلان قىلىنىشى ۋە ئىجادىي ھاياتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۈچۈر:

♣ «تۇھفەتۇلئۇششاق». ئاپتورى: توختى ئاخۇنۇم. مۇھەممەتئىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىل ئومۇمىي 20 ـ سانى.

♣ مەتقاسىم ئەكرەم: «غېرىب شائىر — توختاخۇن غېرىبى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانى.

♣ «توختاخۇنۇم شېئىرلىرى». تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسەيىن نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1994 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

♣ «توختى ئاخۇن غېرىبى شېئىرلىرىدىن». ساھىبجامال نەشرگە تەييارلىغان. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 5 ـ سانى.

♣ «توختى ئاخۇن غېرىبى شېئىرلىرىدىن». مۇھەممەد چاۋار، مۇھەممەد ئېلى نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 2 ـ سانى.

«جامىئۇل پەتىۋا» (ئىسلام قانۇن دەستۇرى). ئاپتورى: سوپۇرگى سانجارى (موللا سوپۇرگى بىننى موللا توختى سانجارى (ئالدىنقى كىتابىمىزدا ‹6 ـ تومدا› ئەدىبنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى 1849 — 1921 ـ يىلى دېيىلگەن. ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن يېڭى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ 1846 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1918 ـ يىلى ۋاپات بولغان — ت). بۇ پاتلاپ سىلىقلاشتۇرۇلغان خوتەن قەغىزىگە 22.5cm × 35 فورماتتا 550 بەتلىك كىتاب قىلىپ كۆچۈرۈلگەن قوليازما بولۇپ، ھىجرىيە 1324 ـ يىلى (مىلادىيە 1906 ـ، 1907 ـ يىللىرى) گۇما ناھىيە سانجار كەنتلىك سوپۇرگى سانجارى تەرىپىدىن ئەرەب تىلىدىن تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن (نەسرىي شەكىلدە) ھەم ئۆزى كۆندە مۇقاۋا ئىشلەپ مۇقاۋىلىغان زور

تەركىب تاپقان شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇ مۇتەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندە، ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى مەشھۇر بولغان سوپىستىك شائىر سوپى ئاللايارنىڭ تاجىدىن يالچىغۇلى تەرىپىدىن نەسرىي يەشمە قىلىپ ئىشلەنگەن دىنىي پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىقا ئائىت بەدىئىي ئەسەردۇر.

نەسرىي يەشمىدىن كېيىن «رىسالە ئى ئەزىزە» نامى بىلەن ئىشلەنگەن بۇ كىتابنى ھىجرىيە 1333 - يىلى (مىلادىيە 1914 -، 1915 - يىللىرى) شائىر، تەرجىمان سۇپۇرگى سانجارى «تۈركى تەھرىر قىلىپ» تاجىدىن يالچىغۇلنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۆزى يازغان «زىيائىل قۇلۇپ»، «رىسالەزىكر جەررىن» قاتارلىق ئىككى كىتاب (ماقالە) نى قوشۇپ «ئاق سۈت قەغىزى» گە 21×34cm فورماتتا 717 بەتلىك كىتاب قىلىپ، ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ (ھەربىر بېتى 15 قۇر)، ئۆزى كۆندە مۇقاۋا ئىشلەپ مۇقاۋىلىغان.

پۈتۈن كىتابنى چوڭ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى قىسمى نەزم بىلەن ئۇنىڭ نەسرىي يەشمىسى سېلىشتۇرما شەكلىدە ئىشلەنگەن. «رىسالەئى ئەزىزە» («ساباتۇل ئاجىزىن») نىڭ شېئىرلىرى قومۇش خۇشقەلەمدە خۇش خەتلەپ يېزىلغان. ھەر ئىككى بېيىت (4 مىسرا) دىن كېيىن ئۇنىڭ ئاستىغا بېيىتلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن نەسرىي يول بىلەن شەرھلىنىپ چۈشەندۈرۈلگەن ھەم لىرىك مەزمۇن بېيىتلىغان. پۈتۈن شېئىر تېكىستى 3274 مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ ھەربىر بېتى نەزم ۋە يەشمىسى بولۇپ، ئوخشاشلار 15 قۇردىن كۆچۈرۈلگەن. خەت شەكلى گۈزەل، چوڭ ھەم كۆركەم، قۇر ئارىلىقى كەڭ.

كىتابنىڭ «ساباتۇل ئاجىزىن» دىن ئىبارەت ئالدىنقى قىسمى يەنە چوڭ 28 باب (بۆلۈم) گە ئايرىلغان بولۇپ، 255 پاراگراف (كىچىك ماۋزۇ) غا بۆلۈنگەن.

«ساباتۇل ئاجىزىن» نىڭ قولىيازمىسىدىكى ئىزاھات:

(1) «بۇ كىتاب مۇستەتاب رىسالەئى ئەزىزە ـــ شەرھى ساباتىلئاجىزىننى سەنجەرى سۇپۇرگى ئاخۇند پۈتۈپ تامام قىلغان ۋە يەنە رىسالەئى زىكرى

قانۇن - نىزاملارنى سىستېمىلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ دەستۇر ئۆزى سىستېمىلاشتۇرۇپ چىققان ھەرقايسى كىتابلار (دەستۇرلار) نىڭ ئەڭ مۇۋاپىق، ئەڭ ئەمەلىي ۋە ئەڭ ئومۇمىي دەپ قارىغان ماددا - تارماقلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاشۇ بىر قاتار دەستۇرلاردىكى قايسى مەزمۇن، قايسى بەلگىلىمىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بارلىقى (مۇۋاپىقلىقى)، قايسىلىرىغا ئەمەل قىلىشقا (قوللىنىشقا) بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا سېلىشتۇرما ئاساستا ئىزاھات بېرىپ ماڭغان.

ئومۇمەن، «جامىئۇل پەتىۋا» ناملىق بۇ دەستۇر خاس بىر خىل قانۇن توغرىسىدىكى كىتاب بولماستىن، ئۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۇنىۋېرسال قانۇن دەستۇرىدۇر. ئۇنىڭدىن جىنايى ئىشلارغىمۇ، نىكاھ - ئائىلە، مىراسخورلۇق، ھەق - تەلەپ، مۇرەسسە ۋە باشقا دەۋا - دەستۇرلارغىمۇ، سودا - سېتىق، ئىجارە، گۆرۈ، ئامانەت، شىركەتچىلىك مەسىلىلىرىگىمۇ، يەر - مۈلۈك، ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھەمدە ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاققا دائىر ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشلارغىمۇ جاۋاب (بەلگىلىمە) تاپقىلى بولىدۇ.

مەزكۇر قولىيازما گويا ناھىيىسىدىكى يازغۇچى ئابدۇقادىر سادىرنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«جامىئۇل پەتىۋا» نىڭ قولىيازمىسىدىكى ئىزاھات:

(1) «بۇ كىتاب مۇستەتاب دەرۋايات مۇتەفىررقات ئەلمۇسەممابىجامىئىلغە تاۋايى ئەرەبى بەتەرجىمە زەبان تۈركى، گومە تابىئەسەنجەرىدە موللا سۈپۈركى ئاسنى فۇتۇپ ئەتمامغە يەتتى، تارىخ ھىجرەتدىن 1324 سىنەدە»

(2) «بۇ كىتاب مۇستەتاب جامىئىلفەتىۋايى مەئىمەسائىل مۇتەفىررىقات بى زەبان تۈركىنى تارىخ ھىجرەتنىڭ 1324 - يىلىدە ساھىب تەھرىر موللا سۈپۈركى سەنجەرى پۈتۈپ، دەرمەۋزۇئقاراتاغىز ھاجى ئىلھەرەمىن، زائىرىلكەئبەتىن ئىسلامھاجى ئەفەندىم ۋەلىد ئەبدۇ رەسىد ھاجىمغە تەملىك بولغان. 1324»

ساباتۇل ئاجىزىن (شېئىر ۋە ئۇنىڭ نەسرىي تەپسىرى). تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگۈچى: سۈپۈرگى سانجارى. بۇ 3274 مىسرا شېئىردىن

مۇقاۋىلانغان. كىتاب 28cm × 20 فورماتتا، خوتەن قەغىزىنى پاتلاپ (سىلىقلاشتۇرۇپ)، ھەربىر بېتىگە 19 قۇردىن قىلىپ كۆچۈرۈلگەن. كىتابىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى بۇ كىتابنىڭ تەرجىمانى، كۆچۈرگۈچىسى شائىر سوپۇرگى سانجارنىڭ كىتاب ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان تۆۋەندىكى شېئىرىي ئىزاھاتى بىلەن دەلىللەيمىز:

بۇ كىتاب چاھارتاق لەبزى نىمھان،
بەئزى ئەلفازى فارىسى پىنھان.
ئەھلى ئەزۋاقلار ئوقۇپ كۆرسە،
بەئزى لەبزى مۇغەلەت ئۇزرە.
زوق - شوق كۆڭلىدە قارار ئالماي،
بەئزى لەبزى گۇمان بىلەن بىلمەي.
چەھپا بولغان ئىكەن بۇ رەڭ تىلىدە،
مىڭ ئۇچيۈز ئون سەككىزىنچى يىلىدە.
بۇ كىتاب ساھىبى ئىدى شەھيار،
كەنت كىلىيان ئىچىرە ھاتەمدار.
ئىلتىماس ئەتتى نەقىل قىلماقغە،
سەقلى ئەلفازىنى تۈزەتمەكغە.
نەچچە كۈن مەن سوپۇركى خەت پۈتدۈم،
لەبزى مۇغەلەتىنى ئىشقال ئەتدىم.
..................
سۆزىنى توختاتتى بىھۇدە گۇنتار،
سەنجىرىدۇر سوپۇركى غۇربەتدار.

ھىجرىيە 1327 - يىلى

[قوشۇمچە] سوپۇرگى سانجارى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرى:

♣ ھېكىم مەتسىيت: «موللا سوپۇرگە سانجارى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1993 - يىل 8 - ئاپرېل سانى.

♣ سوپۇرگى سانجارى غېرىبى: «شېئىرلار». مۇھەممەد چاۋار

جەھرىنى، رىسالەئى زىيائىلقۇلۇب ـــ بۇ ئىككى كىتاب فارىسى ئەردى، تۈركى تەھرىر قىلىپ، مۇشەھرىز ۋە مۇقاۋى ۋە مەجبىدا قىلىپ فارىغ بولغان. 1333 - يىلىدە تارىخدىن 1333 سىنە»

(2) «مەن يەشائىللا سىراتىممۇستەقىم. بۇ كىتاب شەرھى ساباتىلئاجىزىن ۋە رىسالەئى زىكىر جەھر ۋە رىسالەئى زىيائىلقۇلۇب بۇ ئۈچ پارچە كىتابنى تارىخ 1333 - يىلىدە سەنجىرى سۇپۇر كىلمۇ سەممابى - غېرىبى پۈتۈپ تامام قىلغان. 1333 سىنە»

(3) مەسنەۋى: ھىلمىنىڭ غايىتى بۇ دوركى ساڭا،

بەرسەلار زەھەر، سەن شەكەر بەرگىل،
بولماغىل كەمۇ ۋە رەختتىن ھەرگىز.
ئۇرسەلار تاش ئىلە سەمەر بەرگىل،
قىلىسەلەر پارە - پارە باغرىڭنى.
كان يەگلىغ ئۇلارغا زەر بەرگىل،
راقەم، سۇپۇركى غېرىبىي سەنجەرى.

ھىجرىيە 1333 - يىلى

(4) تارىخقە 1337، ماھى مۇھەررەمنىڭ يىگىرمىسىدە ئۇشبۇ كىتابنى سەنجەرى سۇپۇركى ئاخۇن مەرھۇم ئوغلانلارى ئابدۇللاخاندىن پېقىر ئابدۇللا ئاخۇن سوداگەر ئىلى ئاخۇن ئوغلى توقسان تەڭگىگە ھەدىيە قىلدىم. ئۇشبۇ كىتابنى ھەر كىشى ئوقۇسەلار پېقىر ئاسىي ئابدۇللانىڭ ۋە ھەممە پەرزەند ۋە ھەممە ئام - دوست - يار دۇئادە فەرامۇش قىلمەسۇنلەر. نىشانە ئابدۇللا (ئىمزا)

«چاھار دەرۋىش». سۇپۇرگى سانجارى تەرجىمىسى. بۇ تۆت دەرۋىش ۋە بىر پادشاھنىڭ تىلىدىن بېرىلگەن چاتما ھېكايەتلەر (چۆچەكلەر) بولۇپ، ھەم ئۆزئارا باغلىنىشلىق، ھەم ھەربىر بۆلىكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر سۇژىتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك قىسسەدۇر.

ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1318 - يىلى تاش مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن ھىجرىيىنىڭ 1327 - يىلى سۇپۇرگى سانجارى تەرىپىدىن پارسچە سۆز - ئاتالغۇلىرى تۈركچىلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنىش بىلەن بىللە، سۇپۇرگى سانجارىنىڭ قولى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ

1992 - يىل باسمىسى.

♣ ھېكىم مۇھەممەتسىيت، ئابلەھەت ئالىم نەشرگە تەييارلىغان: «شائىر ئىسمائىل ھاجىمنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان ئەسىرى — ‹مۇھەببەتنامە›». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 6 - سانى.

♣ ئابلەھەت ئالىم: «ئاتاقلىق شائىر ئىسمائىل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە». «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «ئىسمائىل ھاجى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

♣ ئابدۇلئەھەت ئالىم نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل ھاجىمنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىدىن». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئابلەھەت ئالىم: «ئاتاقلىق شائىر ئىسمائىل ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە». «گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 - توپلىمى 1996 - يىللىق باسمىسى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «شېئىرلار». مۇھەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىللىق 2 - سانى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «ئىسمائىل ھاجى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «شېئىرلار». ئابلەھەت ئالىم، ھېكىم مەتسىيت نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 4 - سانى.

♣ ئىسمائىل ھاجى: «مەسنەۋىلەر». مەتقاسىم ئەكرەم نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 1 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «شائىر ئىسمائىل ھاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا ئىزدىنىش». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

نـەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1999 - يىللىق 1-، 2- بىرلەشمە سانى.

♣ غـېـرىـبـى سـۇپـۇرگى سانجارى: «مۇخەممەس»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىللىق 3 - سان.

«ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى». شائىرنىڭ دىۋان قىلىنغان، چاپى قىلىنغان ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، قولىيازمىلىرى يۇرتىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋە خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان. شېئىرلىرى 1000 پارچىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭ تۈرك (ئـۇيـغـۇر) تـىـلـىدىكى شېئىرلىرىنىڭ تاللانما نۇسخىلىرى توپلام قىلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشرگە بېرىلگەن.

«ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى» (ئەرەبچە) نىڭ بۇ نۇسخىسى تەخمىنەن 400 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پارس تىلى بويىچە يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ توپلىمى (قولىيازما) تەخمىنەن 500 بەت بولۇپ، بۇ ئەسەرلەرمۇ نەشرگە تەييارلانغان.

[قـوشـۇمـچـە] ئىسمائىل هاجى ئەسەرلىرىنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي ھەققىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ مۇھەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل هاجى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق 2 - سانى.

♣ مـۇھـەممەد چاۋار نەشرگە تەييارلىغان: «ئىسمائىل هاجى شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل ئومۇمىي 19 - سانى.

♣ مەتقاسىم ئەكرەم، تۇرسۇننىياز كېرەم نەشرگە تەييارلىغان: «ئـىـسمائىل هاجى شېئىرلىرى». «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 2 - سانى (ئومۇمىي 27 - سان)، 1989 - يىللىق 3 - سانى (ئومۇمىي 28 - سانى).

♣ غەيرەتجان ئوسمان: «ئىسمائىل هاجى». «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن،

خاتىرىلەنگەن.

مەزمۇنى: ئىشق - مۇھەببەت تېمىسىغا بېغىشلانغان بۇ خەلق ئېپوسىدا غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنىڭ سۆيگۈ ساداقىتى يولىدا ئاجايىپ كەچمىش - سەرگۈزەشت ۋە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ۋىسال تاپقانلىقىدەك ئەگرى - توقاي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

«شەھىدى شېئىرلىرى». ئاپتورى: مۇھەممەد روزى داموللام شەھىدى. شائىرنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇرىگىناللىقى ئىگە بولۇپ، تۇرلۇك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان.

«شەۋقى مەسئىھا — زەۋقى مەلىھا» (1-، 2-كىتاب). ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم (مۇھەممەد روزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). قولىيازما دىۋان. تىلى: ئۇيغۇرچە، پارسچە. 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئاپتور تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تۈپلەنگەن.

بۇ دىۋاندىكى شېئىرلار شائىرنىڭ ياشلىق مەزگىللىرىدىكى ئىلىم - مەرىپەتكە ئىنتىلىش، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئىنسانىي روھ بىلەن سۇغىرىلغان. ئەپسۇسكى، بۇ دىۋان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

«دىۋانى مۇھەسسە». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم. قولىيازما دىۋان. تىلى: ئەرەبچە. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئاپتور تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ئەرەب ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە دىۋان قىلىنىپ تۈپلەنگەن. بۇ دىۋانغا شائىرنىڭ 80 پارچىدىن ئارتۇق غەزىلى، سەككىز پارچە مۇخەممەس ۋە مۇسەددەسلىرى كىرگۈزۈلگەن. شاھىتلارنىڭ دېيىشىچە شائىرنىڭ خەتتاتلىق ماھارىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، دىۋاندىكى قولىيازما ئالاھىدە نەپىس يېزىلغانىكەن.

[قوشۇمچە] مەتروزى ئاخۇنۇم (شەھىدى) ئەسەرلىرىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەردىن ئۇچۇر:

♣ «باياز». ئاپتورى: مەتروزى ئاخۇنۇم ۋە باشقىلار. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش

ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2001 - يىللىق 3 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «ئىسمائىل ھاجىنىڭ ھايات پائالىيىتى». «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 9 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان، ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم: «ئىسمائىل ھاجى — ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسىدىكى بىر قىسىم نامايەندىلەر». «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«كىمىيايى سائادەت» (ئاپتورى: ئىمامىي مۇھەممەد غەززالى) نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى. دىن ۋە پەلسەپىگە ئائىت ئەسەر. تەرجىمە ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا (1884 — 1957). «كىمىيايى سائادەت» ناملىق كىتاب ئەسلىي پارس تىل - يېزىقىدا بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەزىز شاھبەگنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئىسلام پەلسەپىسى بايان قىلىنىدۇ.

«مەناقىبى غەۋسىيە». تەرجىمە ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا (1884 — 1957). تەرىقەتچىلىك خاھىشىدىكى بىئوگرافىك ئەسەر. قولىيازما، ئۇيغۇرچە.

مەزمۇنى: ئەھمەد ئابادلىق مۇھەممەدسادىق سەئىدى تەرىپىدىن ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا «غەۋسلئەزەم» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان تەرىقەت پىرى ئابدۇقادىر جىلانى (ھىجرىيە 491 — 561 - يىللىرى) غا ئاتاپ پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئابدۇقادىر جىلانى («كىلانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تەرجىمىھالى، پائالىيەتلىرى، «كارامەت» لىرى ئەپسانىۋى تۈستە بايان قىلىنغان.

«غېرىب - سەنەم». قەلەمگە ئالغۇچى: مۇھەممەد يۈسۈپ خوتەنى. نەسر، نەزم ئارىلاش داستان. ھىجرىيە 1343 - يىلى (مىلادىيە 1924 — 1925 - يىللىرى) قەلەمگە ئېلىنىپ

«دىۋان قارىي». ئاپتورى: موللا مەھمۇد قارىي بىننى موللا مۇھەممەد شەمشىددىن (تەخمىنەن 1862 — 1910 - يىللار). شېئىرلار توپلىمى. تۆت پارچە ھەمدۇسەنا ۋە نەئىت، 59 مۇخەممەس، 208 پارچە غەزەل بولۇپ جەمئىي 7600 مىسرا شېئىردىن تەشكىل تاپقان بۇ دىۋان موللا مىرمەخدۇم شاھ يۇنۇس ئوغلى دېگەن كىشىنىڭ خىراجىتى بىلەن ھىجرىيە 1330 - يىلى (مىلادىيە 1912 - يىلى) تاشكەنت غۇلام ئەل ھۆسنى مەتبەسىدە چاپى قىلىنغان. «دىۋان قارىي» نىڭ ئەسلىسى قولىيازما بولۇپ، فورماتى 14cm×17، 116 بەت، چاغاتايچە ئىدى. بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، دىۋان قىلىنغان تۇنجى نۇسخا بولۇشى مۇمكىن.

«دىۋان قارىي» نىڭ يەنە بىر چاپى نۇسخىسى شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىخلاسمەنلىرىنىڭ بىرى بولغان شائىر مىسكىن (موللا قوشاق تاشكەندى) تەرىپىدىن 1911 - يىلى تاشكەنت ئاسىيا مەتبەئەخانىسىدا نەشر ئېتىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ چاپ نۇسخىلىرى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ خوتەن رايونىدا ساقلىنىشى، دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ ياش شائىرلارنى يېتەكلەش، ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىنىڭ زور بولۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دادا - بالا قارىيلارنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا خېلى ئاساسلىق پاكىتلارنىڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن، قۇتقۇزۇش ۋە ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ دىۋان خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بويىچە ئىچكى نومۇر بىلەن سۈپەتلىك قىلىپ بېسىلغان. ھەجمى 500 بەت.

مەزمۇنى: مۇتلەق كۆپ قىسمى ساپ ۋە ئەركىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، ئادىمىيلىك ئەخلاق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، خەيرخاھلىق قاتارلىق دىداكتىك تېمىلاردا يېزىلغان. دىۋاندا يەنە ئەينى زاماندا ئىدېئولوگىيىسىگە كۆرە دىنىي ئەقىدە تەلىماتىغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ ئۇچرايدۇ. غەزەللىرىدىن نەمۇنە:

«سەدەب كامىدە پۇتكەندەك گەھىر بارىڭغە سەللەمنا،

ئىشخانىسى 1988 - يىلى باستۇرغان توپلام. بۇنىڭدا بىر قانچە كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمىھالى بىلەن بىرگە مەترۇزى ئاخۇنۇمنىڭ «شەۋقى مەسئىھا — زەۋقى مەلىھا» دىن تاللانغان بىر قىسىم مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى بار.

♣ «شەھىدى شېئىرلىرى». ئاپتورى: مەترۇزى ئاخۇنۇم — ئەرشىدىن راشىدىن، مۇھەممەتتوختى ئابدۇباقى نەشرگە تەييارلىغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 1 - سانى.

♣ «شەھىدى شېئىرلىرىدىن». ئاپتورى: مەترۇزى ئاخۇنۇم. مەمتىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانى.

♣ نۇرمۇھەممەد زامان: «مۇھەممەد روزى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى.

♣ ئىمىنجان ئەھمىدى: «مۇھەممەد روزى». «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

♣ ئابدۇللا سۇلايمان، ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم: «شائىر مەترۇزى (شەھىدى)». «ئۇيغۇر هازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابقا (347 -، 348 - بەتلەر) كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى.

«موللا تۇردى خوتەنى شېئىرلىرى». ئاپتورى: موللا تۇردى خوتەنى. قولىيازما 18×12cm لىك خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلۈپ تۇپلەنگەن. قولىيازما توپلامدىكى شېئىرلار ھىجرىيىنىڭ 1350 - يىلى يېزىلىشقا باشلاپ 1378 - يىلى تاماملانغان.

بۇ توپلامدىكى 2240 مىسرا (1121 بېيىت) لىق ئەسەر 17 چوڭ ماۋزۇ ئاستىغا جەملىنىپ: «هازىرقى جاهان ۋاقىئاتلىرى»، «ئىنساپلىق ۋە دىيانەتلىكنىڭ بايانلىرى»، «جامائەتكە قوشۇلماقنىڭ پەزىلەتلىرى» قاتارلىق ئەينى دەۋر رېئاللىقىغا زىچ يانداشقان تېمىلارنى ئاپتور پاساھەتلىك تىل ئارقىلىق ئىخچام ۋە چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

«بوستان». ئاپتورى: شەيخ سەئىدى، تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋېلى يۇسۇپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە، نەسرىي يول بىلەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

【ئىلاۋە】 پارس، ئەرەب ۋە كونىچە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لۇغەت يىلتىزلىرىنى، ئۆزگىرىش ھالەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان تىل ئۇستىسى ئابدۇۋېلى يۇسۇپنىڭ يۇقىرىقى تەرجىمە كىتابلىرى ۋە بىر قىسىم تەرجىمە ماقالىلىرى خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«بايازى دىلكەش». ژانىرى: شېئىر. ئاپتورى: «دىلكەش» تەخەللۇسلۇق ئۆزبېك شائىرى. ھىجرىيە 1360 - يىلى خوتەنلىك شائىر ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىمىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن چاغاتايچە قوليازما، فورماتى: 8×16cm. ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئىمىننىڭ بىر غەزىلى بىلەن قوليازما كىتابچە ئاخىرلاشتۇرۇلغان.

«شەرھى ئادا بول مۇتەئەللىم». شەرھ ئاپتورى: مۆمىن ئىبنى سابىت خوتەنى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. فورماتى: 13×23cm، 169 بەت، پارسچە قوليازما. «ئادا بول مۇتەئەللىم» كىتابى شەرھلىنىپ، ئوقۇش - ئوقۇتۇشقا ئائىت بىلىملەر مەزمۇن قىلىنغان.

«تەزكىرەئى ئارسلانخان». ئاپتورى: شائىر ۋە تارىخچى قاسىمى (18 — 19 - ئەسىرلەر). تارىخىي داستان. 2112 مىسرالىق بۇ داستان مىلادىيە 1799 - يىلى يېزىلغان. ئەسلىي ئىسمى ۋە تەرجىمىھالى ھەققىدە مەلۇمات يوق. پەقەت ئەسەرلىرىدىكى بەزى بېشارەتلەردىن ئۇنىڭ گۇما ناھىيىسىگە قاراشلىق كىلياڭ يېزىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مەزمۇنى: داستاندا ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەر ئاساس قىلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋرىسى يۇسۇپ قادىر ئارسلانخاننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ خوتەن رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى يەر مەسىلىسى، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش

تەكەللۇم باغىدە تۇتى شەكەر خۇارىڭغە سەللەمنا.
ئەلفتەك قامەتىڭنى ھەق بالادىن ئاسراسۇن دائىم،
جاھان رەئنالەرى تەسلىم ئەسارىڭغە سەللەمنا.
لەبىڭ لەب لىبتە بولغان پىستەلەرنى ئەيلەدى خەندان،
سالىب ئەفغانە بۇلبۇللارنى رۇخسارىڭغە سەللەمنا.
ھايات خىزىرى تابغاي قەترە تامسە لەئل جامىدىن،
كۆزۈڭ ئولدۇر سەلەب جان بەخش ئەسرارىڭغە سەللەمنا.
خوتەن گۇلرۇخلەرى ھىندۇ سۇپەت ئالدىڭدە ساقلىسۇن،
بىرىپ جان نەقدىنى ئىشىق ئەھلى بازارىڭغە سەللەمنا.
ئەگەرچە ئادەمى ھۆسن ۋە مىلاھەتتە فەرىدىن خۇب،
نەجانسەن نازەنىن باشىدىن - ئەياغ بارىڭغە سەللەمنا.
نىھالىڭ سەرۋەلەرنى سەرەنگۇن ئەيلەب خىجالەتدىن،
قىلىب بابۇسلىكلەر قەدرى رەفتارىڭغە سەللەمنا.
كىتەرسەن بىۋەفا دۇنيادىن ئەمدى نەئىت ئىنشا قىل،
دىگەيلەر ئەھلى ئالەم قارى ئەشئارىڭغە سەللەمنا.»

«كەنزور راغىبىن» (قىزىققۇچىلار خەزىنىسى). ئاپتورى: ئەبەيدۇللا (ئەقسەرى) بىننى مۇھەممەد. ژانىرى: شېئىر. قولىيازما توپلام. 1940 - يىلى تۈزۈلگەن. دىۋان خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا.

«لەۋھەتۇل ئەسەر». ئاپتورى: سىدىق ئاخۇنۇم. ژانىرى: شېئىر. قولىيازما توپلام. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى چۇچۇك، ئىخچام، ئاممىباب ۋە ئوبرازلىق بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا تارقىلىپ كەتكەن. بىر قىسىم شېئىرلار زالىم ئەمەلدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، شائىرغا زىيان - زەخمەت يېتىش خەۋپىمۇ تۇغۇلغان.

«كاچكۇل سەلىمى» تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى يۇسۇپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە.

«مەتلەئىل ئۆلۇم». تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى يۇسۇپ داموللا. ئەسلىي ئەسەر پارسچە.

كۆك رەختتە مۇقاۋىلانغان. 35 گراملىق نىپىز قەغەز ئىككى
قــىلــىــنــىپ ئىككى يۈزگە يېزىلغان، ھەر بېتى ئىككى ئىس
ئايرىلغان. فورماتى: $24\times21$cm . باش قىسىملىرىنىڭ ئىچ
تــەرىــپــىــدىــكى ئىستونلىرى ئاساسەن تىتىلىپ بۇزۇلۇپ كەتك
كــىــتابىنىڭ تىتۇل قىسمىغا ئاپتور توختىشاھ ھاجىمنىڭ ئىل
بېرىمغا ئائىت يازما ھۆججەتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ قولىيازما ئاپتو
قىزى توختىخان تەرىپىدىن ساقلىنىپ «ئاپەتلىك يىــلــلار» نــ
بــوران ـ چاپقۇنلىرىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈلگەن ۋە يەنە
تــوخــتــىخان تەرىپىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە
كــۆچۈرۈلۈپ ئەسلىي قولىيازمىدىكى بۇزۇلۇپ كەتكەن قىسىملار
مەزمۇنى ساقلاپ قېلىنغان. ھازىر بۇ ئىككى نۇسخا كىتاب ئاپتور
نــەۋرىــســى مەتــيــۈسۈپ ئــاخــۇن (كــىــرىــيــە ناھىيىلىك تەپ
مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرى) ئائىلىسىدە ساقل
كەلمەكتە.

ئاپتور توختىشاھ ھاجىم نۇرغۇنلىغان كىتاب ـ ماتېرىيال
ساقلىغان ۋە مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلەرنى يېزىپ، ھايات بەتل
ئىجاد مېھنەت گۈلدەستىسى بىلەن بېزىگەن ئەھلى ئارىپ ئۆلىما بو
1877 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم.

«سەپەرنامە» جەمئىي 176 كۇپلېتتىن تەشكىل تاپقان شېئ
ئەسەر بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇرەببە شەكلىدە يېزىل
ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىكى دىداك
بىلەن تۇسلەنمەستىن، بەلكى رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى ب
يېزىلغان.

«سەپەرنامە». كېرىيىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى تۇر
قارىي تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر 912
يىلى يېزىلغان. تارىخچى تۇرغۇن قارىينىڭ قاچان تۇغۇلۇپ ق
ۋاپات ئەتكەنلىكى توغرىسىــدا ئېنىــق مەلۇمــات يوق. پەقەت ئۇن
19 ـ ئــەســىــرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، 20 ـ ئەسى

مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«شېئىرلار». ئاپتورى: قاسىمى.

مەزمۇنى: سۆيگۈ تەشنالىقى، ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك مەسىلىلىرى ئاساسلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، تىلى راۋان بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئىتى يۇقىرى.

شېئىرلىرىدىن نەمۇنە:

«ساڭا بىلمەي يولۇقتۇم بىر كۈنى، ئەي بىۋەفا دىلبەر،
كى ئۆتتۈڭ جىلۋە بىرلە خەندە ئەيلەب ئەي فەرى فەيكەر،
قارا كىرفىكلەرىڭ سىنەمگە ئۇردى ئول زەمان نەشتەر،
ئانىڭكىم زەخمىدىن بۇسۇرخ چېھرەم بولدىكىم زەئفەر.»

«مەشۇقىستان». ئاپتورى: سەيد ئەھمەد ئىبنى تايىپ. شېئىرىي دىۋان. ئىسلام ئەقىدىلىرى، مۇھەببەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنىپ يېزىلغان. ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا «مەشۇقىستان» نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بىر دىۋان بولۇپ، ئابدۇخالىق قازىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. ئەمما، 1987 ـ يىلى قوشتاغ يېزا پىشناتېرىم كەنتىدىن مۇھەممەد مەتسىيىت كۆچۈرگەن ئىككىنچى قولىيازمىسى بار بولۇپ، تاللاپ 80 پارچە غەزەل كۆچۈرۈلگەن. ھەربىر غەزەل ئوخشاشلا يەتتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان، 1120 مىسراغا يېتىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى قولىيازمىسى ھازىر ئابدۇقادىر سادىر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«سەپەرنامە» (ھەجنامە). كېرىيىنىڭ نساياتلا كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما، شائىر توختىشاھ ئاخۇنۇمنىڭ ھەج تاۋاپ سەپىرى جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك مۇساپىلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان شېئىرىي ئەسىرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى ۋە ئاپتورنىڭ قىزى توختىخان تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن كۆچۈرمە نۇسخىسى بولۇپ، ئىككى نۇسخا ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ قالغان. ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسى چاغاتاي يېزىقى بىلەن يېزىلغان،

يېزىلغان. كىتابنىڭ تاش قىسمى يەرلىك خورۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

داستان باشتىن - ئاخىر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان، كلاسسىكلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەربىر مەزمۇننىڭ باش قىسمىدا ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇش بىلەن باشلانغان.

ئەخلاق ھەققىدىكى بۇ دىداكتىك ئەسەردە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكلەر پەلسەپىۋى كۆزقاراشلار بويىچە تەسۋىرلەنگەن.

مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە، بارماق ۋەزنىدە يېزىلغان داستاننىڭ ھەربىر پارچىسىدا ئايرىم - ئايرىم ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، داستاننىڭ ئاخىرىدا ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

«تەئىرىفاتىل ھەرەمەيىن» (ھەرەمنىڭ تەرىپى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئەيسا ھاجى كامالى. ژانىرى: داستان. بۇ ئەسەر ھازىرغىچە قولىيازما سۈپىتىدە شائىرنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، 1934 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان. 150 بەت، 32 كەسلەم.

ئاپتور مۇھەممەد ئەيسا ھاجىم 1884 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ 1932 - يىلى ھەجگە بېرىپ، 1933 - يىلى قايتىپ كەلگەن ۋە شۇ يىلى ئۆزىنىڭ ھەرەمگە بېرىش ۋە قايتىپ كېلىش جەريانىدا يولدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن بۇ داستاننى يېزىپ چىققان. داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، تۇپلەنگەندىن كېيىن خورۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان. بىراق قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇش جەريانىدا قىسمەن بەتلىرى پەرسۇدە بولۇپ كەتكەن.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ داستاندا ئاپتور شۇ ۋاقىتتىكى شەرق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاللى بىلەن پەيغەمبەر، چارىياھلارغا ھەمدۇسانا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئاندىن سەپەر جەريانىدىكى ئۆزى كۆرگەن ۋە روھىغا تەسىر قىلغان مۇھىم ۋەقەلەرنى، ئۆزى قەدەم باسقان يۇرتلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى، جۇغراپىيىلىك

باشلىرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. كىتابتا كېرىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى يەرلىك ئەۋزەللىكلىرى، بازار ئاۋاتلىقى، خا ئەشياسى، سودا بازارلىرى، كارۋان سارايلىرى توغرىسىدا قىممەتلىك ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ كىتاب ھازىر مەرھۇم تېۋىپ ئالىم، تىلشۇناس، تارىخشۇناس ئوسمان مۇھەممەتنىياز ھاجى (قۇدۇق) ئائىلىسىدە ساقلىنىپ، يورۇقلۇققا چىقىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

«ھەجنامە». ئاپتورى: توخسۇن ھاجىم. ژانىرى: داستان. كىتاب تۇرى: قولىيازما. 206 بەت، 8 كەسلەم. ھازىر ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان. كىتابنىڭ تاش قىسمى يەرلىك خۇرۇم بىلەن مۇقاۋىلانغان بولۇپ، كىتابنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ.

داستاننىڭ 1 ـ بېتىدىن 36 ـ بېتىگىچە نەسرىي يول بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. 1102 كۇپلېت، 4408 مىسرادىن تەركىب تاپقان. بۇ داستان ئارۇز ۋەزنىدە، مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان.

شائىر ھىجرىيىنىڭ 1346 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1928 ـ يىلى) ھەج قىلىپ كەلگەن ۋە شۇ جەرياندا «ھەجنامە» (سەپەر خاتىرىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى يېزىپ چىققان. داستاندا شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، ھەج سەپىرىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، دىنىي، ئەخلاق، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«سۇلتانى ئارىپىن». ئاپتورى: توخسۇن ھاجىم. ژانىرى: داستان. قولىيازما، 222 بەت، 16 كەسلەم. نەشر قىلىنمىغان، ھازىر كىچىك ئوغلى ئابدۇقادىر توخسۇننىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

داستان خوتەن قەغىزىگە قارا سىياھ بىلەن ئەرەب يېزىقىد

«دىۋان داۋۇد». ئاپتورى: داۋۇد. 1937 - يىلى شائىرنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن تۈپلەنگەن قوليازما دىۋان. جەمئىي 78 بەت. 90 پارچە غەزەل، مۇخەممەس، مۇستەھزادلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

داۋۇد ئىسمىلىك بۇ شائىر 1890 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئالاسايغان يېزىسىدا ساۋۇت ئاخۇن خەلپىتىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ۋە شۇ مەزگىلدىلا شېئىر يېزىشقا باشلىغان. دادىسىدىن كېيىن نەمەنگانلىق قەمەرىددىنخان دېگەن كىشىنىڭ تەربىيىسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ھىمايىسىدە ئۇزۇن مۇددەت تەسەۋۋۇپ پائالىيەتلىرىدە بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ خېلى بىر قىسىم ھاياتى گۇما ۋە قاراقاش ناھىيىلىرىدە تەسەۋۋۇپ تەرغىباتچىلىقى بىلەن ئۆتكەن. مەزكۇر دىۋان ئۇنىڭ قاراقاشتىكى ھاياتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، قاراقاشتىكى بۇرادىرى مەخسۇت ئاخۇنۇمنىڭ قولىغا قالدۇرۇلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي خاھىشى گەرچە تەسەۋۋۇپ غايىسىدە بولسىمۇ، لېكىن شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى چاققان ۋە نەپىسلىكى بىلەن ئاممىۋىلىققا ئىگىدۇر.

«دىۋان يېتىمى». ئاپتورى: قادىرخان (يېتىمى). ژانىرى: شېئىر. بۇ قوليازما شېئىر توپلىمىنى 1948 - يىلى ئاپتور 30 يېشىدا ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان. دىۋاندا غەزەل، مۇخەممەس، مۇرەببە شەكلىدە 1500 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرى بار. شائىر بۇ دىۋاننى ئۇستازى ئوبۇلقاسىم ھەزرەتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلى ھامۇتخانغا تەقدىم قىلغان. ھازىر بۇ كىتاب شائىرنىڭ ئىككىنچى ئوغلى، شائىر ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«تەسپايى شېئىرلىرى». ئاپتورى: موللادىمىن. قوليازما توپلام.

تەسپايى — شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىسمى بولۇپ، 1862 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ چاھارباغ يېزىسى باميا كەنتىدە تۇغۇلغان. دادىسى پولات ھاجى ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق بايلىرىدىن بولۇپ، بالىسىنىڭ 15 ياشقىچىلىك بولغان ئارىلىقتىكى تەربىيىسىگە ئۆزى بېتەكچىلىك قىلغان. 1870 - يىلدىن 1899 - يىلغىچە ئۆز يۇرتىدا، خوتەندە ھەرقايسى مەدرىسلەردە ئوقۇپ يېتەرلىك

شارائىتىنى، شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ھەر
بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ
ھەرەمدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس جايغا بولغان ئۆزىنىڭ سۆيگۈ
مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

«دىۋان يولدىشا، موللىشا، توختىشا». يۇقىرىقى ئۈچ بە
تۇغقان شائىرلارنىڭ 1932 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە يېزىلغان
شېئىر، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇستەھزاد، غەزەل
رۇبائىيلىرىدىن تۈزۈلگەن چاغاتايچە قولىيازما دىۋان. فورمات
19×31 cm، 312 بەت.

«دىۋانى زوھورى». بۇ كېرىيىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شائىر
مۇھەممەتقاسىم زوھورىنىڭ ئىككى دەپتەرلىك شېئىرلىرىنىڭ ئومۇمىي
نامى. «دىۋانى زوھورى» ناملىق بۇ ئىككى دەپتەرلىك ئەسەر
شائىرنىڭ ئۆز ھاياتىدا يازغان ۋە ئۆزى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ
يارامىلىق دەپ قارالغان شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شائىر
بۇ قولىيازمىنى خۇددى ئۆز كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ يامان
كۆز، يامان قوللارنىڭ مۇداخىلىسىدىن ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ
كېيىنكى كۈنلەردىكى سورۇقچىلىق ۋە ئۇچۇقدىلىش ئاپەتلىرىدە ئۇنى
قولدىن بېرىپ قويغان. ھازىر بۇ ئەدەبىيات دۇردانىلىرىنىڭ
كۆيدۈرۈلۈپ كۈل قىلىنغانلىقى ۋە ياكى قايسىدۇر بىر تىلسىم
بۇلۇڭلاردا پىنھان ياتقانلىقى مەلۇم ئەمەس.

«خوتەن ئاھالىسىنىڭ ئۈچ يىللىق پىغانى». ئاپتورى
مۇھەممەد تۇردى قاسىم قارىي ھەزىنى. شېئىرىي ئەسەر، 84 مىسرا
ئەسەر 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى «قەشقەر
شىنجاڭ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان.

شېئىردا 1934 - يىل 7 - ئايدىن 1937 - يىل 10 - ئايغىچە
ماخۇسەن قوشۇنلىرىنىڭ خوتەن خەلقىگە سالغان ئازاب - ئوقۇبەت
زۇلۇم - كۈلپەت، ئالۋان - ياساقلىرى، كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى
ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىنىپ، خەلقنىڭ قايغۇ
ھەسرىتى، مۇڭ - زارى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇنىسىل ئاشىقىن» (ئابىدلارنىڭ تۆھپىسى ئاشىقلارنىڭ ئۆلپىتى) دېيىلىدۇ. 1908 - يىلى ئابىد تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ چاپى قىلىنغان. خوتەن رايوندا بىر قىسىم نۇسخىلىرى، ھەتتا كوچۈرۈلمىلىرى ساقلانغان. بۇ كىتاب نەمەنگانلىق شائىر موللا مۇھەممەد ئابىد تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان كىتاب بولۇپ ئۇنىڭدا، ئابىدنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقا: مۇخلىس، نادىرى، مەبدەئى، تەمكىن، جامى، ئەمىرى، ئۇمىدى، ساقىب، كەمى، كوھى، شەۋقى، خادەمى، مەھزۇن، رەمزى ساھىب، سادىق، ئارەزى، مەجزۇب، سالىھ، خىلۋەتى، زەلۇلى (يەكەنلىك زەلىلى ئەمەس)، نادىرە، فۇرقەت، كاتىبى، فەزلى، ھەزنىي، مۇقىمى، نىسبەتى، شەھىدى، نادەمى، غازى، ئادا، مىسرى قاتارلىق نامدار شائىرلارنىڭ ئېتىبارغا ئېرىشكەن نادىر شېئىرلىرى توپلانغان.

ئابىد ئۆز دەۋرىنىڭ ئىززىتىگە مۇيەسسەر بولغان شائىر، كىتابدار، نەشر ئەتكۈچى، پۇل - ماللىرىنى پۇتۇنلەي دېگۈدەك ئىلىم توپلاش ۋە تارقىتىشقا بېغىشلىغان خالىس كىشى بولۇپ، ئۇ بۇ كىتابنى ئۆزى تەسنىف قىلىپ يازغان. ئۆزى رەتلەپ كۆچۈرۈپ، ئۆز خىراجىتىگە نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان. مەزكۇر كىتابتىكى شېئىرلار شېئىرىيەتتىكى ئارۇز قائىدىلىرىنى ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاشتا ياخشى دەرسلىك بولۇپ، كىشىلەرگە سىرلىق تەشبىھ ۋە مەجازلار ئارقىلىق پاساھەت بېغىشلايدۇ. نازۇك ھېس - تۇيغۇلار ئارقىلىق مۇڭلۇق سېزىم ئاتا قىلىدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ پىلانى بويىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە نەشر قىلىنغان. جەمئىي 336 بەت.

«تەجەللى مۇجەللى». ئاپتورى: ئابدۇلھېكىم مەخسۇمھاجى. بىئوگرافىك ئەسەر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىل 6 - ئاي نەشرى. 15000 تىراژدا تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 77 بەت.

بۇ كىتابتا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان شائىر ھۆسەيىنخان تەجەللىنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم شېئىرىي مەكتۇپلىرى تونۇشتۇرۇلغان

ئاساس تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئۆزىدىكى ئىجتىمائىي قىزىقىشىنىڭ تۇرتكىسى
1899 - يىلىدىن باشلاپ 1924 - يىلىغىچە جاھان كەزگەن. 1924 - يىل
يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، شەرىئەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قاتناشقان. 1944 - يىل
82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىرنىڭ ھايات ئوغۇللىرى — ياسىن قارىي ئاخۇنۇم بىلەن
مەتتۇردى ئاخۇنلار دادىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلغان پۈتۈن
ئەسەرلىرىنىڭ توپلىمىدىكى ئۇچۇرلار بويىچە، دادىسىنى 1885
يىلىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا باشلىغان، قولىدىكى توپلىمىنى
1940 - يىلدا ئۆزى ئىشلەپ تاماملىغان دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن.
ئەسەر ئاشۇلارنىڭ قولىدا 1960 - يىللارغىچە ئېتىبار بىلەن
ساقلانغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بورىنىغا كەلگەندە
«ئىنقىلاب» نىڭ قەبىھلىرى ئۇنى ئاشۇ ئوغۇللارنىڭ ئۆز قولى
ئارقىلىق كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەن.

«مەلىكە نۇرجامال». مەرھۇم ئەيسا ياسىن ئەپەندىنىڭ چۆچەك
ۋە رىۋايەت تۈسى بويىچە نەسرىي ۋە نەزمىي ژانىر بويىچە يېزىپ چىققان
قولىيازما ئەسىرى. تەخمىنەن 100 بەت. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى
ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەسرىي نۇسخىسى كىتابچە قىلىپ
تارقىتىلغان.

«باياز». خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى
ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، پىلانلاش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرى بويىچە رەتلەنگەن.
بۇگۇنكى كۈنگە نىسبەتەن بىرقەدەر ناتونۇش بولغان توققۇز نەپە
شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەتلىرىگە بېغىشلانغان ۋە نەمۇنىلىرى
بېرىلگەن مەخسۇس كىتاب.

«ئابدۇراھمانخان». خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلە
ئىشخانىسىنىڭ ئېرىشكەن ئورىگىناللىرى بويىچە رەتلەنگەن. ئېغ
ئەدەبىياتى ئېمىسىدىكى يەتتە پارچە خەلق داستانىنى ئەينەن يېزىق
ئالغان مەخسۇس كىتاب.

«تۆھپەتۇل ئابىدىن». تولۇق ئىسمى: «تۆھپەتۇل ئابىدىن ق

# خوتەندە يېزىلغان يەنە بىر قىسىم تەزكىرىلەر

[تەييارلىغۇچىنىڭ ئىلاۋىسى]

ئۇيغۇر تارىخىدىكى تەزكىرىلەر ئۆز مەنىسىگە مۇۋاپىق ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ خاتىرىسى بولۇشتەك ئەمەلىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشتىكى زۆرۈر مونوگرافىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يەردە ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدىغان خوتەندە يېزىلغان تەزكىرىلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. «خوتەندە يېزىلغان تەزكىرىلەر» دېگەندە، بىرىنچىدىن، خوتەنلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خوتەنگە ئائىت تەزكىرىلەر؛ ئىككىنچىدىن، باشقا يۇرتتىن بولسىمۇ ھەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى خوتەندە ياشىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان خوتەنگە ئائىت تەزكىرىلەر؛ ئۈچىنچىدىن، بىۋاسىتە خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ خوتەنلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ياكى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان تەزكىرىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلار ھازىرغىچە مەلۇم بولغان، ھەرقايسى دەۋرلەردە يېزىلغان ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىن توپلانغان بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىگە ئىشىنىمىز. تەزكىرىلەرنى تونۇشتۇرۇشتا يېزىلغان (كۆچۈرۈلگەن) ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تىزىلدى.

«تەزكىرەئى مەخدۇم ئەزەم ۋە خوجا ئىسھاق ۋەلى». ئاپتورى: مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىرىددىن قاراقاشى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەسەردە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلغانلىقىنى، ئاپتورنىڭ يەنە بىر چوڭ ئەسىرى «مەجمۇئەتۇلئەھكام» نىڭ ھىجرىيە 1127 - يىلى (مىلادىيە 1715 -، 1716 - يىللىرى) يېزىلغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1700 — 1720 - يىللار ئەتراپىدا يېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەردە يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە

بولۇپ، ئۇنىڭدا سەممىيلىك، راستچىللىق، چىن دوستلۇق، ھەققانىيەت، ساپ ۋىجدان، ئىلىم ئۆگىنىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاق تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئاچ كۆزلۈك، مەككارلىق، قارانىيەت، سۇيىقەست، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى شائىر ھۆسەيىنخانى تەجەللىنىڭ ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم، ئابدۇكېرەم زىيائى قاتارلىق بىرقانچە زامانداش دوستلىرى - پىكىرداشلىرى بىلەن ئۆزئارا يېزىشقان شېئىرىي سالامنامىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شائىرنىڭ بىر قىسىم ھەجۋىي خاراكتېردىكى ئەسەرلىرى قوشۇمچە قىلىنغان.



ئەمەس. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، 260 بەت، قولىيازما.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئاساسلىق قىلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبنامىسى بايان قىلىنغاندىن باشقا، ھەكىم سەنائىنىڭ بىر شېئىرىي ھېكايىسى، خوتەننىڭ يۇرۇڭقاش يېزىسىدا ياشىغان ئەسلىي بۇخارالىق سەيىدجالالىدىن ئىسىملىك بىر زاتنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1230 - يىلى (مىلادىيە 1814 -، 1815 - يىللىرى) خوتەندە ۋاپات بولغانلىق ھېكايىسى قوشۇپ قويۇلغان.
بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 2524 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.
«تەزكىرەئى ھەبىبۇللاخان غازى». ئاپتورى: نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە خوتەندە ئۆتكەن ھاجى ھەبىبۇللاخاننىڭ شەخسىي تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھىجرىيە 1278 - يىلى (مىلادىيە 1862 -، 1863 - يىللىرى) خوتەن خەلقىگە باش بولۇپ، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىگە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. تارىخ تەتقىقاتچىسى مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى «تارىخىي ھەمىدى»نى نەشرگە تەييارلاشتا مەزكۇر ئەسەردىن پايدىلانغان.
ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.
«زەپەرنامە». ئاپتورى: ماھمۇد ئەلىخان كەشمىرى. ماھمۇد ئەلىخان كەشمىرى 1850 — 1860 - يىللار ئارىلىقىدا كەشمىردىن خوتەنگە كېلىپ، خوتەن شەھىرىدە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1863 - يىلى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان. ياقۇپ بەگ خوتەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ياقۇپ بەگ قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان. «زەپەرنامە» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان مەزكۇر ئەسەر ياقۇپ بەگنىڭ ئالتىشەھەرنى بويسۇندۇرۇش غەلىبىسىگە ئاتاپ، ھىجرىيە 1284 - يىلى (مىلادىيە 1867 -، 1868 - يىللار) يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، 95 بەت،

ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارىم ۋادىسىغا كېلىپ سوپىزم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان مەخدۇم ئەزەم (خوجا ئەھمەد كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تەسەۋۋۇپچىلىق پائالىيەتلىرى، تەسەۋۋۇپنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەرقايسى جايلاردا مۇرىت توپلاش جەريانلىرى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاقنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىي يېزىلغان. تارىختىكى «ئاق تاغلىق» ۋە «قارا تاغلىق»لار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدىن بىرقانچە بەت يوقالغان بولۇپ، ساقلىنىپ قالغان قىسمى 318 بەت، ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا ساقلانماقتا.

«كارۋان بۇيۇك تەزكىرىسى». ئاپتورى: داموللا مۇھەممەد كامالى. داموللا مۇھەممەد كامالى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گۇما بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغىچە ياشىغان ئۆلىما، تارىخچى بولۇپ، «كارۋان بۇيۇك تەزكىرىسى» دەپ ئاتالغان مەزكۇر ئەسىرىنى 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. يېزىلغان ۋاقتى: ھىجرىيە 1160 - يىلى (مىلادىيە 1747 - يىللىرى).

قىسقىچە مەزمۇنى: كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر زور ھەجىملىك كىتابتا ھازىر «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەدىمكى قۇرۇقلۇق يولىنىڭ باش - ئاخىرى، تارىختىكىناملىرى، يول ئۈستىگە جايلاشقان يۇرتلار ۋە خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىغا دائىر كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن.

بۇ كىتاب قوليازما ھالىتىدە 1952 - يىلىغىچە ئاپتورنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولسىمۇ، شۇ يىللىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

«نەسەبنامەئى ئان ھەزرەت». ئاپتورى: نامەلۇم. خوتەننىڭ سولبا كەنتىدە مەلۇم بىر خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى يېزىلغان بولسىمۇ، خەتتاتنىڭ كىملىكى، قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم

ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن باشلاپ، خوتەندە ھەبىبۇللاخان «ھاكىمىيىتى» تىكلەنگەنگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرقايسى جايلاردا بولۇپ ئۆتكەن زور ۋەقەلەر، ئۇ جايلارغا پادىشاھ (ھۆكۈمدار) لىق قىلىپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى، بەزى يۇرت ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ 24 - بابى مەخسۇس خوتەنگە ئاتالغان بولۇپ، «ئەسرارى خوتەن (خوتەن سىرلىرى)» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. خوتەنگە ئىسلام دىنى تارقىلىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىللەردىن باشلاپ، 1865 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخىي ۋەقەلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

بۇ كىتابنىڭ مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى قولىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن نۇسخىسىدىن باشقىمۇ نۇسخىلىرىنىڭ بار - يوقلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

«تەزكىرەئى خوتەن». ئاپتورى: ئاخۇن قېزىبەگ. ئاخۇن قېزىبەگنىڭ ھاياتىغا ئائىت تەپسىلىيرەك مەلۇمات بولمىسىمۇ، ياقۇپ بەگ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخ ماتېرىياللىرىدا، شۇنداقلا مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن» دېگەن ئەسىرىدە بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. شۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىشىنىڭ ياقۇپ بەگ خوتەننى ئىگىلىگەندىن باشلاپ، ياقۇپ بەگ قوشۇنىدا پانساد (قوشۇن باشلىقى) ۋەزىپىسىدە بولغانلىقى، كېيىن ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ماناسلارغا قەدەر بېرىپ ئۇ جايلاردىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقى، ليۇ جىنتاڭ قوشۇنلىرى شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ئەۋەتىلگەنلىكى، ئاخۇن قېزىبەگنىڭ ليۇ جىنتاڭ قوشۇنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەي، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە ئەل بولۇپ قورال تاپشۇرغانلىقى، كېيىن چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى خوتەنگە قەدەر بولغان جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخۇن قېزىبەگنى خوتەندە ھۆكۈمەت خىزمىتىگە

قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر شېئىرىي ئەسەردە 1860 - يىللاردى
جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلى
غەلىبە مېۋىسىنىڭ ياقۇپ بەگ تەرىپىدىن قانداق قو
كەلتۈرۈلگەنلىكى، مۇشۇ جەرياندىكى خەلق تۇرمۇشىغا ئېلى
كېلىنگەن پاراكەندىچىلىكلەر شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ئۆز زامانىسىدى
ياتلارغا باش ئۇرۇپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئېزىدىغان زوراۋانلار
سوپى - ئىشانلارغا بولغان نەپرەتلىنىش ھېسسىياتلىرى بايا
قىلىنغان.

ياپونىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس خامارا ماسامى «18 - ئەسىردىكى
ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ئەسە
ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى قىسقىچە ئېلان قىلغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ
قولىيازمىسى ھىندىستان لاۋازىمات مىنىستىرلىقىنىڭ كۇتۇپخانىسىد
ساقلانماقتا.

«ئەسرارى خوتەن». ئاپتورى: باھائۇددىن ئەلەم. بۇ كىشىنىڭ
ئۆمۈر پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. پەقەت
مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ «تارىخىي ۋەتەن، ۋاقىئاتى خوتەن»
ئەسىرىنىڭ نەسرىي نۇسخىسىدا ئېيتىلىشىچە، باھائۇددىن ئەلە
يۇرۇڭقاشتا ئۆتكەن كىشى بولۇپ، 1890 — 1895 - يىللار ئارىلىقىد
«سائادەتۇلئۇمرا (پادىشاھلارنىڭ سائادەتلىرى)» دېگەن نامدا 66
بابلىق بىر كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرۇڭقاشنىڭ
مىڭبېگى يۇسۇپ بەگكە سۇنغانلىقى، 1936 - يىلى يۇسۇپ بەگھاجى
بۇ كىتابنى مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىغا ئىمكانىيەت يار بەرگەند
جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشنى ئېيتىپ ئامانەت بەرگەنلىكى
مەلۇم. ئەپسۇسكى، مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى كىتابنى 1947 -
يىلىغىچە ئوبدان ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، شۇ مەزگىلدە گومىندان
ساقچىلىرى مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ باشق
ماتېرىياللار بىلەن مەزكۇر كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنچە
قايتا ئىز - دېرىكى بولمىغان. كىتابنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، «66 بابلىق
زور ھەجىملىك ئەسەر» دېيىلگەن بولسىمۇ قانچە بەت ئىكەنلىكى مەلۇ

سادىق مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەسەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەۋلادلىرىدىن ئىمامىي باقىرنىڭ ئوغلى ئىمامىي جەئفەرى سادىقنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ماچىن (خوتەن) رايونىغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا توققۇز خاقان ۋە خالخال ماچىنلار بىلەن قىلغان جەڭلىرى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ خوتەن دەشتىدە شېھىت بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 0791 -، 656 -، 617 - نومۇر بىلەن، بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 281 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدە كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئىمامىي ئاسىمخان خوجام». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، تىلى ئۇيغۇرچە.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقان ئىمامىي ئاسىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر ئىماملاردىن ھەزرىتى ئىمامىي مۇھەممەد ھەنىفەنىڭ ئوغلى ئىمامىي ئاسىمخانىنىڭ ماچىن (خوتەن) رايونىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئىمامىي جەئفەرى سادىققا ئەگىشىپ كېلىپ، ماچىن پادىشاھى توققۇز خاقانىنىڭ لەشكىرىي قوماندانلىرىدىن سەلسەبىل، قەھرىمانى تۇركلەر بىلەن ئېلىشقانلىقى، كېيىن ماچىن قوماندانلىرىدىن بىرىنىڭ تۇزاق قۇرۇشى بىلەن يېقىلىپ، ماچىن لەشكەرلىرىنىڭ نەيزىسى زەربىسىدە شېھىت بولغانلىقى، بۇ ۋاقىتنىڭ ھىجرىيە 148 - يىلى (مىلادىيە 765 - 766 - يىللىرى) باھار پەسلى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ تەزكىرىنىڭ قولىيازمىلىرى خەلق ئىچىدىن تېپىلىدۇ. كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ بار.

«تەزكىرەئى خوجا مۇھىب كوھمارى». ئاپتورى: خېلىل ئاللائىددىن دەھبىدى. ھىجرىيە 1210 - يىلى (مىلادىيە 1785 — 1786 - يىللىرى) دەھبىددە يېزىلغان. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما،

قويغانلىقى، شۇنىڭدىن كېيىن ئاخۇن قېزىبەگنىڭ «كېلەچەك ئەۋلادلارنى بۇ تارىخىي ۋاقىئەلەردىن ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن» مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقى مەلۇم. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما. بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە چىڭ سۇلالىسى 1759 - يىلى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، 1879 - يىلى ئىككىنچى قېتىم ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەندە يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنىڭ ئاخۇن قېزىبەگ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا (ئارىق ھاجىمدا) ساقلانغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«تەزكىرەئى ئىمامىي جەئفەرى تەيران ۋە ئىمامىي ئەفتەھ». ئاپتورى: رۇشدى(؟). يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 174 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە چىرا ناھىيە چىرا يېزا مازاركۆل كەنتىگە جايلاشقان ئىمامىي جەئفەرى تەيران مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئىمامىي جەئفەرى تەيراننىڭ شام دىيارىدىكى ئىسلام ئۇرۇشىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، جەسىتىنىڭ مۇشۇ جايغا ئۇچۇپ كېلىپ، دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلىك ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىدىن بىر نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا 619 - نومۇر بىلەن، يەنە بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 271 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. خەلق ئىچىدىمۇ ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرى بار.

«تەزكىرەئى ئىمامىي جەئفەرى سادىق». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە نىيا ناھىيىسىنىڭ 70 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان قاپاق ئاسقان كەنتى تەۋەسىدىكى ئىمامىي جەئفەرى

قەشقەر، يەركەن، خوتەنلەردە ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا بۇددىستلار بىلەن ئېلىپ بارغان سوقۇشلىرى، بۇ سوقۇشلار جەريانىدا يەتتە ئىماملارنىڭ شېھىت بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇلاردىن ئىمامىي ئەفتەھنىڭ پائالىيەتلىرى تەپسىلىيرەك يېزىلغان.
بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.
«تەزكىرەئى ئىمامىي ئەفتەھ». ئاپتورى نامەلۇم. ھىجرىيە 1368 - يىلى (مىلادىيە 1948 -، 1949 - يىللىرى) ئىمىن ئىسمىلىك بىر خەتتات تەرىپىدىن قايتا كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 140 بەت.
قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى تەۋەلىكىگە جايلاشقان ئىمامىي ئەفتەھ مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قاراخانىيلار دەۋرىدە ماۋەرائۇننەھردىن قەشقەرگە كېلىپ خوتەنگە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئورۇشىغا قوماندانلىق قىلغان تۆت ئىمامىي زەبىھۇللانىڭ ئاتىسى ئىمامىي ئەفتەھنىڭ بۇ رايونغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ جەڭلىرى بايان قىلىنغان.
بۇ ئەسەرنىڭ ئىككى نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، بىر نۇسخىسى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان نۇرىدا، بىر نۇسخىسى قاراقاش ناھىيىسى سايباغ يېزىلىق پارتكومىنىڭ بىرلىكسەپ كادىرى قۇربانىنىيازدا ساقلانماقتا.
«تەزكىرەئى ئىمامىي مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرى». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس. قولىيازما، تىلى ئۇيغۇرچە.
قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يېڭىيەر يېزىسىدىكى ئىمامىي ئەسكەر كەنتىگە جايلاشقان ئىمامىي ئەسكىرى مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئەسەردە ھەزرىتى ئەلىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئىمامىي مۇھەممەد نەقتىنىڭ ئوغلى ئىمامىي مۇھەممەد ھەسەن ئەسكىرىنىڭ ئىلگىرى ماچىن (خوتەن) رايونىدا ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ رايوندا ئىسلامنى قايتا جەۋلانغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە، توققۇز خاقان

134 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە خوتەن ناھىيىسىنىڭ لايقا يېزىسى تەۋەسىگە — قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان تا ئۇستىدىكى كوھمارىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مۇھەممە ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان خوجا مۇھسىب كوھمارىنىڭ خوتەنگە كېلىپ ئىسلام ئېچىش ۋەقەلىرى ئاساس قىلىنغان تەرجىمىھالى بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسىدىن بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 671 - نومۇر بىلەن، بىر نۇسخىسى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەرجان نۇرىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تەزكىرە ھىجرىيە 1335 - يىلى (مىلادىيە 1916 -، 1917 - يىللىرى) تاشكەنت ئىسھاقىيە مەتبەسىدە بېسىلغان «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» دېگەن تەزكىرىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كىتاب جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

«تەزكىرەئى ھەفتە ئىمامىي ۋە ئىمامىي ئەفتەھ». ئاپتورى نامەلۇم. ئەسەر ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئەسكەرتىلمىگەن. قوليازما تولۇق، 63 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ تەزكىرە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ سايباغ يېزىسى تەۋەسىدىكى ئىمامىي ئەفتەھ مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن: ھەزرىتى ئىمامىي مۇھەممەد، ھەزرىتى ئىمامىي ئەھمەد، ھەزرىتى ئىمامىي ئىبراھىم، ھەزرىتى ئىمامىي ئەفتەھ، ھەزرىتى ئىمامىي ئىسمائىل، ھەزرىتى ئىمامىي نۇرىددىن، ھەزرىتى ئىمامىي سەيدىددىن قاتارلىق يەتتە ئىمامنىڭ قوشۇن باشلاپ مەدىنىدىن يۇرۇپ، ئىسپىھان، ھىرات، مەشھەد، خارەزم، بەلىخ، بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەنلىكى،

«تەۋارىخنامە گۆركىتى». ئاپتورى: موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى. شائىر ۋە تارىخچى موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى 1853 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسى تەۋەسىدىكى ئەگلە كەنتىگە جايلاشقان «قوۋمى شەھىدان» دىكى بۇزرۇك قوزىۋام ئەۋلادلىرى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مەكتەپ يېشىغا يەتكەن ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ «قوۋمى شەھىدان» تىلاۋەتخانىسىدا ئوقۇپ ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلىگەن، ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىپ مۇتالىئە قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا ئىجادىيەتكە قەدەم قويۇپ، «مۇئەززەتنامە گۆركىتى» (گۆركىتىنىڭ پەند - نەسىھەتلىرى)، «تەۋارىخنامە گۆركىتى»، «ۋەسىقنامە گۆركىتى»، «غەزەلىيات ۋە رۇبائىياتى گۆركىتى» قاتارلىق ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. 1938 - يىللىرى ھەج سەپىرىدە تالاپەتكە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرىنى سەپەردىشى باھائۇددىن مۇپتىئاخۇنۇمغا ئامانەت قىلغان. بۇ ئەسەرلەر سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مەرىپەتپەرۋەر يۇرتداشلارنىڭ ياردىمىدە چاپى قىلىنىپ يورۇق كۆرگەن. ئەنە شۇ چاپى نۇسخىلاردىن «ۋەسىقنامە تەرجىمىھالى»، «غەزەللەر تۇركۇمىدىن جۇزئىلەر» نامىدا ئاتالغان ئىككى ئەسەر ھازىر قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

شائىر ۋە تارىخچى موللا ئىمىن ئاخۇن گۆركىتى 1952 - يىلى كېرىيىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. «تەۋارىخنامە گۆركىتى» دېگەن ئەسەرنىڭ قانچىلىك ھەجىمدە ئىكەنلىكى، ھازىر قەيەردىلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئاپتورنىڭ بىر يۇرتلۇق زاماندىشى، تارىخچى تۇرسۇنقارىي كېرىيەۋى 1912 - يىل يېزىپ قالدۇرغان كېرىيە تارىخىغا ئائىت «سەپەرنامە» دېگەن ئەسىرىدە «تەۋارىخنامە گۆركىتى» ئەسىرىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «... مۇتتەقى زات، ساھىبى قەلەم

لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ۋە ئاخىرىدا شېھى
بولغانلىقىغا دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.
بۇ تەزكىرىنىڭ مۇئەللىپ كۆرگەن بىر نۇسخىسى مەزكۇ
مازارنىڭ ئەۋلاد شەيخى 80 ياشلىق ئىبراھىم ئاخۇن ئاكىنىڭ قولى
ساقلانغان بولۇپ، خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە چىرايلىق يېزىلغان؛
قوليازمىنىڭ باش قىسمىدىن تۆت بەت يوقالغان، قوليازمىنى
كۆچۈرگۈچى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقىت يېزىلمىغان، مەزكۇ
قوليازمىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسى (14 بەت) مۇئەللىپنىڭ
قولىدا ساقلانماقتا. خەلق ئارىسىدا كىتابپۇرۇشلار تەرىپىدىن
كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىلىرىمۇ تېپىلىدۇ.
«تەزكىرەئى ئىمامىي غەززالى». ئاپتورى ۋە ئەسەرنىڭ يېزىلغان
ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما.
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان بىر
نۇسخىسى (بەت سانى ئېنىق ئەمەس) ھىجرىيە 1368 - يىلى
(مىلادىيە 1949 - يىللىرى) خوتەن شوما كەنتلىك جامال شىراز
ئوغلى مۇھەممەتنىياز دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن.
قىسقىچە مەزمۇنى: مەزكۇر تەزكىرە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ لەڭگەر
يېزىسىغا جايلاشقان ئىمامىي غەززالىم مازىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ،
ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس ھەزرىتى ئىمامىي
مۇھەممەد غەززالى (1058 — 1111 - يىللار) نىڭ باغدادتىن ئاتلىنىپ
خارەزم، قەشقەر، ئاقسۇ، يەركەن، خوتەنلەرگىچە لەشكەر تارتىپ، بۇ
جايلاردا ئىسلام دىنىنى يىلتىز تارتقۇزۇش يولىدا ئېلىپ بارغان
ئۇرۇشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، مۇشۇ ئۇرۇشلار جەريانىد
ئىمامىي مۇھەممەد غەززالىنىڭ شېھىت بولغانلىقى يېزىلغان.
ھازىرغىچە بۇ ئەسەرنىڭ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلە
ئاكادېمىيىسىدە بىر نۇسخىسى، لېنىنگراد ئاسىيا خەلقلىرى
ئىنستىتۇتىدا بىر نۇسخىسى، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»
ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ئابلىز ئورخۇندا بىر نۇسخىسى (53 بەت)
ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئىچىدىمۇ ساقلىنىۋاتقان
نۇسخىلىرى بارلىقى مەلۇم.

مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ جەريانى، ئاپتورنىڭ شۇ قوزغىلاڭ جەريانىدىكى كەچمىشلىرى ئاساسىدا نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسى ھازىر قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن قوشۇپ، «قازاق ئېلى» ژۇرنىلىنىڭ 1945 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

«خوتەن». ئاپتورى: تۇرسۇن قارىي كېرىيەۋى. تارىخچى تۇرسۇن قارىي (بۇ يەنە «سەپەرنامە» ناملىق تەزكىرىنى يازغان تۇرغۇن قارىي كېرىيەۋى دېگەن كىشى بولسا كېرەك ـــ ت) كېرىيەۋنىڭ كېرىيىدە تۇغۇلۇپ، كېرىدە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىغا ئائىت ئېنىق مەلۇمات يوق. پەقەت 1910 - يىللىرى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرغان «خوتەن» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان تارىخىي ئەسىرىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا قاراپ، بۇ كىشىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ئارىلىقىدا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش مۇمكىن. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئاپاق خوجا زامانىدىكى خوتەننىڭ ئەھۋالى، جۈملىدىن خوتەندىكى ھەرقايسى يۇرتلار، يوللار، بولۇپمۇ كەشمىردىن ئۆتىدىغان خوتەن - ھىندىستان يولى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە خېلى ئىشەنچلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

«زىبائۇلقۇلۇب». ئاپتورى: مۇھەممەد ئېۋەز جوراس. بۇ ئەسەر ئەسلىدە ھىجرىيە 1012 - يىلى (مىلادىيە 1603 -، 1604 - يىللار) سەمەرقەندتە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، خوتەندە «شەۋقى» تەخەللۇسلۇق بىر ئەدىب تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. كىتابنىڭ ئاخىرقى بەتلىرى يوقالغان. ساقلىنىپ قالغان قىسمى 342 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەپسىلىي

مــولــلا ئىمىن گۆركىتى جانابلىرى كېرىيىنىڭ تارىخىدىكى كۆلا كەچمىشلەرنى ئىدىتلاپ تەسنىف ئېتىپ ماڭغاچقا، كەمىنە بۇ يەر سۆزنى مۇختەسەر قىلىپ، كىتابىمنى تامامىغا يەتكەن قىلدىم...» دە يــازغــان. بــۇنــىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ مەخسۇس كېرىيە تارىخىغا ئاتالغان، كېرىيىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىنى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بەرگەن ئەسەر ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر

«تــۇرســۇن بــوۋاي خاتىرىلىرى» . ئاپتورى: تۇرسۇن بوۋاي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى مــىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار ئىشتىراكچىسى تۇرسۇن بوۋاي مىلادىيە 1818 - يىلى «ئالتە شەھەر» دە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئــاتــا - بوۋىلىرى خوتەندە ياشاپ، ئەلنىڭ باياشاتلىقى، ئەركىن - ئازادلىكى ئۈچۈن يەڭ تۇرۇپ، «ئوق - نەيزە بىلەن مەشغۇل بولۇپ» ئۆتكەن پالۋان سۇپەت كىشىلەردىن بولۇپ، تۇرسۇن بوۋاي يىگىتلىك مەزگىللىرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۆز ئەسلىمىسىدە:

«ئاتا مىراس ئوق - نەيزىنى مەن ئېلىپ،
جەڭگە كىردىم مىڭ يىگىتكە باش بولۇپ...»

دېگــىــنــىــدەك، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ئالتە شەھەر خــەلــقــىــنــىڭ مــانجۇ ئىستىبداتچىلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئاجايىپ باتۇرلــۇقــلارنى كــۆرســتــىــپ، ھــەرمىللەت خەلقىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مىللىي ئېزىلىشكە قارشى شــانلىق كۇرەش تارىخىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا رۇسىيە تەۋەسىگە چىقىپ كېتىــپ شۇ تــەرەپــتــە يــاشاپ، 1934 - يىلى ئالمۇتا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۇزۇن ياغاچ يېزىسىدا 116 يېشىدا ۋاپات بولغان. رۇسىيىدە ياشىغان مەزگىللىرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن تارىخ كەچمىشلىرىنى نەزمىي شەكلىدە يېزىپ قالدۇرغان. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قــىــســقــىچە مەزمۇنى: ئەسەردە ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ 19 - ئــەســىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆتۈرۈلگەن مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى

تەرەپتىن بۇلارنى ھاجەتمەنلەرگە سېتىپ روزىغارىنى تەۋرەتكەن.
1920 - يىللىرى ئەتراپىدا بۇرادەرلىرى مۇسا خوتەندى، نەۋرۇز يۇسۇپىلەر (بۇلارمۇ شۇ مەزگىللەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر) بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئەدىبلەر بىلەن بىرلىكتە چەت ئەل ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ۋە چىرىك ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغىر زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىزنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن - ئازادە ۋە بەختىيار تۇرمۇش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدىغان ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلارنى ۋە باشقا ئەسەرلەرنى يېزىپ، 20 – 30 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بولۇپ قالغان. مۇشۇ جەرياندا يازغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى نەۋرۇز يۇسۇپى، مۇسا خوتەندى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، ئىززەت قەشقەرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ 1923 - ۋە 1924 - يىللىرى «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەن ناملار بىلەن كىتاب قىلىپ باستۇرۇپ تارقاتقان.
«كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار» ناملىق بۇ تارىخىي خاتىرە ئەنە شۇ «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. ئاپتورنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەسەر 1921 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، مىخ مەتبە باسما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خوتەن، يەركەن، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلىرىدا يۈز بەرگەن مانجۇ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئىنگلىز، رۇس ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە سېتىلغان مۇناپىق خوجا-ئىشانلارنىڭ نەچچە يۈز يىللار داۋامىدا ئىجاد قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئەتىۋارلىق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ئايلانغان قىممەتلىك كىتابلىرىنى كۆيدۈرۈش ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان.
ئاپتور بۇ ئەسەرنى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك جاۋاھىراتلىرىنى

بايان قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە خوجا ئىسھاق ۋەلىگە مەنسۇپ بولغان «ماشايىخلار»، «ئۆلىمالار» ۋە ئۇنىڭ شاگىرت «خەلىپە» لىرى بايان قىلىنىپ، خوجا ئىسھاق بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان ئۇ دەۋرنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەھۋالى قوشۇپ بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ ئوخشاش ئىككى نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا 767 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

«ئانىسەتتالىبىن». ئاپتورى: مىرزا فازىل جوراس. بۇ ئەسەر ئەسلىدە پارسچە يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيە 1333 - يىلى (مىلادىيە 1914 -، 1915 - يىللىرى) ئابدۇرەھىم ئىبنى ئىسلام خوتەنى تەرىپىدىن خوتەندە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: بىر مۇقەددىمە، 61 باب ۋە بىر خاتىمىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەبنامىسى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان خوجىلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، كاسان خوجىلىرى (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى) نىڭ شىنجاڭغا كېلىشى، ئۇلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا 137 - نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

«كۆيدۈرۈلگەن جاۋاھىرلار». ئاپتورى: موللا نازىم موللا نىيازى. شائىر، تارىخچى ھەم خەتتات موللا نازىم موللا نىيازى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، باللىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىنى خوتەن شەھىرىدىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى، خەتتاتلىقنى پىششىق ئىگىلىگەن. 1910 - يىللىرىدىن باشلاپ تىرىكچىلىككە قەدەم قويغاندىن كېيىن گۈلباغ رەستىسىدە كىتابپۇرۇشلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر تەرەپتىن شەرق ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق قىسسە - داستانلارنى ۋە باشقا دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي كىتابلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىسە، بىر

بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان ھىجرىيە 1352 - يىلى (مىلادىيە 1932 -، 1933 - يىللىرى) خوتەندە كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنىڭ جەريانى، ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلار يېزىلغان بىر خاتىرە ماتېرىيالدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماتېرىيال 85 بەت. بۇنىڭدىن يەنە بىر نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىدا 0511 - نومۇر بىلەن ساقلانغان.

«خاتىرە». ئاپتورى: سابىر ھاجى. ئاپتورنىڭ كونكرېت ھاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 24 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەسەردە 1934 — 1938 - يىللار ئارىلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەلىرىدىن قىسقىچە خاتىرە قالدۇرۇلغان. شاھ مەنسۇر ۋەقەلىرى نۇقتىلىقراق بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

«جەھدىل مۇقىل» (كەمبەغەلنىڭ تاقىتى). ئاپتورى: قۇدرەتۇللا ئىبنىن مۇھەممەد ئۇشۇر. ئاپتورنىڭ خوتەن شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، ئۆمۈر پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. ئەسەرنىڭ تىلى ئۇيغۇرچە، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەريانى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. ھىجرىيە 1354 - يىلى (مىلادىيە 1935 -، 1936 - يىللىرى) يېزىلغان بۇ ئەسەر ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

«شاھ مەنسۇر ھەققىدە قوشاق». ئاپتورى نامەلۇم. يېزىلغان ۋاقتى، بەت سانى ئېنىق ئەمەس، قولىيازما.

قىسقىچە مەزمۇنى: 1933 - يىلى خوتەندە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەركەردىلىرىنىڭ بىرى بولغان شاھ مەنسۇرغا ئاتاپ توقۇلغان قوشاقلارنىڭ توپلىمى بولۇپ، شاھ مەنسۇرنىڭ قوزغىلاڭ

كۆيدۈرگەن مۇناپىق سىپتىلمىلارغا نەپرەت ئوقۇپ مۇنداق ئاخىرلاشتۇرغان: «بۇ، ئىلىممىزنىڭ ھېكمەت، مەرىپەت، مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بەربات قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىممىزنى يىلتىزىدىن قىرقىپ يوقىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتلەرنىڭ بىر ئېنىق پاكىتى. ئەي خالايىق! بۇ خىلدىكى قارانىيەت، نائەقىل، ناجىنس دۈشمەنلەردىن ھەزەرۇ ئېھتىيات قىلىڭلار!».

ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر ئالىمى روزى قادىرى ئارخىپىدا ساقلانماقتا.

«بۇرقۇم ئەۋلىيا». ئاپتورى: سۇلتانباي ھاجى. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزا ئازغانسال كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر شەرىئەتشۇناس ئۆلىما، سوپىزم تارىخچىسى سۇلتانباي ھاجى تەخمىنەن 1850 - يىللىرى تۇغۇلۇپ 1929 - يىلى ئانا يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇمۇر پائالىيەتلىرىدىن تەپسىلىيرەك مەلۇمات يوق. ئەسەر 1929 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: سوپىزمنىڭ كېلىپ چىقىشى، كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىشى، شىنجاڭ رايونىغا سوپىزمنى تارقىتىشقا كۈچ چىقارغان مەشھۇر خوجا - ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ رايوندىكى پائالىيەتلىرى، جۇملىدىن سوپىزمنى تارقىتىش، كېڭەيتىش يولىدا خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، يالغان مازار - ماشايىخلارنى ياساپ چىقىپ خەلقنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ئوغرىلىشى... ئاپتورنىڭ بۇ ئالامەتلەرگە قارىتا خېلى توغرا بولغان تەنقىدىي مۇلاھىزىلىك قاراشلىرى بايان قىلىنغان.

«قىسسەئى ئەلى ئارسلانخان». ئاپتورى: موللا ئەيد. ئەسەرنىڭ يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا 889 - نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتقان بۇ ئەسەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىسلام دىنى ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلىرى بايان قىلىنغان.

1923 - يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ خېلى يۇقىرى دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن. بۇ كىشى 1950 - يىلىدىن كېيىن دېموكراتىك زاتلار قاتارىدا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1995 - يىلىغىچە مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى، 1960 - يىللاردىن باشلاپ قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان. «گۇڭ — غوجىلارنىڭ تارىخى» دېگەنگە ئوخشاش تارىخىي ماتېرىياللارنى يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. 1995 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى: 1995 - يىللار. تىلى ئۇيغۇرچە، قوليازما، 160 بەت.
قىسقىچە مەزمۇنى: ئاپتور تەرىپىدىن «تارىخ» دەپ ئاتالغان بۇ ئەسەر ئۈچ باب، 15 پەسىلگە بۆلۈپ يېزىلغان بولۇپ، بىرىنچى بابىدا قارقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا، ئاقساراي يېزىلىرىدا ئۆتكەن ئېگىز ئېرىق خوجىلار ۋە مەۋلانە خەلىپەم ئەۋلادلىرىنىڭ نەسەبلىرى؛ ئىككىنچى بابىدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ماڭلاي يېزىسىدىكى تاقسا كەنتىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما سۇبھانىيار ئىشاننىڭ نەسەبى ۋە ئەھۋالى؛ ئۈچىنچى بابىدا مەزكۇر سۇبھانىيار ئىشاننىڭ بالىسى ئىشان قارىي ھاجىنىڭ ئاتىسىنىڭ تەرىقەت يولىغا ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىڭ قوليازمىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

تەييارلىغان مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

«ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادىشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنخان غازى ۋە ياقۇپ بەگ». ئاپتورى: مۇھەممەد ئەلەم. كىتاب تۈرى: تارىخ. يېزىلغان ۋاقتى: مىلادىيە 1894 - يىلى دېكابىر. تىلى: ئۇيغۇرچە، چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغان. پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئاساسلىق قىلىپ خوتەن خەلقىنىڭ 1864 - يىلىنىڭ

جەرياندىكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانماقتا.

«گۈلئەخمەر». ئاپتورى: مەتسىدىق مەترېھىم. 1959 - يىلى يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، بەت سانى ئېنىق ئەمەس.

قىسقىچە مەزمۇنى: 17 بابلىق بۇ ئەسەردە چىرا ناھىيىسىدىكى گۈلاخما يېزىسىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئاۋاتلىشىش - تەرەققىي قىلىش تارىخى خەلق ئىچىدىكى رىۋايەتلەرنى مەنبە قىلغان ئاساستا شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ئاپتورنىڭ ئائىلىسىدە ساقلانماقتا.

«خوتەن ۋاقىئاتلىرى». ئاپتورى: مۇھەممەتئابدۇللا بەگھاجى. ئەسەر 1980 - يىللاردا يېزىلغان، تىلى ئۇيغۇرچە، قولىيازما، 144 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ئەسەردە ھىجرىيە 1174 - يىلى (مىلادىيە 1760 -، 1761 - يىللار) دىن 1937 - يىلى ماخۇسەن قوشۇنى شىنجاڭ شىمەي تەرىپىدىن يوقىتىلغانغىچە بولغان ئارىلىقتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقى، خوتەندە چىڭ سۇلالىسىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆتۈرۈلگەن كۆپ قېتىملىق قوزغىلاڭلار، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ پاجىئەلىك باستۇرۇلۇشى، ياقۇپ بەگنىڭ خوتەندىكى ھاكىمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ قوشۇنىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن خوتەندە يولغا قويغان ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، خوتەن يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ سېلىنىشى، شىنخەي ئىنقىلابى غەلبىسىدىن كېيىن مىنگو دەۋرىدە خوتەننى باشقۇرغان ھۆكۈمدارلار، بۇ جەرياندىكى خەلق تۇرمۇشى، 1930 - يىللاردىكى خوتەن قوزغىلىڭىنىڭ تەپسىلاتى، ماخۇسەننىڭ خوتەندىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى مۇئەللىپنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«تارىخ». ئاپتورى: موللانىيازخان ھاجى. موللانىيازخان ھاجى قاراقاشتا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ئىشان قارىي ھاجى ئائىلىسىدە

| | |
|---|---|
| ئاتا جۈيە | ئاتچۈي (خوتەندە) |
| زەنگۈيە | زاڭگۈي (گۇمىدا) |
| زەۋا | زاۋا (قاراقاشتا) |
| بەلاماس | بالىماس (خوتەن ناھىيىسىدە) |
| توسانلا | توساللا (خوتەن ناھىيىسىدە) |
| سانپۇلا | سامپۇل (لوپ ناھىيىسىدە) |

(6) ئەسەردە خوتەن شېۋىسىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۆز مەنىسى ۋە ئۆز رېتى بىلەن بېرىلگەن. «تارىخىي ھەمىدى» دە: «غۇلى نېمى دېيتۇ بۇ؟» دېگەن بىر جۈملىلا خوتەن شېۋىسىدىكى ئىبارە بېرىلگەن بولسا، بۇ ئەسەردە فونېتىكىلىق ۋە باشقا جەھەتتىن خوتەن شېۋىسىگە تەئەللۇق سۆزلەر خېلى كۆپ قوللىنىلغان. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئەسەردىكى خوتەن شېۋىسى | ھازىرقى ئىستېمالى |
| قانسىياپ | قانسىراپ (قانسىراش) |
| دارۇ | دورا |
| ئەرشىب | ئەگىشىپ |
| بۆيرە | بۆرە |
| ئالايىدە | ئالاھىدە |
| گۇگۇت | سەرەڭگە، گۇڭگۇرت پوقى |

بۇ ئەسەر دەسلەپ رۇس ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا تىلغا ئېلىنغان. ئەسلىدە بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى سابىق رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى سانكت ـ پېتېربۇرگ (سابىق لېنىنگراد) دىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان بولۇپ، بۇ نۇسخا (سانكت ـ پېتېربۇرگ نۇسخىسى) چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېتروۋسكىينىڭ قەشقەردىن يىغىپ ئەكەلگەن كىتابلىرى ئارىسىدىن ئۇچرىتىلغان ھەمدە تۇنجى بولۇپ ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد كۆرگەن. بۇ نۇسخىغا تېما قويۇلمىغاچقا، بارتولد «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتاپ تۇرغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ نۇسخىنى

ئالدىدىكى زۇلۇم ـ ستەملىرى، ھەببۇللا مۇپتى ھاجى ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى خوتەننىڭ ئىجتىمائىيىتى، باج تۈزۈملىرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاددىي تىل بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دەھشەتلىك زۇلۇملارنى پاكىت ئارقىلىق سۆزلەپ، خوتەن خەلقىنىڭ چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇغان. تولىمۇ يورەكلىك بىلەن ھىيلە ـ نەيرەڭ پىرى ياقۇپ بەگكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. خوتەنلىكلەرنىڭ نەزىرى بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى سۆكۈپ، ياقۇپ بەگكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئەينى چاغدىكى خوتەن تارىخىنى بىلىش ۋە جەمئىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ كىتابنىڭ مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدىلىكى بار:

(1) ئەينى چاغدىكى خوتەننىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئاددىي ۋە ئاممىباب بايان قىلغان.

(2) باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە تىلغا ئېلىنماي قالغان مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن، يەنى كۇچادىكى راشىددىن خوجىنىڭ خوتەنگە ئىككى مەرتەم لەشكەر ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى بايان مۇشۇ ئەسەردىن باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئۇچرىمايدۇ.

(3) خوتەندە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان ۋاقىت، ھەببۇللا مۇپتى ھاجى ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن باشقا تارىخىي ئەسلىمىلەردە ئېنىقسىز قالغان، ئەمما بۇ ئەسەردە مۇشۇ نۇقتىلار تولۇق خاتىرىلەنگەن.

(4) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ياقۇپ بەگ قالدۇق كۈچلىرىنى قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىنكى ۋەقەلەر تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

(5) ھازىر خوتەندە قوللىنىلىۋاتقان، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن ئەسلىي مەنىسى ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم يەر ناملىرى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى تەمىنلىگەن. مەسىلەن:

ئەسەردىكى يەر نامى ھازىرقى ئاتىلىشى

كەلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ «پارىژ نۇسخىسى» نىڭ 11 - قۇردىكى خەت ھەقىقەتەن بەك تۇۋەنگە يېزىلىپ قالغان. ئەسلىدە پېترووۋسكىي گرېناردنىڭ ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى تارىخقا دائىر بىر قولىيازمىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قولىيازمىنى ئارىيەت ئېلىپ قەشقەرلىك بىر موللىغا كۆچۈرگۈزگەن، موللا كۆچۈرۈش جەريانىدا بىر قۇر خەتنى دىققەتسىزلىكتىن كۆچۈرمەي چۈشۈرۈپ قويغان. دېمەك، گرېناردنىڭ قولىدىكىسى (پارىژ نۇسخىسى) مۇھەممەد ئەلەم ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەسلىي قولىيازمىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ بۇ ئەسەرنىڭ چالا كۆچۈرمىسى بولغان «سانكت - پېتېربۇرگ نۇسخىسى» رۇس ئالىملىرىنى ئۆزىگە «تارىخىي ئەمنىيە» ، «غازاد دەرمولكى چىن» دەك مايىل قىلالمىغان، دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىيالمىغان.

مەلۇمكى، 1887 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپ بەگنى تارمار قىلىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى ۋە مۇقىم ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن 1884 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا تىنچ، تۇرغۇن ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆتۈرۈلگەن 1864 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىشى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئالتە شەھەردىكى 12 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە 20 نەچچە پارچە نەزمىي ۋە نەسرىي ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئەسلىمىلەر يېزىلدى. بۇ تارىخىي ئەسلىمىلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئاساسەن ئۆز يۇرتىدىكى ۋەقەلەرنى مەركەز قىلىپ بايان قىلغان بولۇپ، باشقا يۇرتلاردىكى ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان ياكى تەكشۈرۈشلىرىگە ئاساسەن خاتىرىلەپ چىققان بولغاچقا، مۇئەللىپنىڭ يۇرتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئېنىق، تەپسىلىي ۋە ئىشەنچلىك، باشقا يۇرتلاردا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بولسا ۋاقتى، تەپسىلاتى ۋە باشقا مەزمۇنلار تولۇق خاتىرىلەنمىگەنىدى.

خوتەندە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەم خوتەندە مەيدانغا كەلگەن ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى توغرىسىدا موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە ئۇنىڭ تولۇقلىمىسى

د. ئى. تىخونوف، ئا. م. مۇگنوف، گ. م. ئىبراھىموۋا قاتارلىق ئالىملار تەتقىق قىلغان. ئۇلار بۇ نۇسخىنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ ھاشىيىسىگە سېمپونوف يازغان: «ن. ف. پېترووۋسكىي يازدۇرغان» دېگەن ئىزاھاتقا ئاساسەن، «بۇ ئەسەر پېترووۋسكىينىڭ تەلىپىگە بىنائەن قەشقەردە يېزىلغانىكەن» دەپ قارىغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر يېزىلىپ تاماملانغان ۋاقتى بىلەن پېترووۋسكىينىڭ قەشقەردە تۇرغان ۋاقتى ئۇدۇل كەلمەيتتى.

بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر فرانسىيە ئىنستىتۇتىدا ساقلانغان يەنە بىر نۇسخىسىنى ف. گرېنارد خوتەندىن پارىژغا ئاپارغان. بۇ «پارىژ نۇسخىسى» نىڭ فورماتى 17.4×22.5 بولۇپ، مۇقاۋىلانغان، 48 ۋاراق (96 بەتلىك)، رۇسىيىدە ئىشلەنگەن قېلىن قەغەزگە يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ مۇقاۋىسىغا: «ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنخان غازى ۋە ياقۇب بەگ» دېگەن كىتاب ئىسمى يېزىلغان. بۇ نۇسخىنى ياپونىيىلىك ئالىم ھامادا ماسامى ئەپەندى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىپ، يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى «ھاكىمىيىتى» ۋە ياقۇپ بەگنىڭ خوتەننى ئىگىللىۋېلىش جەريانىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغانلىقىغا؛ ئەسەرنىڭ خوتەن ۋەقەلىرىنى ئاساس قىلىپ، خوتەن شېۋىسى بويىچە يېزىلغانلىقىغا قاراپ، رۇس ئالىملىرىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دەپ نام قويۇشىنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كىتابقا قايتىدىن «خوتەن تارىخى» دەپ نام قويغان. ئۇ كىتابنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ترانسكرىپسىيىسىگە قوشۇپ، فرانسۇزچە مۇقەددىمە، تەرجىمە ۋە ئىزاھات يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

ئۇنداقتا «سانكت ـ پېتېربۇرگ نۇسخىسى» بىلەن «پارىژ نۇسخىسى» ئوخشاشمۇ؟ قايسى نۇسخا مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ئۆز قولىيازمىسى؟ ھامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ سېلىشتۇرۇپ بايقىشىچە، «سانكت ـ پېتېربۇرگ نۇسخىسى» نىڭ 60 ـ بەت (ئالدى يۈزى) دىكى بىرىنچى قۇر كەمتۈك ياكى يېزىلماي قالغان. بۇ بىر قۇر «پارىژ نۇسخىسى» 48 ـ بېتىنىڭ 11 ـ قۇردىكى پۈتۈن بىر قۇر خەتكە توغرا

شۇنداقمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. ئېنىقكى، خوتەندىكى «ئەلەم» جەمەتى نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى خوتەندە كاتتا ئۆتكەن باي جەمەت. مۇئەللىپنىڭ «تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن» بولۇشى «ئەلەم» جەمەتىگە تەۋە ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقتىمۇ «خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن»لىكى، ئەسەردىكى قەلەم پاساھىتى مۇئەللىپنىڭ «ئەلەم» ئاتىقى ئۇنىڭ چوقۇم دىنىي - ئۆلىما زاتىدىن بولۇپ «ئەلەم»لىك ئاتىقىغا ھەقىقەتەن ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۆمەرجان نۇرى تەييارلىغان

«خەزىنە». ئاپتورى: ئەھمەد قوتاي. تۈرى: تەزكىرە. يېزىلغان ۋاقتى: 1912 - يىل، پاتلىق خوتەن قەغىزىگە 18 قۇردىن يېزىلغان قولىيازما، 78 بەت. فورماتى 14cm × 18.

ئىلىمپەرەس (جۇغراپىيە، يەرلىك تەزكىرە، مۇنەججىملىك بويىچە بىلىمدان) ئەرباب ئەھمەد قوتاي تەرىپىدىن قاراقۇرۇم ۋە قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان بۇ يەرلىك تەزكىرىلىك جۇغراپىيە كىتابى خوتەن رايونى غەربىي قىسمى ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيىسى، زوئولوگىيىسى، بوتانىكىسى، ھاۋا رايى، سۇ رايى، بايلىقى، قاتناش، چېگرا ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئومۇمىي تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ئومۇمىي ھالىتىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك يەرلىك ئىلمىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ قاراقۇرۇم —— قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك بۆلىكىدىن بىر قىسمىنى مۇنداق كۆچۈرمە قىلىش مۇمكىن:

«... خوتەن تاغلىرى —— قاراقۇرۇم (قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ —— ئا) ئىچكىرىكى ۋە تاشقىرقى ئىككى بۆلەك —— ئىككى ئىقلىم، تۆت بەل تاغدۇر. ئىچكىرىكى تاغ مۇز تاغدۇر. تۇراقلىق كۆجۇم ھاياتلىق جايلىرى يوقتۇر ... ياز ئايلىرىدا نىمجان تىنالىقلار (ھاشارات)، ئۇچارلىقلار (قوش قانات)، گىياھلىقلار

بولغان «تارىخىي ھەمىدى» دە مەلۇمات بېرىلگەن بولىسمۇ، ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى، قوزغىلاڭدىن كېيىنكى «بۆلۈنمە ھاكىمىيەت» نىڭ تىكلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ياقۇپ بەگنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى قاتارلىق بىر يۈرۈش تەپسىلاتلار كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئېنىق، تەپسىلىي خاتىرىلەنمىگەنىدى. مانا بۇ بوشلۇقلارنى «ھازارا تەزكىرەئى ھاجى پادىشاھ ھەبىبۇللا ۋە راشىدىنخان غازى ۋە يەقۇب بەگ» دېگەن بۇ ئەسەر تولدۇردى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇھەممەد ئەلەمنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال يوق. گرېنارد ئەسەرنى فرانسىيىگە ئاپارغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى تونۇشتۇرۇپ ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇھەممەد ئەلەم ھەققىدە توختىلىپ: «مۇئەللىپ 1847 ـ يىلى خوتەن شەھىرى (ئىلچى) دە تۇغۇلغان، ھەبىبۇللا (مۇپتى ھاجى) ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىدە ئىزچىل خوتەندە ياشىغان. شۇڭا مۇشۇ دەۋرنىڭ خوتەندىكى شاھىتى. ئۇ خوتەندىكى ھەممە كىشىنى تونۇيدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تۇرمۇشى نامراتچىلىقتا ئۆتكەن بولىسمۇ، خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن ھەم ناھايىتى ئەقىللىق كىشى بولغاچقا، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ. ئۆز كۆزقارىشىنى مەردانە ھالدا ئوتتۇرىغا قويالىغان» دەپ باھا بەرگەن. بۇ باھادىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گرېنارد خوتەندە مۇھەممەد ئەلەم بىلەن ئەسرارلاشقان، گرېناردنىڭ تەلىپىگە بىنائەن مۇھەممەد ئەلەم ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرى ۋەقەلىرى ھەققىدىكى بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى «تەرىخ 1311 ـ يىلىدا ماھىئى شەبان ئەلمۇ ئەززەمىنىڭ 18 نىرىدە، يەكشەنبە كۈنىدە تەسنىف قىلىندى» دېگەن خاتىمىگە ئاساسلانغاندا، ئەسەر مىلادىيە 1894 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يېزىلىپ بولغان — يەنى مۇئەللىپ كىتابنى 47 يېشىدا تاماملاپ بولغان بولىدۇ. گرېنارد مۇئەللىپنى «تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن» دەيدۇ. ئەمما، مۇئەللىپنىڭ ئىسمىغا قوشۇلغان «ئەلەم» ئاتىقى ئۇنىڭ ئەجدادىدىن ئاتا ـ بوۋىسىغا قېلىپ ئۆزىگە لەقەم بولۇپ قالغانمۇ ياكى ئىسمى

تەرەپلەردىلا (يەكەن، قاغىلىق تەۋەلىرىدىلا — ئا) قويۇق، تىتلىق دارىلار بار (قارىغايلىق ئورمان توقايلىرى بار — ئا)، تىتلىق دارىلارنىڭ جىقىدىن ھەسەل چىقىدۇ (قارىغايلىقلاردىن يازدا كۆپلەپ ھەسەل يىغىپ ئالغىلى بولىدۇ — ئا)، قالغان تاغلاردا تىت يوق...».

«قارقورۇم، قاراڭغۇ تاغ سوزۇلمىسىنىڭ قاغىلىق، يەركەن زىمىنلىرىدىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمىدا، يەنى 24 ئىقلىم يۈزىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئارتىش (ئارچا)، قاۋاق (ياۋا تال سۆگەت — ئا)، قېيىن، ماندار، غوچ، چۈشكۈن، پەشۋاخان، ئازغان، مالغۇن، تاغ تېرىكى، تال، قاراغات، ئالقات، قات ... دەرەخلىرى بىلەن چالا دەرەخ (قاتتىق غوللۇق چاتقال) توپلىرى قويۇق ئۆسكەن ... كىلەپ، سېرىق، پۈيۈك، ياۋا، ياپچان، قانتېپەر (داڭسىن — ئا)، گۈلنەپشە، گۈلاپ، چىغ، قاراقات، چاكاندا، تەسكەن، سېرىق تەسكەن، توشقان پۈتوكى، يەر مەرىزى (موگو)، كۆۋرۈك، بۇيا، قوراي، ئەرمەن، قامغاق، يانتاق، يالپۇز، قىياق، شاپ، ساي قومۇشى، پىچان بولۇقتۇر ...».

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە قاراقورۇم — قاراڭغۇ تاغ يۇرتلىرىدا، يەنى مەھەللىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە لەڭگەر - ئۆتەڭ نۇقتىلىرىدا ھەر خىل تاغ تېرەكلىرى، تاغقا ماس ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، ئامۇت، ئۈجمە، سۆگەت قاتارلىق قويما دەرەخلەرنىڭ ئىنتايىن تولىلىقىنى قەيت قىلىپ ۋە بۇ تاغنى تەرىپلەپ: «بىزنىڭ تاغ — باغ تاغدۇر ... سۇ، ھاۋا، گىياھ، ئۈچالىق، تىنالىق، ئادەمزات، ئىنس - جىن ... گە ئانا تاغدۇر، دۇنياغا خەزىنىدۇر ...»، دەپ يازىدۇ.

ئەھمەد قوتاي تەخمىنەن مىلادىيە 1850 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قوتاي (ھېلىمۇ كېرىيە ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسىنىڭ دامىكۇ يېزىسى، قاراقاش ناھىيىسى تەۋەلىكىدە «قوتاي مەھەللىسى» ‹قوداي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوداي — قۇشنىڭ نامى› بار. ئاپتور بۇلاردىن قايسى بىرىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق ئەمەس) دېگەن

(ئۆسـۈملۈك) پەيدا بولۇپ، ئۈنۈپ كۆكلەپ قالىدىغان قاپچىغاي-ـلىقلىرى باردۇر ۋە لېكىن دايىمىزدۇر ... كىشىلەر بۇ ئىقلىمنى قاراقۇرام ... مۇز قۇرام ئاتايدىلەر ... يىللار ئارىلاپ، رىزقى - غەنىيمەت كۆزلەپ بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغانلارمۇ بار. ئەمما لېكىن، ساق كېلىپ ئامان كېتىدىغانلىرى ئازراقتۇر ... تاشقىرقى تاغ خىزىرنەزەر قىلغان، چوپانلار پادىلىرى ئاۋۇغان بەرىكەتلىك يۇرت — تاغدۇر. كىشىلەر ئەلمىساقتىن بېرى بۇ تاغنى «قاراڭغۇ تاغ، قۇزتاغ، تەرسكەي تاغ، (ئورمانلىق تەرسكەي تاغ — ئا) دەپ ئاتاپ كېلىپتۇلەر. ئىقلىمى يىگىرمە تۆتتۇر ... ».

هۆرمەتلىك جۇغراپىيۇن تاشقىرقى قاراقۇرۇم، يەنى قاراڭغۇ تاغ (20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ جۇغراپىيە چۈشەنچىمىزگە «كۇئېنلۇن»، يەنى «كۇنلۇنسەن» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئالىنىشىپ سىڭىپ تۇرغان «كۇئېنلۇن» تېغى) تىزمىلىرىنى 24 قۇراملىق ئۆكە ئىقلىمىغا (تاغ ئۇستى تېگى ئوچۇق قازان شەكىللىك تەكشىلىكگە) بۆلۈپ خاتىرىلىگەن. ئۇ مۇنداق يازغان: « ... قاراڭغۇ تاغ — تاختىا قورۇم، ئاق قورۇم، بەل قورۇم، قوز قورۇم (تەرسكەي قورۇم — ئا)، سار قورۇم (كۆنەس ياكى كونگەي قورۇم — ئا)، غول قورۇم، قارا قورۇم، ئۇن قورۇم، پاۋان قورۇم، كوچ قورۇم، ئىس قورۇم، باش قورۇم، ئارت قورۇم، هاڭ قورۇم، مۇز قورۇم، قاش قورۇم، قار قورۇم، تۇز قورۇم، تۆش قورۇم، ئۇز قورۇم، لوش قورۇم، چالا قورۇم، كۆچ قورۇم، بوز قورۇم بۆلەكلىرىگە سۇپرا تاغدۇر ...» .

ئەهمەد قوتاي تارىختا نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن مەزكۇر 24 جايدىكى 24 مەشھۇر قوراملىق ئىقلىم — هازىرقى تاشقورغان، يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، چىرا، كېرىيە، نىيا ناهىيىلىرىنىڭ تېگى ئوچۇق قازان شەكىللىك سۇ خەزىنىلىرىنىڭ تارىخىي ناملىرىدۇر.

مۇئەللىپ قاراقۇرۇمدا ئۆزى تەكشۇرۇپ بىلگەن گىياھلىقلار (ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخلىك، چاتقال ... لىقلار) هەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «تاختىا قورۇم، ئاق قورۇم، بەل قورۇم ...

يـــۈرۈپ، مـــانجۇلار ئۈچـــۈن «ئىگىسىز جىنايـەت» تۈرلىرىنى كـــۆپەيتىپ، بـــۇلاڭچى باسقاقلارنىڭ تـاغدىن قۇرۇق كېتىش ۋە قـورقۇپ قـايتا بـارالماسلىق ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، يـەرلىك خەلقلەرنىڭ شـان ـ شـۆھرىتىنى قـازانغان. دېمـەك، ئەھمەد قـوتاي قاراقـۇرۇم ـ قاراڭغۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ يىراق ئىچكى دارىلىرىدا 30 يىللاپ ماكانلاپ، خـەلققە خىزمـەت قىلىپ، تاغلارنىڭ سىرىنى بىـلـىـپ، ئـەل ئـــارىسىدا «خىزىر» ، «زېرەك تاغ بـاتۇرى» ، «ئـىـقـلـىـمـپـەرەس» ، «تـــاغ مـولـلـىسى» لـــەقەملىرى بىلەن شـۆھرەتلىنىپ ئۆتكەن زاتتۇر.

ئەھمەد قوتاي مىلادىيە 1911 ـ يىلى تاغدىن چۈشۈپ، ئانا يۇرتىغا قـايـتــىـپ 1912 ـ يـىلىدىن ئېتىبارەن قاراقۇرۇم ـ قاراڭغۇ تاغ تـىـزمـىـلـىرى (جەنۇبىي تارىم ئىگىزلىكى) نىڭ —— يەنى غەربتە تاشقورغان زېمىنىدىكى تاغدۇمباش (چوگرى) ئېگىزلىكىدىن شەرققە سـوزۇلـۇپ، شـەرقـتـىـكـى نىيا تاغلىرىنىڭ چـوققىسى ئۈستۈن ئېگىزلىكىگىچە سوزۇلغان 600 كىلومېتىرلىق ئۇزۇنلۇقتىكى، 250 كـىـلـومېتىرلىق كەڭلىكتىكى تاغ سوزۇلمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك تـۇرقـى، تۇزۇلمىسى، تەبىئىتى، بوتانىكىسى، زوئولوگىيىسى ۋە ئـــومـۇمـىي ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا بىلگەنلىرىدىن يـۇقىرىقى كـــتابنى يېزىپ تاماملىغان. مىلادىيە 1918 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى پۇشيا دېگەن يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

«مـۇئەززەتنامە گوركتى» . ئاپتورى: موللا ئىمىن گوركتى. دىداكتىك ئەسەر. يېزىلغان ۋاقتى: 1933 ـ يىللىرىدىن باشلاپ تاكى 1940 ـ يـىـللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان. چاغاتايچە قوليازما. فـورمـاتى: 18×33cm ، 208 بـەت. سەئۇدى ئەرەبىستاندا چاپى قىلىنغان. پەند ـ نەسىھەت، ياخشىلىققا دالالەت، سائادەتكە كاپالەت قاتارلىقلار مەزمۇن قىلىنغان.

«تـارىـخـــي ۋەتەن، ۋاقىياتى خوتەن» . ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا بەگ ھاجى. ژانىرى: تارىخ —— ئەدەبىيات. بۇ نەزمىي ئەسەر

يېرىدە تاغچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1870 - يىللارغىچە ئائىلىسىدە بالىلىق تىرىكچىلىكىنى ئۆتكۈزگەن. خوتەن ئىلچىدا دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ قارىي قۇرئانلىققا (قۇرئان ساۋاتىغا) ئېرىشكەن، قەلەم ساۋاتى ئاشقان. 1872 - يىلىدىن ئېتىبارەن دادىسىنىڭ تاغچىلىق كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىدا تاغچىلىق — يەنى قاشتاش ئىزدەش، تونۇش، قاشتاش كانلىرىنى تېپىش، ئېچىش؛ ئالتۇن كانلىرىنى ئىزدەش، ئالتۇن چايقاش، ئالتۇن قېزىش؛ ئېپار كېيىكلىرىدىن (خوتەن كېيىكلىرىدىن) ئېپار ئېلىش، دورىلىق گىياھلارنى تونۇش، يىغىش؛ قىممەتلىك مەدەنلەرنى، ئېسىل ھايۋان تېرىلىرىنى، ئۇچارلىق، تىنالىقلاردىن ئېلىنىدىغان بايلىقلارنى يىغىش، ساقلاش، يۆتكەش، سېتىش ... كەسپلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ زامان زالىملىرى زۇلمىدىن چۆچۈپ قېچىپ قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇشقان قەشقەرلىك «تاغ قاچقۇنلىرى» نى قۇتقۇزۇش، تۇرمۇشلاندۇرۇش، يوشۇرۇش، يول باشلاش (دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش) تەك خەلقپەرۋەرلىك خىسلىتىنى ئىپادىلەپ بارغان. 1890 - يىللار ئەتراپىدا خوتەنلىك ئالتۇنچىلار ئارىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالتۇن سېلىقىنى مۆكۈۋېلىپ رەت قىلىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلگەندە، ئەھمەد قوتاي دەرھال «ئالتۇنچى گاداي» لارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، كۆپلىگەن مۆكۈپ يۈرگۈچىلەرنى تىرىكچىلىك ۋە ئالتۇنچىلىق قىلىشقا بولىدىغان ئەپلىك «مەخپىي ئىقلىم» ئادرېسلىرى بىلەن تەمىنلەپ، كۆپلىگەن «تاغ مۇساپىرلىرى» غا ئالتۇنچىلىق، ئوۋچىلىق، مەدەنچىلىك تىرىكچىلىكىنى ئۆگىتىپ، «ئەلنىڭ دۇئاسى» نى ئېلىپ تۇرغان. 1894 - يىل كۈزدە قاراقۇرۇم - قاراڭغۇ تاغ دارىلىرىنىڭ يىراق ئىچكى قىسمىدىكى چارۋىچىلار ئارىسىغا «پۇقرا سېلىقى»، «جان پۇتوكى» سېلىقى يىغقىلى چىققان مانجۇ باسقاقلىرى (سېلىق يىغقۇچى چېرىك ۋە دورغىلار) غا قارشى تاغلىق خەلقلەرنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، يول، ئۆتكەللەرنى بۇزۇپ، ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈپ

ياندىشىپ ئەسەر تۈزۈپ ئۆتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلغان.

4 ـ بابتا، تارىخىي مەنبەلەردە نەۋبەتىنىڭ مۇپەسسەل بىر «دىۋانى» نىڭ بارلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرغا كۆرە، شۇنىڭ ئىزناسىنى تېپىش مەقسىتىدە ئۇزۇن يىللىق سىجىل ئاختۇرۇشقا لايىق نەتىجە — ئۇنۇملەرگە ئېرىشىپ، نەۋبەتىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىگە مالىك بولالىغانلىقى ھەققىدىكى بايانلار ماتېرىيال پاكىتلىرى بىلەن كۆرسىتىلگەن.

5 ـ بابتا، مۇئەللىپىنىڭ ئۆزى ئىجاد ئەتكەن ئىجادىيەتلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئىجادىي پىلانلىرىنىڭ مۇندەرىجىلىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ ئورىگىناللىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئاخىرىغا ئاپتورنىڭ «خوتەن قىسسىسى»، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن.

«كېرىيە تارىخىدىن قىسقا قۇرلۇق چاتما بايانلار». ئاپتورى: بارات ئىبنى ئىمىن (ئاقىبى). 1969 ـ يىلى يېزىلغان 207 بەتلىك قولىيازما. فورماتى: 17×30cm.

بۇ قولىيازمىدىن بىر بۆلۈك پارچىلار «كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى» (كېرىيە ناھىيىلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 2002 ـ يىلى باستۇرۇلغان) نىڭ 2 ـ توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

---



بارات ئىمىن 1944 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىپ، بىر قاتار ئىلمىي، ئىجادىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «ئاقىبى» (ۋارىسلىق قىلغۇچى) بولۇپ، دەسلەپكى

ھىجرىيە 1368 - يىلى (مىلادىيە 1941 — 1949 - يىللىرى) يېزىلغان.

مەزمۇنى: تۈرك خانلىرى ۋە قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، خوتەننىڭ بىنا بولۇشى، ئىسلامىيەتنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللىرى، شۇنداقلا ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرى بايان قىلىنغان.

«كىتابەت ئاقىبى». ئاپتورى: بارات ئىبنى ئىمىن (ئاقىبى). 1957 - يىلىدىن 1970 - يىللىرىغىچە يېزىلغان. 1011 بەتلىك ئۇيغۇرچە قوليازما. جىلدلىنىپ كىتابەت قىلىنىپ ئىشلەنگەن. فورماتى: 34×50cm.

مەزمۇنى: مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا بەش بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 - بابتا، مۇئەللىپ ئۆز نەسەبلىرىنىڭ قاتلىمى، ئۆز تەرجىمىھالى، كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى، ئوقۇش يىللىرى، يېتىلىش جەريانى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

2 - بابتا، ئاپتورنىڭ جامائەت ئەربابى، ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىت ئەرمىيە ئېلى داموللام بىلەن بولغان مالاقەتلىرى، ئالماشتۇرۇشقان ئەسەر، مەكتۇبلىرى، قويۇق ئەدەبىي مۇناسىۋەت - ئىش خاتىرىلىرى، نىمشېھىتنىڭ ئاقىبىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ بىرگە ئۆتۈش توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا سۇنغان تىلەكنامىلىرى شۇنداقلا، بامەسلىھەت ئىشلەپ ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇشقان ئەسەرلىرى توغرىسىدىكى كەلگۈسى نىيەت - مەقسەتلىرى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قارا قۇيۇنىنىڭ تالاپىتىگە تەڭ ئۇچراپ، مەھبۇسلۇقتا ئۆتكەن يىللىرى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

3 - بابتا، ئاقىبىنىڭ ئەدەبىيات ئالىمىدە زور شۆھرەت قازانغان شاھ ئەسەرلەرگە باش چۆكۈرۈپ تەھلىل - تەھسىللەر ئېلىپ بارغانلىقى، نادىر ئەسەرلەرنىڭ مەكتەپلىك رولىدىن كەڭ دائىرىلىك كىتابىي بايلىققا ئېرىشكەنلىكى شۇنداقلا ئايرىم كلاسسىكلارغا قارىتا تەقرىز ئېلىپ بارغانلىقى، خاتىرىلەر يازغانلىقى، ئۇلارغا

# ئەدەبىي كىتابلار

## ئەدەبىي كىتابلار سەھىپىسى* (1)

### ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرى

1. «كۆكلەم». شېئىرلار توپلىمى، 100 مىڭ خەت ئەتراپىدا. مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى. تىراژى: ئون مىڭ.

2. «يۇلغۇن چېچەكى». شېئىرلار توپلىمى، 100 مىڭ خەت ئەتراپىدا. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى. تىراژى: 7000.

توپلامغا «ئالقىش ساڭا گۈل يېزام»، «يۇلغۇن چېچەكى» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە شېئىر، «دەۋر ناخشىسى»، «يىپەك ۋادىسىدا سېغىنىش»، «چىمەندە توي» قاتارلىق داستانلار كىرگۈزۈلگەن.

3. «ھەسەن ۋە ھۈسەن». داستانلار توپلىمى، 150 مىڭ خەت. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى. تىراژى: 5000.

4. «سىرلىق سەبدە». ھېكايىلەر توپلىمى، 150 مىڭ خەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى. تىراژى: 8000.

---

بۇ سەھىپە ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۈچتىن ئارتۇق ئەدەبىي ئەسىرى ئاشكارا نەشر قىلىنغان ئاپتورلارنىڭ بارلىق كىتابلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرى جەمئىلىنىپ، تۇنجى كىتابى نەشر قىلىنغان يىل، ئايلىرىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بېرىلدى ھەمدە تاپشۇرۇۋېلىنغان ماتېرىيال ئاساسىدا قىسمەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ۋە مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى قوشۇمچە قىلىندى.

شېئىرلىرى 70- يىللاردىن كېيىن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇ ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ 80 - يىللارنىڭ بېشىدا نىمشېھىت ۋە كلاسسىك شائىر نەۋبەتى ئەسەرلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى بىر قىسىم قولىيازمىلىرىنى يىغىپ، رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان. كلاسسىك كىتابلارنى تۈرگە ئايرىپ، كاتولوگ ئىشلىگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاسار ئەتىقە ئورنىدا ئىشلەش داۋامىدا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - رەتلەشكە قاتناشقان، 2004 - يىلى دىم ئېلىشقا چىققان.

ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئەزاسى.

«باھار دانىش». مۇھەممەتئىمىن تۇردى نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇ ۋەقەلىكنى يېزىش ئارقىلىق سۇيۇرگە ئاخۇنغا ۋە شۇ باشلىق ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانلارغا بەدىئىي ئابىدە تىكلەپ، ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنى، يەرلىك ھۆكۇمرانلارنىڭ ساتقىنلىقىنى پاش قىلغان.

7. «ئۈچ بولكا». بالىلار ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ھېكايىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل نەشرى. 1 - نەشرى 7000، 2 - نەشرى 5000 تىراژدا تارقىتىلغان. بۇ توپلامغا «پىلە قۇرتى»، «خىجىللىق»، «ئاق كەپتەر»، «ئۈچ دوست»، «ئۈچ بولكا» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

8. «تۇمانلىق دۇنيا». پوۋېستلار توپلىمى، 120 مىڭ خەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى. 1 - نەشرى 7000، 2 - نەشرى 5000 تىراژدا تارقىتىلغان.

توپلامغا يازغۇچىنىڭ 1987 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان «ھەي، ئادەملەر»، «مەن يىغلىماي كىم يىغلايدۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. «كۆن قاياقتىن چىقتى». ھېكايىلەر توپلىمى، خەنزۇچە. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى. تىراژى: 7000.

10. «سىرلىق كارۋان». كىنو سېنارىيەسى، 60 مىڭ خەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل نەشرى، تىراژى: 8000.

11. «داغ». تارىخىي رومان، 350 مىڭ خەت. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997 - يىل 1 - نەشرى. 2 - ۋە 3 - قېتىم قايتا بېسىلغان، تىراژى: 35 مىڭ.

بۇ چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسەر جەمئىي بەش قىسىم، 50 بابتىن تەشكىل تاپقان. روماندا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى، جۈملىدىن خوتەن خەلقى 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا باشتىن كەچۈرگەن ئاجايىپ قىسمەتلەر، ئېچىنىشلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ۋەھشىيلىكى، خەلقنىڭ جەڭگىۋار كۈرەشلىرى...

5. «ئاجايىپ كۆزلەر». ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى، 130 مىڭ خەت. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 1 - نەشرى. 7000 تىراژدا تارقىتىلغان. 2 - نەشرىنىڭ تىراژى: 5000.

بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ «پۇل»، «كۈن نەدىن چىقتى»، «بۇمۇ بىر ھېكايە»، «ئاجايىپ كۆزلەر» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

6. «تۈندىكى چاقماق». تارىخىي رومان. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى. 300 مىڭ خەت. بۇ رومان يەنە 2 -، 3 - قېتىم قايتا بېسىلىپ جەمئىي 30 مىڭ تىراژدا تارقىتىلغان.

بۇ روماندا 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «چىرا ۋەقەسى» بايان قىلىنغان. قاراقۇرۇم تاغلىرى باغرىدىكى ئەمگەكچى خەلق يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ، زالىم كۈچلەرنىڭ چىدىغۇسىز زۇلمىغا، يولسىزلىقلىرىغا ئۇچراپ، ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ، ھەر خىل نارازىلىق ھەرىكەتلىرى بولسىمۇ، چوڭ نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دەل مۇشۇ مەزگىلدە دىنىي قىياپەتكە كىرىۋالغان «ئاقپاشا» جاسۇسى سېيىت ھاجى چىرىغا كېلىپ، چارروسىيە پاسپورتىنى تارقىتىدۇ ھەم خەلقنى روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئالۋان - ياساق، زۇلۇم - زورلۇقتىن ۋاقىتلىق قۇتۇلدۇرىدىغان پاسپورتنى خېلى كۆپ كىشىلەر ئېلىپ روسىيە تەۋەلىكىگە ئۆتىدۇ، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بۇ ئىشنى تۇسۇيالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا خەلق قەھرىمانى سۇپۇرگە ئاخۇن ئۆز مىللىتىنى، يۇرتىنى سۆيىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ئۆز زېمىنىنى، مىللىي غۇرۇرىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا سېيىت ھاجى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش ئېلىپ بېرىپ غەلىبە قازىنىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن ئالاقزادە بولغان ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىدىن، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن قورقۇپ، خەلق قەھرىمانى، ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى سۇپۇرگە ئاخۇنغا

تىراژى: 17 مىڭ.

18. «بوز دالا». ژانىرى: رومان، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 568 بەت، تىراژى: 4000.

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ روماندا يازغۇچى، مىلادىيە 744-يىلى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ 8-قاغانى قۇتلۇق بىلگەقاغاننىڭ ئۆمۈر تارىخىنى يېزىش ئارقىلىق، بۇ قاغانلىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان قويۇق سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرى قۇتلۇق قاغان ئوبرازى ئارقىلىق دەلىللەنگەن.

[قوشۇمچە] ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەسەرلىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى:

♣ «ئۈچ بولكا» ناملىق كىتابىغا 1983 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى»؛

♣ «چىمەندە توي» ناملىق داستانىغا 1984 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ «كامىل ھاكىمنىڭ ئېيتقانلىرى» ناملىق ئوچېركىغا 1985 - يىلى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو ياشلار ژۇرناللىرى جەمئىيىتى، دۆلەتلىك ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى قەرەللىك ژۇرناللار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن مەملىكەتلىك ياشلار ژۇرناللىرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى»؛

♣ «سېرىق سەبدە» ناملىق پوۋېستىغا 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ «داغ» ناملىق رومانىغا 1998 - يىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى

تەسۋىرلەنگەن. ئاساسلىق قىلىپ ياقۇپ بەگنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئورۇشى قوزغاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ زېمىنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغانلىقى، جۇملىدىن خوتەنگە باستۇرۇپ كېلىپ، قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان. روماند يازغۇچى نىياز ھېكىمبەگدىن ئىبارەت ۋەھشىي، ھىيلىگەر، بىر مۇناپىق ئوبرازىنى ناھايىتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان ۋە ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى رومانىنىڭ ئاساسلىق سۈژىت لىنىيىسى قىلغان.

12. «ساياھەتنامە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى. يەتتە دۆلەت ساياھىتىدىن يېزىلغان بۇ كىتاب ئون مىڭ تىراژدا تارقىتىلغان.

13. «ياۋروپادا نېمىلەرنى كۆردۈم». ساياھەت خاتىرىسى، 120 مىڭ خەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، تىراژى: 8000.

14. «ئامېرىكىدا 15 كۈن». ساياھەت خاتىرىسى، 130 مىڭ خەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى، تىراژى: 8000.

15. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (تۈزگەن). بالىلار ئۈچۈن ئىشلەنگەن يۇرۇشلۇك رەڭلىك رەسىملىك كىتابلار، ئون قىسىمدىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى.

16. «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» (تۈزگەن). بۇ يۇرۇشلۇك ئون قىسىم كىتاب رەڭلىك چاتما رەسىملەر، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تېكىست چۈشەندۈرۈشلىرىدىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى، تىراژى: 17 مىڭ.

17. «ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى» (تۈزگەن). بۇ يۇرۇشلۇك ئون قىسىم كىتاب رەڭلىك چاتما رەسىملەر، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە تېكىست - چۈشەندۈرۈشلەردىن تەركىب تاپقان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى،

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىگە 1963-يىلى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «تالمايدىكەن بىلىكى» ناملىق شېئىرى بىلەن كىرىپ كەلگەن. گەرچە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەر خىل ژانىرلاردا بولسىمۇ، دەسلەپكى باسقۇچتا شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ئۇنىڭ «خوتەن قەغىزى»، «قەشقەر ھەققىدە ئۈچ غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. ئۇ 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرلىرىدا داستان يېزىشقا كىرىشىپ. 1978-يىلىدىن 1983-يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنە بەش يىل ئىچىدە «گۈلزۇپەر»، «پولات»، «دوستۇمنىڭ خاتىرىسى»، «چىمەندە توي»، «قارا ۋە ئاق»، «ھەسەن-ھۈسەن» قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تونۇلغان يازغۇچى. ئۇ 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن تارتىپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئاجايىپ كۆزلەر»، «يەر»، «كۆن نەدىن چىققىدۇ»، «سىرلىق سەبدە»، «ھەي، ئادەملەر»، «ئىنسان قەدرى»، «كۆلەيمۇ، يا يىغلايمۇ» قاتارلىق بىر تۈركۈم ياخشى ھېكايىلەرنى يېزىپ، كىتابخانلارغا سۇندى. يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگىچە بولغاچقا، بۇ ھېكايىلەردە تۇرمۇشنىڭ ئاددىي، كۆرۈنۈشتىكى تەرەپلىرى يېزىلىپ، ماھىيەتلىك مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ ھېكايىلەر كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولۇپ كىشىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ.

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم كېيىنچە ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈپ، «تۇندىكى چاقماق»، «داغ»، «بوز دالا» ناملىق ئۈچ پارچە تارىخىي رومانىنى نەشر قىلدۇردى. يازغۇچىنىڭ بۇ رومانلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان بولۇپ، قىزغىن ئالقىشقا، يۇقىرى باھالارغا سازاۋەر بولدى.

ئەبەيدۇلل ئىبراھىم «تۇندىكى چاقماق» رومانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ رومانچىلىقىغا ئاساس سالغان بولسا، «داغ» ۋە «بوز دالا»

قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتابلىرى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى؛

♣ ئۇ لايىھىلىگەن «داپ ۋە قۇياش» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن) ناملىق ئەسەرگە 1987 - يىلى مەركىزىي ئىتتىپاق كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو ياشلار ژۇرناللىرى جەمئىيىتى، دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى قەرەللىك ژۇرناللار ئىدارىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر مۇقاۋا لايىھىسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى قاتارلىقلار بار.

---

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت يولى ۋە ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، گۈللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ قايىللىقىغا، يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن دەۋرىمىزدىكى مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بىرى.

ئۇ 1951-يىلى چىرا ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1957-يىلىدىن 1966-يىلىغىچە باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1972-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1976-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغاندىن بۇيان شۇ ژۇرنالدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو



يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو قەرەللىك ژۇرناللار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ياشلار گېزىت-ژۇرناللىرى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، «شىنجاڭ ياشلىرى» (ئۇيغۇرچە) ۋە «سۇبھى (خەنزۇچە)» ژۇرناللىرىنىڭ باش مۇھەررىرى.

8. «ئانا رىۋايىتى». شېئىرىي رىۋايەتلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.
توپلامغا شائىرنىڭ «ئانا رىۋايىتى» قاتارلىق سەككىز پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى سەككىز پارچە ئەسەرنىڭ بىر قىسمىدا خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ئىجابىي ھالدا نەزملەشتۈرۈلگەن.
9. «ئۆلۈكلەر ۋە تىرىكلەر». شېئىرلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1992 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى.
شائىرنىڭ 50 ياشقا كىرگەنلىكى، ئىجادىيىتىگە 35 يىل بولغانلىقىغا بېغىشلانغان بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1978 - يىلدىن 1991 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يازغان «قەلبىمدىكى ھەيكەللەر»، «رومانتىك خەتلەر» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى، بىرمۇنچە غەزەل - رۇبائىيلىرى ۋە «ساداقەت» ناملىق داستانى كىرگۈزۈلگەن.

## روزى سايىت ئەسەرلىرى

1. «قاشتېشىنىڭ رىۋايىتى» (شېئىرىي چۆچەكلەر). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل 6 - ئاي نەشرى.
بۇ توپلامغا ئاجايىپ پاساھەت بىلەن يېزىلغان سەككىز پارچە چۆچەك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 2073 مىسرا، كىتابنىڭ بەت سانى 163 بەت. بۇ ئاپتورنىڭ تۇنجى نەشر قىلىنغان كىتابى ھېسابلىنىدۇ.
بۇ چۆچەكلەرنىڭ بەزىلىرى ئىجادىي يوسۇندا، بەزىلىرى خەلق چۆچەكلىرىنى شېئىرلاشتۇرۇش ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان.
2. «بۇ قىز كىمنى تاللىسۇن» (داستانلار). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 - يىل 12 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامغا بەش پارچە داستان كىرگۈزۈلگەن، 210 بەت. جەمئىي 5004 مىسرادىن ئارتۇق.
3. «مەرھابا» (شېئىرلار). شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل 1 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامغا جەمئىي 32 پارچە شېئىر - غەزەل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 88 بەت، 1200

رومانى ئارقىلىق رومان ئىجادىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان.

## مامۇت زايىت ئەسەرلىرى

1. «گۈلمىرۇي». شېئىرىي رومان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى.

بۇ شېئىرىي روماندا ئەمگەكچان، باتۇر تاجىك ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە تارتقان ئازاب ئوقۇبەتلىرى، كونا جەمئىيەتتە ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئەكسىيەتچىلەرگە، زالىم - ئەزگۈچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە كۈرەشلىرى شەرق كلاسسىك داستانچىلىق شەكلى ۋە جانلىق، گۈزەل تىل ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

2. «كارۋان بۇيۇك نەزمىسى». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.

توپلامغا شائىرنىڭ «يىللار سىرى»، «بۆشۈك يېنىدا» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى كىرگۈزۈلگەن.

3. «خانتەڭرى قىزى». شېئىرلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.

4. «باھار قارلىغاچلىرى». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

5. «چارەك ئەسىر نەزمىسى». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

6. «سېنى كۈتىمەن». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى.

7. «ئات جۇۋازدا، كالا مەيدە». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.

توپلامغا شائىرنىڭ «ئۆمۈر خاتىرىلىرى»، «ھىجران قوشاقلىرى»، «ياشلىق ئۇنچىلىرى» قاتارلىق گۇرۇپپىلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. «پاھ، دېھقاننىڭ ھەيكىلى» (شېئىرلار). شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىل 7 ـ ئاي نەشرى. بۇ توپلام جەمئىي 203 بەت بولۇپ، بېشىدا ئاپتورنىڭ بېغىشلىمىسى بار، جەمئىي 4460 مىسرادىن ئارتۇق. بۇ توپلامغا شائىرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا داغدۇغا قوزغىغان دېھقانلار ھەققىدىكى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

10. «ئاھ، ئۈزاقتا سوزۇلغان شېرىن چۈش» (شېئىرلار). شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى. بۇ توپلام 157 بەت، جەمئىي 30 پارچە شېئىر ۋە شېئىرىي سېكىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تەخمىنەن 3768 مىسرا چىقىدۇ.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى كىتابلىرىدىن تاللانغان «روزى سايىت شېئىرلىرى» ناملىق ئىككى كىتاب 2002 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

[قوشۇمچە] روزى سايىت ئەسەرلىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى:

♣ 1983 ـ يىل 5 ـ ئايدا «بارات يازغان ھېكايە» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مۇنەۋۋەر بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش ھەيئىتى تەرىپىدىن 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛

♣ 1984 ـ يىل 3 ـ ئايدا «ياشلىقىم، باھار بەختىم» ناملىق شېئىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى، مەدەنىيەت نازارىتى ۋە جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 2 ـ نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ» ئاۋازى مۇزىكا كۆرىكىدە 3 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

♣ 1985 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، «غۇنچەمنىڭ بەختى» ناملىق بالىلار داستانى خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى، مىللىي ئىشلار باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى

مىسرادىن ئارتۇق.

توپلامغا شائىرنىڭ «يەر، قۇياش بار، مەنمۇ بار»، «يېڭى تەرمىلىرى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «سېنى گۈللەش مېنىڭ ئەھدىم» «ئون يىل غەزەللىرى»، «هامان بىلىدۇ» قاتارلىق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

4. «كۆڭۈلدىكى گەپلەر» (شېئىرلار). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 - يىل 2 - ئاي نەشرى. بۇ كىتابقا 28 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. جەمئىي 166 بەت، 4150 مىسرا.

توپلامغا شائىرنىڭ «بۇغدا تەسىراتلىرى»، «باغنىڭ تويى — باغۋەنىم تويى»، «بۇ — خوتەن، بۇ مەن»، «ئاچچىق - چۇچۇك پاراڭلار» قاتارلىق شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

5. «خىيالدىن تۆرەلگەن خىياللار» (شېئىرلار). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى. شېئىر ۋە شېئىرىي سېكىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 203 بەت، 4872 مىسرا.

6. «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار» (شېئىرلار). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 - يىل 5 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامغا 118 پارچە شېئىر ۋە سېكىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 180 بەت، 4320 مىسرا شېئىر ۋە غەزەلدىن تەركىب تاپقان.

توپلامغا شائىرنىڭ «خىيالدىن تۆرەلگەن خىياللار»، «مىللىتىمگە بىر سۆز» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

7. «رۇبائىي ۋە تۇيۇقلار». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 12 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامنىڭ ھەجىمى 166 بەت بولۇپ، ھەربىر بەتكە تۆتتىن رۇبائىي ياكى تۇيۇق بېسىلغان، جەمئىي 664 پارچە، 2656 مىسرا.

8. «دېھقان كۆلكىسى» (شېئىرلار)». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي نەشرى. بۇ توپلامغا 81 پارچە شېئىر ۋە بىر پارچە داستان كىرگۈزۈلگەن، ھەجىمى 239 بەت، تەخمىنەن 5760 مىسرا.

تېكىستى شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛
♣ 1990 - يىل 10 - ئايدا «ئايگۈلنىڭ ھېكايىسى» ناملىق ئەسىرى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۇنجى نۆۋەتلىك «تارىم» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛
♣ 1991 - يىل 8 - ئايدا «كونا مەرەز، يېڭى ئاپەت» ناملىق ئەسىرى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن 1988 -، 1991 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 2 - دەرىجىگە ئېرىشكەن؛
♣ 1992 - يىل 7 - ئايدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» (1991 - يىللىق 6 - ئايلىق سانى) دا ئېلان قىلىنغان «ئىككى شېئىر» ناملىق ئەسىرى 1991 - يىللىق شىنجاڭدىكى گېزىتلەرنىڭ ئەدەبىيات بەتلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاشتا 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛
♣ 1992 - يىل 10 - ئايدا «مۇھەببەتلىك ناخشا» ناملىق ئەسىرى 4 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن؛
♣ 1992 - يىل 12 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» (11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى) غا بېرىلگەن «پاھ! دېھقاننىڭ ھەيكىلى» ناملىق ئەسىرى خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ئالاھىدە دەرىجە» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛
♣ 1993 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «تەڭرىتاغ قەلەمكەشلەر يىغىنى» دا «ئۈچ غەزەل» ناملىق ئەسىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛
♣ 1993 - يىل 11 - ئايدا «ئاتچان يولىدا مەخمەل پاياندار» ناملىق ئەسىرى 1993 - يىللىق «پاياندار» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالانغان؛
♣ 1994 - يىل 5 - ئايدا «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»

تەھرىر بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋ
ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛
♣ ئاپتور 1985 - يىلى 6 - ئايدا مەملىكەتلىك «چېگرا رايو
مۇنەۋۋەر ئوغۇل - قىزلىرى» مىس مېدالىغا ئېرىشكەن؛
♣ 1986 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇ
مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، جۇڭگو مۇزىكانتلا
جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغار
3 - نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ساداسى» ناخشا - مۇزىكا كۆرىكىدە 3
دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛
♣ 1987 - يىلى 5 - ئايدا «چۈشنامە» ناملىق ئەسىرى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياش - ئۆسمۈرلەر مەدەنىيەت - سەنئەت
كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛
♣ 1987 - يىلى «ئۈمىد ۋە باشقىلار» ناملىق ئەسىرى ئۈرۈمچى
«كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن 1986 - يىللىق ئەدەبىي
ئەسەرلەرنى باھالاشتا مۇكاپاتلانغان؛
♣ 1987 - يىلى 11 - ئايدا «كۆڭۈلدىكى گەپلەر» ناملىق ئەسىرى
شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىلەن شىنجاڭ ئۈن - سىن
نەشرىياتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان 2 - قېتىملىق ناخشا - مۇزىكا
ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا
ئېرىشكەن؛
♣ 1988 - يىلى 8 - ئايدا «ھايات قەسىدىسى» ناملىق ئەسىرى
خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى،
مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات
ئېرىشكەن؛
♣ 1988 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى تەرىپىدىن 1988
يىلىدىن 1993 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋە
مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالانغان؛
♣ 1989 - يىلى 11 - ئايدا «ئۇيغۇر قىزى» ناملىق ناخش

مەھكىمە تەرىپىدىن تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىمى «ئايەم كۆلكىسى»، «ئانا يۇرتتا ئالتۇن كۆز» نى ئىشلەشتە «ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان» دەپ باھالانغان؛

♣ 1996 - يىل 9 - ئايدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 7 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن «قالىدۇ»، «قىزىمغا» ناملىق ئەسىرى 2 - دەرىجىلىك، «يول ناخشىسى» ناملىق ئەسىرى 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

♣ 1996 - يىل 12 - ئايدا «پاھ، دېھقانىنىڭ ھەيكىلى» ناملىق شېئىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1995 - يىللىق «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

♣ 1997 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن باللار ناخشىسى ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە «باراۋان ناخشىسى» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىكانتلار جەمئىيىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛

♣ 1997 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن 8 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا ئىجادىيەت مۇسابىقىسىدە «ئاچ كۆزۈڭنى»، «سۆيۈملۈك دېھقان» قاتارلىق ئالتە پارچە ناخشا تېكىستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1-، 2- ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛

♣ 1997 - يىل 12 - ئايدا «يول راۋان، ئەل شادىمان» ناملىق مۇكاپاتلىق ئەسەر قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە «سالام يولچى» سەرلەۋھىلىك ئەدەبىي ئەسىرى خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىگە ئېرىشكەن؛

(10 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى 4 - بېتى) غا بېسىلغان «بالىلا پۇلىغا زار، چىرىكلەر بەتخەج» ناملىق شېئىرى «ئاسىيا كىندىك گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1993 - يىللىق «ياخشى ئەسەر بولۇپ باھالانغان؛

♣ «مۇھەببەتتىن پۈتكەن ناخشىلار»، «بىر دەستە گۈل» ناملىق ئەسەرلىرى 1994 - يىل 7 - ئايدا 1992 -، 1994 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرى باھالاشتا، خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

1994 - يىل 10 - ئايدا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق ناخشا قوبۇل قىلىش مۇسابىقىسىدە «جاھان كەڭرى، يول كەڭرى»، «يول راۋان، ئەل شادىمان»، «شۇنداقمىدى مۇھەببەت» قاتارلىق سەككىز پارچە ناخشا تېكىستى 1-، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن؛

♣ 1995 - يىل 4 - ئايدا «دېھقان يىغلايدۇ» ناملىق شېئىرى 4 - نۆۋەتلىك گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى، گېزىت ئەدەبىيات بەتلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن؛

♣ 1995 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1995 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس» بولۇپ باھالانغان؛

♣ 1995 - يىل 12 - ئايدا «خوتەندە راۋان يوللار»، «تاشيول ئىشچىسىنىڭ قەلب سۆزى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى «يول ئىشقى - دىل ئىشقى» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ماقالە قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئالاھىدە» ۋە «3 - دەرىجە» بولۇپ باھالانغان؛

♣ ئاپتور 1996 - يىل 5 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي

پارچە شېئىر، بىر پارچە داستان ۋە بىر پارچە باللادا كىرگۈزۈلگەن. 980 كۇپلېتتىن ئارتۇق بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 1965 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە بولغان 16 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا شائىرنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق ھەۋەسلىرىدىن تۇغۇلغان ساددا ھېسسىيات ئەكس ئەتكەن ئەسەرلەرمۇ، «مەدەنىيەت قەھەتچىلىكى» يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىنكى «تېما ئەركىنلىكى» دىن بەھرىلىنىپ يېزىلغان چوڭقۇر شېئىرىي پىكىرلىك ئەسەرلەرمۇ بار. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «گۈلۋاغ ناخشىلىرى»، «جەنۇب غەزەللىرى»، «ناخشا مۇھەببىتى»، «قەلبىم سۆزى»، «ھايات غەزەللىرى» قاتارلىق ئەسەرلەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلار بولۇپ، ئىنسانىي مۇھەببەت، كىشىلىك ئىززەت، ئىنتىلىش تۇيغۇلىرى يېڭى سۈرئەت، قويۇق شېئىرىي بوشلۇق، مۇكەممەل ئىچكى ۋە تاشقى قۇرۇلما ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىر قىسىم شېئىرلار كىتابخانلار تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ، ئوبزورلار ئېلان قىلىنغان. بۇ كىتاب 1994 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن موسكۋا خەلقئارا كىتاب يەرمەنكىسىگە قويۇلۇپ، كۆرگەزمە قىلىنىپ سېتىلغان.

2. «ھايات ئۈنچىلىرى». ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1984 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 230 بەت. تىراژى: 3350.

بۇ كىتابقا 82 پارچە شېئىر، ئۈچ پارچە داستان - باللادا كىرگۈزۈلگەن. 1500 كۇپلېتتىن ئارتۇق بۇ ئەسەرلەر 1974 - يىلىدىن 1984 - يىلىغىچە يېزىلغان. شېئىرلار تېما جەھەتتىن مۇھەببەت، پاكلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ديانەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ كىتاب ئىچىدىكى «غەزەللەر» ئىستونىدا بېرىلگەن شېئىرلار ئۆزىدىكى شېئىرىي پىكىرنىڭ جۇشقۇنلۇقى، ئۆزگىچىلىكى؛ كلاسسىك غەزەلىياتلارنىڭ پاساھىتىنى بېيىتلاردا نامايان قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ كىتاب ئىچىدىكى «بىنەپشە چېچەكلىرى» ناملىق داستان ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكىگە تاللاپ ئېلىنىپ بىر مەزگىل دەرسلىك

♣ ئاپتور 1998 - يىل 1 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» تەھر
بۆلۈمى تەرىپىدىن 1997 - يىللىق «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر
بولۇپ باھالانغان ۋە 3 - دەرىجىگە ئېرىشكەن؛
♣ 1999 - يىل 4 - ئايدا «روھنى پاكلاش تەس» ناملىز
شېئىرى بايىنغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «بوستان
ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «ئالتۇن تاغ ئەدەبىيات مۇكاپاتى
غا ۋە 8 - ئايدا 9 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غ
ئېرىشكەن؛
♣ 1999 - يىل 9 - ئايدا دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى، ئاۋمېنىنىڭ
ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن
ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئەسەر «ھاياتلىق كەۋسىرى» نى
تەييارلاش جەريانىدا تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، نىيا ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەقدىرلەنگەن؛
♣ 2001 - يىل 8 - ئايدا «ئۇيغۇر گىلىمى» ناملىق شېئىرى
11 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن؛
♣ 2002 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە، شىنجاڭ
خەلق رادىئو ئىستانسىسى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى
بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان مەملىكەتلىك 13 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق
ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇسابىقىسىدە «دوستلۇق تەبرى» ،
«گۈزەل دىيارىم» ، «دىيارىڭ گۈزەل» قاتارلىق يەتتە پارچە ناخش
تېكىستى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - ۋە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت
مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## ئابدۇللا سۇلايمان ئەسەرلىرى

1. «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى». ژانىرى: شېئىر. جۇڭگ
يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن
بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، كىتا
نومۇرى: M10049(4)132، كىچىك 32 كەسلەم، 245 بەت
تىراژى: 5000.
«يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى» شائىرنىڭ تۇنجى كىتابى، ئۇنىڭغا 18

ئوخشاش تەبىئىي چېتىلغانلىقى بىلەنمۇ ئۆزگىچىلىككە ئىگە.

4. «بۇ مۇھەببەت ــ بۇ ياشلىق». شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7— 228 — 01430 — 8I/.480، كىچىك 32 كەسلەم، 210 بەت. تىراژى: 2850.

بۇ كىتابقا شائىرنىڭ 1964 - يىلدىن 1984 - يىلىغىچە يازغان 97 پارچە شېئىرى ۋە بىر پارچە داستانى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر جەمئىي 1020 كۇپلېت ــ 4080 مىسرادىن ئارتۇق. شېئىرلار شەكىل جەھەتتىن بارماق، ئارۇز ۋەزنى ۋە چاچما شېئىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابتىكى «كۆكۈل چەشمىلىرى»، «ھاياتقا مۇھەببەت» سەرلەۋھىسى ئاستىدا بېرىلگەن بىر بۆلۈك ئەسەرلەردە ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك ھېسسىياتى قايناق لىرىكا، مول تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

5. «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق». ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5371—1059I/X—.373، كىچىك 32 كەسلەم. تىراژى: 3120.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 1980 - يىلدىن 1991 - يىلىغىچە يازغان 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 960 كۇپلېتتىن ئارتۇق. شېئىرلاردا ھايات، كىشىلىك قاراش، تەبىئەت ۋە ئىنسان بىرلىكى قاتارلىق تېمىلار ھېكمەتلىك شېئىرىي ھېسسىيات، قويۇق شېئىرىي بوشلۇق ۋە پىشقان تىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان. «ئېرىشكىنىم كۆپتۇر مېنىڭ يوقاتقاندىن»، «ھەل قىلىدۇ ۋاقىت ھەممىنى»، «مېنىڭ ئىلاھىم»، «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار شائىر تالانتىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە كىتابخانلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

6. «بىر ئادەم ــ بىر ئالەم». كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: داستان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0470/X—1.118، چوڭ 32 كەسلەم، 136 بەت. تىراژى: 3070.

قىلىپ ئوقۇلغان.

3. «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن». ژانىرى: داستان ۋە باللادا. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى 58 — M10264، كىچىك 32 كەسلەم، 224 بەت. تىراژى: 6400.

بۇ كىتابقا ئالتە پارچە داستان، ئىككى باللادا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 4928 مىسرا، 1232 كۇپلېت. كىتاب نامى قىلىنغان «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» ناملىق داستاندا شائىر ئەينى يىللاردىكى «چەكلەنگەن رايون» لارغا بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىپ، شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 1947 - يىلى خوتەنگە كەلگەن قىسقا سەپىرىدە خوتەن شەھىرىدە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت مۇھىت، كونكرېت ۋەقە ئارقىلىق تارىخنىڭ ئاشۇ يالقۇنلۇق قۇرلىرىنى جۇشقۇن ھېسسىيات بىلەن سۈرەتلىگەن. بۇ داستان، ئەخمەتجان قاسىمى توغرىسىدا 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن 80 - يىللىرىغا قەدەر يىرىك ئەدەبىي ئەسەر يېزىلمىغانلىقىدەك ھالەتكە خاتىمە بەرگەنلىكى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. بۇ كىتابتىكى «شېھىتلەر مەقبەرىسى» ناملىق داستانمۇ مىلادىيە 1200 - يىللاردا ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى باغچا بازىرى ئەللامە كەنتىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەللامە ئالاھىددىن مۇھەممەد خوتەنى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ كاتتا ئالىمنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ئۆز ئەقىدىسى، ئېتىقادى يولىدا دۈشمىنى قولىدا دەرۋازىغا مىخلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانلىرى ئەنئەنىۋى داستانچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن ئىپادىلىنىپ، مۇشۇ تېمىدا يېزىلغان تۇنجى ئەدەبىي ئەسەر بولغان.

كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «يۇرتۇمنىڭ كىشىلىرى» ماۋزۇسىدىكى داستان رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە تۇرمۇش دېتاللىرى ئارقىلىق خىلمۇ خىل كىشىلەرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىش جەھەتلەردىلا ئەمەس بەلكى داستاندىكى ھەربىر بەش مىسرالىق كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزنى كېيىنكى كۇپلېتنىڭ بېشىغا قويۇپ، باشتىن - ئاخىر زەنجىرگ

تۈرى: ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: 4—0198—5873—ISBN7، كىچىك 32 كەسلەم، 756 بەت، تىراژى: 6350.

بۇ كىتابقا يېزىقچىلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى، ژانىرلار يېزىقچىلىقى، ماھارەت ئاساسلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تېما ئاستىدىكى 15 بابلىق مەزمۇن ئەتراپلىق ۋە ئىخچام سوئال - جاۋاب شەكلى بىلەن بايان قىلىنغان. شەرھى بىلەن مىساللار زىچ ماسلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يەرلىك ئاپتورلار ئەسەرلىرىدىن ستاتا ۋە نەمۇنە ئېلىش كىتابنىڭ يەنە بىر ئۆزگىچىلىكىدۇر. ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، كەڭ يېزىقچىلىق ھەۋەسكارلىرىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن قولايلىق قىلىپ يېزىلغان بۇ كىتاب ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەردە ئالقىشلىنىپ، ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

9. «ئىجادىيەت — تىل سەنئىتى». ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: 5—2935—5371—ISBN7، چوڭ 32 كەسلەم، 238 بەت. تىراژى: 3070.

بۇ كىتابقا ئابدۇللا سۇلايماننىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە يېزىقچىلىق تەتقىقاتى قاتارلىقلار بويىچە يازغان 14 پارچە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېما ئۆزگىچىلىككە ئىگە، تېمىنى دەلىللەش ئۇچۇن كەلتۈرۈلگەن ئىسپات ۋە نەقىللەر يېڭى ۋە چوڭقۇر. بىر قىسىم ماقالىلەردە ئاپتورنىڭ ئۆزۈن يىللىق يېزىقچىلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى ۋە يېڭىچە قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى.

10. «يېزىقچىلىق ئاساسلىرىدىن كونسۇلتاتسىيە». كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: 7—2142—5371—ISBN7، چوڭ 32 كەسلەم، 201 بەت. تىراژى: 7070.

شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نەشر قىلىنغان بۇ كىتابقا ئۇنىڭ بەش پارچە داستانى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەربىر داستاندا بىر چوڭ ئىجتىمائىي تېما مۇكەممەل سۇژىت، پۇختا قۇرۇلما، ئاممىباب تىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. «بىر ئادەم — بىر ئالەم» ناملىق داستاندا شائىر: ئىنسانىنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈپ كېتىشى ۋە بۇ ئارىلىقتىكى ھاياتىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى كونكرېت مۇھىت - شارائىت بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئادەم ۋە ئالەم چۈشەنچىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلغان. كۈندىلىك خاتىرە شەكلىدە يېزىلغان «مۇھەببەت خاتىرىلىرى» ناملىق داستانمۇ بىرقانچە كېسىك نۇقتىلارنى تاللاپ، سۇژىت قۇرۇلمىسىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى قاتلاملىرىنىڭ بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغانلىقى بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 3400 مىسرادىن ئارتۇق بولغان بۇ بەش پارچە ئەسەر شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى يىرىك مەنىۋى ئەمگەكلىرىدۇر.

7. «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق». كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—05110—6، كىچىك 32 كەسلەم، 207 بەت. تىراژى: 3000.

بۇ كىتابقا شائىرنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80-، 90-يىللىرىدا يازغان 108 پارچە شېئىرى، ئۈچ پارچە داستانى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇن مىڭ مىسرادىن ئارتۇق.

«ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي ئەسەرلەر ئىچىدە «خىيال قەسىدىسى»، «مەن كۆلدۈم — مەن يىغلىدىم»، «سەۋدالىق چۆقانلىرى»، «تۇرپان غەزەللىرى»، «كېچىكىپ ئېيتقان كونا ناخشىلار»، «تەپەككۇر گۈلدەستىسى»، «سۆكۈتتىكى نەپەسلەر»، «بىر بېشىم — مىڭ بىر ئىشىم»، «خاتىرەمدىن خاتىمىلەر» قاتارلىق شېئىرلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

8. «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال - جاۋاب». كىتا

ماھارەت ۋە كۆپ خىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەر ئومۇمىي پەن فىلولوگىيە ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە مەزمۇنلار ئىخچام، ئامىباب ۋە شەرھى بىلەن مىسال بىر گەۋدىلەشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان.

13. «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى». ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. كىتابنىڭ يەنە بىر تۈزگۈچىسى ئەركىن ئوغۇز ئابدۇرېھىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: 5 — 4186 — ISBN7—5370، چوڭ 32 كەسلەم، 427 بەت. تىرازى: 2500.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى بويىچە يېڭى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن يىرىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۈچ بۆلۈم 29 بابتىن تۈزۈلگەن. 14 بابنى ئابدۇللا سۇلايمان تەييارلاپ، پۈتۈن كىتابنىڭ ئومۇمىي ئورگىنالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىمۇ ئىشلىگەن. كىتابتىكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى دەۋرىگە تەۋە بولغان 50 دىن ئارتۇق ئەدىبنىڭ ۋە بۇ دەۋردىكى بىر قىسىم داستانچىلار، قوشاقچىلارنىڭ ئىجادىي ھاياتى، ئەسەرلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر، ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

14. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». (تۈزگەن). ئۈنىۋېرسال ئىلمىي ئوقۇشلۇق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1- نەشرى، كىتاب نومۇرى: 7 —08242—228—ISBN7. فورماتى: 1230×880، چوڭ 32 كەسلەم، تىرازى: 4500. جەمئىي 2260 بەت.

بۇ شۇ ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ ئالدىنقى ئالتە تومى بولۇپ، ئەسلى پىلانلانغان 24 چوڭ تېمىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئالتە توم توغرىسىدا مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ تۆۋەندىكى ماقالىسىدىن («شىنجاڭ «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 3-، 4- بىرلەشمە سانى) ئېلىنغان بايانلاردا مۇنداق دېيىلگەن:

بۇ كىتاب ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈلگەن دەرسلىك ئاساسىدا، ھاۋالە قىلغۇچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئىخچام ۋە ئاممىباب قىلىپ ئىشلەنگەن.

11. «ئۆلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى». ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—05130G/O— . 514 • فورماتى: 787×1092mm، چوڭ 32 كەسلەم، 198 بەت. تىراژى: 8000.

نەشرىياتنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بۇ كىتاب توققۇز ماۋزۇ ئاستىدا يېزىقچىلىق ئاساسىي بىلىملىرى ۋە ماھارەت نەزەرىيىسى سوئال - جاۋابلىق قىلىنىپ، ئىخچام بېرىلگەن. ھەربىر ماۋزۇ ئاستىدىكى سوئال - جاۋابلاردىن كېيىن ھەرقايسى تۈر - ژانىرلاردا يېزىلغان ئۆرنەكلىك 97 پارچە ماقالە - ئەسەرنى تۈزگۈچى بىرقانچە مىڭ پارچە ئەسەر ئىچىدىن تاللاپ تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، يېزىقچىلىق بىلىملىرى ۋە ماھارەت نەزەرىيىسىدىن ئەمەلىي پراكتىكا قىلىش جەھەتلەردە ئۆرنەك بولالايدۇ. بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئىمتىھان بېرىدىغانلار ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولغان.

12. «ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىياتى». ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئالىي مائارىپ باشقارمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7— 5370 — 3965 — 8، چوڭ 32 كەسلەم، 584 بەت.

بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر تۈزگۈچىسى سەمەت تۇرسۇن بولۇپ، ئۇ 1 - بۆلۈم «تىل - يېزىق بىلىملىرى» (جەمئىي 105بەت) نى تۈزگەن.

بۇ كىتاب ئۈچ بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، گرامماتىكا ئەدەبىيات تارىخى (جۇڭگو كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان، ئۇيغۇر كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان، چەت ئەل ئەدەبىياتى تارىخى)، قوللىنىشچان يېزىقچىلىقتىن ئىبارەت دەرسلەردىن ئاساسىي بىلىم ئېلىش، ئاساسىي

دەل لازىم يېرىگە ئورۇنلاشتۇرغان. 215 پارچە ئەسەرنى تاللاش ئۈچۈن نەچچە يۈز پارچە ئەسەر ئوقۇغاندۇ؟ خوتەننىڭ ھەتتا شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان 35 ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىش، ئۈچرىشىش ئۈچۈن قانچىلىك رىيازەت چەككەندۇ؟ كىتابنى كۆرۈپ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار مېڭىمىزدە كۆپىيىپ، مۇئەللىپكە بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىمىز ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. بۇنداق زور روھىي يۈكنى ئاغلىق ھالدا زىممىسىگە ئېلىپ، كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىپ بارالىغان، ئىككى مىليون 200 مىڭ خەتلىك چوڭ ھەجىمدىكى مەنىۋى مەھسۇلاتنى ئون ئايلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلالىغان قەيسەر قەلەمكەشتىن شىنجاڭدا نەچچىسى بار؟ بۇ مۇساپىدىكى چوڭ ئەقلىي خوراشقا، ئېغىر زېھنىي سەرپىياتقا چىداپ ئۆتۈپ كېتىش نەقەدەر مۇشكۇل؟ مانا بۇلار قەلەمكەشلىكنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى باشتىن كەچۈرگەن قەلەم ئىگىلىرىگە سىر ئەمەس.

‹دۇنيادا بىرلا خوتەن بار› دېگەن ماۋزۇدىكى بۇ ئالتە كىتابنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن مۇئەللىپنىڭ ئىقتىدارىغا قايىل بولماي، چاتقال - تىكەنلىك ئۇزۇن مۇساپىنى تېز، غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتكەن قەيسىرانە غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ.

كىتابنى ئوقۇساق قەلبىمىزدە ۋەتىنىمىزدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى مەۋج ئۇرىدۇ. مىللىي روھىمىز تېخىمۇ ئۇرغۇيدۇ. سۆيۈملۈك ئانا يۇرتىمىز خوتەننىڭ ئەتىسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، باي - باياشاد بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلاش ئىرادىمىز تېخىمۇ چىڭىيدۇ».

15. «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى». تۈرى: دەرسلىك. تولۇقلانغان نۇسخىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 - يىل 5 - ئاي 1- نەشرى، 16 كەسلەم، كىتاب نومۇرى: ISBN7 - 5631 - 2018 - 1، 472 بەت. بۇ كىتاب ئەسلىدە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي باشقارمىسى دەرسلىك ماتېرىياللار بۆلۈمى تەرىپىدىن 1996 - يىلى ۋە تولۇقلانغان نۇسخىسى 1999 - يىلى ئىككى قېتىم باستۇرۇلغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

«... بۇ كىتابلاردا خوتەن زېمىنىدا ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرىكى تاش قوراللار دەۋرىدە ئادەم ياشىغاندىن باشلاپ قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان ھەم ھازىرقى زاماندا يۈز بەرگەن چوڭ ۋە مۇھىم ۋەقەلەر بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، خوتەننىڭ پارلاق كەلگۈسى نىشانىمۇ ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ كىتابلاردا يەنە خوتەندىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىقلار، ئېكولوگىيىلىك كۆرۈنۈشلەر تەسىرلىك مىساللار بىلەن سۈرەتلەنگەن. شۇنىڭدەك بۇ كىتابلاردا ھازىر ھايات ياشاۋاتقان ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چۆلپانلىرىمۇ مۇۋاپىق ھەجىمدە ئورۇن ئالغان.

كىتابلاردا يەنە خوتەننىڭ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تارىخ ئېقىنىنىڭ ھەربىر دولقۇنىدا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيىتى، مائارىپى، تېبابەتچىلىكى، يىپەكچىلىكى، گىلەمچىلىكى، قاشتاش قازمىچىلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تۈرلىرىدىن ئۆرنەكلەر ھەم يىرىك نامايەندە زاتلار تونۇشتۇرۇلغان.

دېمەك، بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ئەتراپلىق بولۇپ، ئوقۇرمەن خوتەننىڭ قايسى تەرىپىنى، قايسى ساھەسىنى بىلىشكە قىزىقسا ‹دۇنيادا بىرلا خوتەن بار› دېگەن ماۋزۇدىكى كىتابلاردىن ئىبارەت بۇ كەڭ مەنبۇى زېمىن ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى يېتەرلىك ماتېرىياللار بىلەن قاندۇرالايدۇ.

خوتەنگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مۇھىم مەلۇماتلار مۇجەسسەملەنگەن، يېتەرلىك ماتېرىيال مەنبەسى، ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تولغان بۇ قورال كىتابلار خوتەننى تەتقىق قىلغۇچىلارنى تاش ئىزدەپ باغقا، گۈل ئىزدەپ چۆلگە بېرىپ قېلىش ئاۋارىچىلىقىدىن خالاس قىلىدۇ.

بۇ ئالتە كىتابتا 36 ئاپتورنىڭ چوڭ ـ كىچىك ماۋزۇلاردا 235 پارچە ئەسىرى بار. بۇ ئەسەرلەردىن بەش پارچىسىنى مۇئەللىپ ئۆزى يازغان، ئون پارچىسىنى باشقىلارنىڭ يازمىلىرىدىن لازىملىق بۆلەكلىرىنى ئېلىپ بىر ماۋزۇ ئاستىغا گەۋدىلەندۈرگەن. مۇئەللىپ ئۆزى پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. 35 نەپەر ئاپتورنىڭ 215 پارچە ئەسىرىنى كىتابلارنىڭ

ۋە رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ شاپىگراف باسما سۈپەتلىك ئىشلىنىپلا قالماستىن، ئەينى يىللاردا داۋالاش ئەمەلىيىتىدە قوللانما بولماسلىق هالىتىگە خاتىمە بېرىش ۋە بۇنداق يىرىك ئىلمىي كىتابنى بىر كەنتتە تەرجىمە قىلىپ ئىشلەپ، روياپقا چىقىرىشتەك ئەھمىيەتلىك تۆھپە قوشقۇچى قەدەملىكى بىلەن، سابىق سەھىيە نازارىتى رەھبەرلىكى ۋە ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

[قوشۇمچە 1] ئابدۇللا سۇلايمان ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى ئوبزور ۋە تەتقىقات ئۇچۇرلىرى:

♣ مۇھەممەتتوختى ئەخمەت: «‹بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن› نى ئوقۇغاندىن كېيىن...» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانى؛

♣ قاۋسىلقان قامىجان: «دىلغا ياققان ‹يېزا مەشرىپى›» . «ئاممىۋى مەدەنىيەت» (هازىرقى «شىنجاڭ مەدەنىيتى») ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 2 - سانى؛

♣ «جاپانى كىم تولا چەكسە، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» . «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 4 - سانى؛

♣ مۇھەممەد بارات تەشنائى: «‹شېھىتلەر مەقبەرىسى› داستانىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى» . «شىنجاڭ كۆتۈپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 2 - سانى؛

♣ «جاپالىق ئەجىرنىڭ شېرىن مېۋىسى» . «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 6 - سانى؛

♣ سادىر تۇرسۇننىياز: «يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىسۇن» . «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى؛

♣ سادىر تۇرسۇننىياز: «‹ئۆمۈر داستانى› دىكى چىنلىق تەسۋىرى» . «شىنجاڭ گېزىتى» 1991 - يىل 6 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى سانى؛

♣ سادىر تۇرسۇننىياز: «ياشلىق هاياتىنىڭ يېڭى ناخشىسى» . «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 7 - ئاي سانى؛

رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامىسى: J.X 1786 ، چوڭ 32 كەسلەم، 501 بەت ئىدى.

ئاشكارا نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب «يېزىقچىلىق ئاساسىي نەزەرىيىسى» ، «ماقالىلەر يېزىقچىلىقى» ۋە «بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىقچىلىقى» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىم ئاستىدا 23 بابلىق مەزمۇن مۇشۇ دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇقۇم، شەرھى، مىسال ۋە تەھلىللەر بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغان. مىقدارىنى ئازايتىپ، چۈشەندۈرۈشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، نەزەرىيە ۋە قانۇنىيەتلەر يىپ ئۇچىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەمدە مىسال ئېلىنىپ شەرھلەنگەن ياكى ئاتاپ ئۆتۈلگەن ماقالە ـ ئەسەرلەر كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ئوقۇغۇچىلارغا تونۇش بولغان يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەركىب تاپقانلىقى قاتارلىقلار، بۇ كىتابنىڭ ئالاھىدىلىكى. كىتابقا كىرىش سۆز ۋە پايدىلانغان مەنبە، ماتېرىياللار تىزىملىكى بېرىلگەن.

16. «دەستۇرۇل ئىلاج». تەرجىمە قىلىپ ئىشلىگۈچىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان يەنە بىر نامى: «مىللىي تېبابەتچىلىك ئاساسلىرى». ئاپتورى: ئابدۇراخمان ئىبنى رەھمەتۇللا. ئەسلىي كىتاب چاغاتاي يېزىقىدا خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان قولىيازما، فورماتى: 26×19cm ، 532 بەت. 1972 ـ يىل چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىسى گۇل تېرىغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مەرھۇم ئەيسا توختىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ شارائىت يارىتىشى ۋە ياردىمى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ (يەنە بىر تەرجىمە قىلغۇچىسى مەرھۇم مۇھەممەد سەيدى رەئىس ئاخۇنۇم) شاپىگرافتا بېسىلغان. جەمئىي 550 بەت، 16 كەسلەم، قاتتىق مۇقاۋىلىق. تىراژى: 200.

بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى توغرىسىدا يېزىلىپ ئەسىرلەردىن بۇيان تېۋىپلىرىمىز تەرىپىدىن مۇھىم قورال كىتاب سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ پايدىلىنىلغان يىرىك ئەسەرلەرنىڭ بىرسى. كىتابتا 24 بابلىق ئىچكى كېسەللىك بايانلىرى، مول ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن داۋالاش چارىلىرى، رېتسېپلار؛ توققۇز بابلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى، داۋالاش چارە ـ ئۇسۇللىرى

ئەدىبلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات؛

♣ 1982 - يىلى «بۇ كوچىدىن ئەخمەتجان ئۆتكەن» ناملىق داستانىغا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ 1984 - يىلى «يۇرتۇمنىڭ كىشىلىرى» ناملىق داستانىغا خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ 1986 - يىلى «مېنىڭ ئىزلىرىم» ناملىق ئەسىرىگە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ 1988 - يىلى «خىيال قەسىدىسى» ناملىق ئەسىرىگە خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ 1990 - يىلى «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال - جاۋاب» ناملىق ئىلمىي كىتابى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - قېتىملىق مۇنەۋۋەر پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن نەتىجىلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 3 - دەرىجە باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات؛

♣ 1991 - يىلى «بۇگۇندىن ئەتە پارلايدۇ» ناملىق شېئىرىغا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ «تەسەۋۋۇر ۋە يېزىقچىلىق سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىغا شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تەتقىقات، ئىجادىيەت مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتى؛

♣ «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئېرىشكەن، شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تەتقىقات، ئىجادىيەت مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدىكى 1 - دەرىجىلىك

♣ مۇھەممەتتوختى ئەخمەت: «ئىجاد، تۆھپە ۋە شەرەپ». «پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىتى» 1994 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى سانىنىڭ مەخسۇس سەھىپىسى؛

مەتتۇرسۇن ئېلى: «‹يۇرۇڭقاش ناخشىلىرى› دىن ‹مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق› قىچە». «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 2 - سانى؛

♣ سادىر تۇرسۇننىياز: «زېمىن، دەۋر، شائىر». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 2 - سانى؛

♣ مۇھەممەد كامال خۇشخۇي: «‹مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق› ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز». «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى سانى؛

♣ مۇھەممەد چاۋار: «شېئىرىي گۈزەللىك ۋە شېئىرىي ئىجادىيەت». «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (ئەدەبىيات - سەنئەت تومى) 279 — 300 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى؛

♣ مۇھەممەتئىمىن قۇربان: «كەڭ مەنىۋى زېمىن — دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». «خوتەن گېزىتى» نىڭ 2003 - يىل 9 - ئاينىڭ 22 - كۈندىكى سانى، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 3-، 4- بىرلەشمە سانى.

[قوشۇمچە 2] ئابدۇللا سۇلايمان ئەسەرلىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى:

♣ 1979 - يىلى «باغۋەنگە مۇھەببەت» ناملىق سەھنە ئەسىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ «گۈلباغ ناخشىلىرى» ناملىق غەزەللىرىگە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛

♣ 1981 - يىلى «جەنۇب غەزەللىرى» ناملىق ئەسىرىگە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر

ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «پاياندار» تىمىسىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ 1994 - يىل 7 - ئاي «ساقىدى يولتوزدىن ئۇزۇلۇپ ئۆزەك» ناملىق چاتما شېئىرىغا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن بېرىلگەن 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى؛

♣ 1994 - يىل 11 - ئاي «ۋەتەن مېھرى» ناملىق ناخشا تېكىستىگە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق ناخشا قوبۇل قىلىش پائالىيىتىدە بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى؛

♣ 1997 - يىل 7 - ئاي «يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىغا جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ «ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» تەشكىلىي ھەيئىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە» مۇكاپاتى؛

♣ 1997 - يىل 7 - ئاي «ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش — نامرات رايونلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشنىڭ تۈپكى يولى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىغا «جۇڭگو ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى — يۇرۇشلۇك ئىلمىي ماقالىلەرنى تۈزۈش - باھالاش - مۇكاپاتلاش كومىتېتى» تەرىپىدىن بېرىلگەن «جۇڭگو ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلىرى» 1 - دەرىجىلىك (باھالاپ بېكىتىش كىنىشكا نومۇرى: 972064) مۇكاپاتى؛

♣ 1997 - يىل 9 - ئاي «گۇمىدا تارتىلغان سۇرەتلەر» ناملىق چاتما شېئىرىغا خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ 1999 - يىل 2 - ئاي «يېزىقچىلىق ئاساسلىرىدىن

ئىجادىيەت مۇكاپاتى؛
♣ «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن 636 سوئال - جاۋاب» ناملىق كىتابىغا «مۇنەۋۋەر دەرسلىك، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» بويىچە شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن شەرەپ مۇكاپاتى؛
♣ «تەبەسسۇم سۈرەتلىرى» ناملىق ئەسىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېرىشكەن 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛
♣ 1992 - يىلى «مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى» شەرەپ نامىغا ئېرىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات؛
♣ «ناخشامدا مۇھەببەت بار» ناملىق ناخشا تېكىستىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىسىدە ئېرىشكەن 2 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى؛
♣ 1993 - يىلى «بۇ — مۇھەببەت، بۇ — ياشلىق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر 4 - نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئېرىشكەن «مۇنەۋۋەر شېئىر توپلىمى» مۇكاپاتى؛
♣ «تەپەككۇر ۋە يېزىقچىلىق سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، دۆلەتلىك گېزىت - ژۇرناللارنى باشقۇرۇش مەھكىمىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ياشلار گېزىت - ژۇرناللىرى مۇنەۋۋەر ماقالىلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئېرىشكەن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات؛
♣ «ئۆتەڭدىكى قوڭغۇراق» ناملىق ئەسىرىگە 5 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» پائالىيىتىدە بېرىلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى؛
♣ «بىر جۈپ گۈلدەستە» ناملىق ئەسىرىگە خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى، مەدەنىيەت باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى»

رايون مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى» ــ مىس مېدالى؛ ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى»؛ 1995 ـ يىلى ئېرىشكەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» شەرەپ نامى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

---

ئابدۇللا سۇلايمان 1952 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چىرا ناھىيىسى دامكۇ يېزىسىنىڭ تاللىق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.



1966 ـ يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1973 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ھازىرغىچە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ئەدەبىيات پەنلىرى پروفېسسورى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن يەنە 68 پارچىدىن ئارتۇق سەھنە ئەسىرى ۋە ناخشا تېكىستى، 38 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى، 13 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسىرى، 12 پارچە كىتابىنىڭ تەھرىرلىكى قاتارلىقلار بار.

ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق كەسپىي، ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ئەزاسى.

## قاھار جېلىل ئەسەرلىرى

1. «چېچەكلەر». نەسر ۋە ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ

كونسۇلتاتسىيە» ناملىق كىتابىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 4 - نۆۋەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىنىشكا نومۇرى: SK0191) «مۇنەۋۋەر كىتاب» مۇكاپاتى؛

♣ 1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 23- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىنىشكا نومۇرى: 4901112) «دەرسلىك ماتېرىياللار قۇرۇلۇشى تۈرى» 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات؛

♣ 2000 - يىل 6 - ئاي «تەكلىماكان ئوغلى» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىغا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى «باغراش لوڭقىسى» مۇكاپاتلىق ئەسەر مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە بېرىلگەن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات؛

♣ 2000 - يىل 9 - ئاي «ئىجادىيەت — تىل سەنئىتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 2- قېتىملىق مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن «1 - دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ 2001 - يىل 8 - ئاي «ئاتكىرىتكىغا يېزىلغان شېئىرلار» ناملىق ئەسىرىگە 11 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» باھالاش پائالىيىتىدە بېرىلگەن «مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتى؛

♣ 2003 - يىل 12 - ئاي «شائىر خىسلىتى»، «خوتەن يالىسى»، «ئارمىنىم» قاتارلىق ئۈچ پارچە ناخشا تېكىستىگە مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەملىكەتلىك 13 - قېتىملىق مۇكاپاتلىق ناخشا - مۇزىكا ئىجادىيىتى مۇسابىقىسىدە بېرىلگەن 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپات.

ئۇنىڭدىن باشقا 1985 - يىلى بېرىلگەن مەملىكەتلىك «چېگرا

ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1990 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.
بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يازغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان پوۋېستلىرى كىرگۈزۈلگەن.

6. «ئېزىتقۇ». ھېكايىلەر توپلىمى. مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى.
يازغۇچىنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ھېكايە ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ توپلىمىغا «شەپقەتچى»، «تۇرمۇش ئەينىكىدە»، «ئېزىتقۇ» قاتارلىق 14 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن.

7. «قىساس». رومان، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.
رومان‌دا 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى، جۈملىدىن خوتەن يېزىلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى، ھوقۇقسىزلىقى، فېئودال پومېشچىكلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە كۈرەشلىرى يېزىلغان. روماندا باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ساددا دېھقان يىگىتى ئەزىزنىڭ كەچۈرمىشلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ باينىڭ قىزى ئادالەت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ، شۇ سەۋەبلىك باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك بايان قىلىنغان. رومان باش قەھرىمان ئەزىزنىڭ تاشقورغان ئىنقىلابچىلىرىنى ئىزدەپ ماڭغانلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. رومانىنىڭ ۋەقەلىكى جانلىق، قىزىقارلىق، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تەپسىلاتلىرى ئىنچىكە. روماندا خوتەننىڭ يەرلىك شېۋىسى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلغان.
بۇ رومان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

## مۇھەممەتئىمىن قۇربان ئەسەرلىرى

1. «يۇرتۇمغا مۇھەببەت». كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 7 - ئاي نەشرى،

خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: 464 . M10098، كىچىك 32 كەسلەم، 164 بەت، تىراژى: 5000 .

توپلامغا يازغۇچىنىڭ «قۇياش ۋە مايسا»، «خالۋاپ» قاتارلىق ھېكايە ۋە نەسرلىرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «ئاچالدا» ناملىق ھېكايە ئايرىم ھالدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش - مۇكاپاتلاش پائالىيىتى» دە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

2 . «چەۋەنداز». ھېكايىلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1982 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: M128415، كىچىك 32 كەسلەم، 209 بەت، تىراژى: 8500 .

بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ «قارىغاي»، «بىز يالغۇز ئەمەسمىز»، «چەۋەنداز»، «باھار»، «چاكار» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تېمىدىكى ئاكتۇئاللىق، قۇرۇلمىدىكى پۇختىلىق ۋە ئاممىباپلىق بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

3 . «مېھرىبان». پوۋېستلار توپلىمى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: M10124 . 150، كىچىك 32 كەسلەم، 414 بەت. تىراژى: ئون مىڭ 150 .

توپلامغا «مېھرىبان»، «ئەپۇ»، «تۇرمۇش قايىنىمىدا» قاتارلىق ئۈچ پوۋېست كىرگۈزۈلگەن. «مېھرىبان» پوۋېستىدا ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاق كۆڭۈل، ئىرادىلىك دوختۇر مېھرىباننىڭ ئوبرازى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان.

4 . «كۆڭۈل». ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: M10098 . 2029، كىچىك 32 كەسلەم، تىراژى: 4000. بۇ كىتابقا يازغۇچىنىڭ «ئۈچ كىشى»، «كۆڭۈل»، «قايتا ئۇچراشقاندا» قاتارلىق 11 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن.

5 . «خىلۋەتتىكى كىشىلەر». پوۋېستلار توپلىمى. شىنجاڭ

تىياتىرى ئەسىرى بار. يۇقىرىقى دراممىلاردا دراماتىك توقۇنۇشلار كەسكىن ۋە تەبىئىي يارىتىلىپ، زىددىيەت كەسكىن داۋاملىشىپ ئاخىرىدا تەبىئىي ۋە تەسىرلىك ھەل بولىدۇ. بۇ دراممىلار ئىككى ياكى بىر پەردىلىك بولۇپ، ئارتىستلارنى دېكوراتسىيە يۆتكەش ئاۋارىچىلىقىدىن، تاماشىبىنلارنى دېكوراتسىيە يۆتكەش ئارىلىقىدا ھېسسىياتى بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. «كېچىكىپ قاپسىز» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدا كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش ياكى ئاز پەرزەنتلىك بولۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. زىددىيەت ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە بىر پەسىيىپ، بىر كەسكىنلىشىپ داۋاملىشىدۇ. يىگىت بىلەن قىز پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەي يىراقلىشىپ كېتىدۇ. قىز باشقا بىر يىگىت بىلەن توي خېتى ئېلىپ بولغاندا، بۇرۇنقى يىگىت قىزغا:

— سىزنىڭ بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش پىكرىڭىزگە قوشۇلىمەن، — دەيدۇ. قىز:

— كېچىكىپ قالدىڭىز — دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسەر ئاخىرلىشىدۇ.

4. «قاراقاشنى چۈشىنەيلى» (تۈزگەن). كىتاب تۈرى: تەزكىرە. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 1996 - يىلى باستۇرغان. 32 كەسلەم، 457 بەت.

كىتابتا ناھىيە تەۋەسىدىكى 16 يېزا - بازار، 362 مەمۇرىي كەنتنىڭ يەر - جاي ناملىرىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. شۇ جايدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. نۇرغۇن كىچىك مەھەللىلەرنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى، 100 ئەتراپىدىكى لەقەمنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى بايان قىلىنغان. شۇ ئورۇنغا ۋە شۇ ئورۇندىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە خاس بولغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر سۆزلەنگەن. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كىتابنى مەنۋى مىراس سۈپىتىدە ئۆيلىرىدە پۇختا ساقلىماقتا.

كىچىك 32 كەسلەم، 83 بەت. بۇ كىتابقا 33 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. «يۇرتۇمغا مۇھەببەت» — ئالتە شائىرنىڭ بىرلەشمە توپلامى بولۇپ، «ۋەتەن مېھرى» سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى شېئىرلار شائىر مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ ئەسەرلىرى.

2. «ئوسمان نازۇك». كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: كومېدىيە، كۇلدۇرگىلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل 6 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 182 بەت.

بۇ كىتابقا 17 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىم»، «موللام بىلەن سۆھبەت» قاتارلىقلار بىر كىشىلىك مەدداھلىق سەنئىتى ئەسىرىدۇر. «ئەپۇ سوراش» — خەلق ئىچىدىكى لەتىپىگە ئاساسەن بېيىتىپ پىششىقلانغان تۆت كىشىلىك كومېدىيە بولۇپ، تاماشىبىنلارنى كۇلدۇرۇپ تېلىقتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەرنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ھەممىسى سەھنىلەشتۈرۈپ ئوينىدى. يوپۇرغا، قاغىلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى بەش - ئالتە يىل داۋاملىق ئوينىدى.

«ئوسمان نازۇك» — ئاپتورنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى بولۇپ، قويۇق يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بۇ ئەسەر سەھنىلەردە كۆپ ئوينىلىپ، رادىئودا كۆپ ئاڭلىتىلىپ خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ، خەلق ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ كىتابتىكى كومېدىيە، كۇلدۇرگىلەردە دېكوراتسىيە (سەھنە ئەسلىھەلىرى) ھاجەتسىز بولۇپ ئۆمەكلەرنىڭ ئوينىشىغا قولاي، ئېتىز ۋە سېخلاردا ئويناشقىمۇ ئەپلىك.

3. «قىبرى ئاشىق - مەشۇقلار». ژانىرى: سەھنە ۋە ئېكران ئەسەرلىرى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1993 - يىل 7 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 412 بەت.

بۇ كىتابقا تۆت ئاپتورنىڭ توققۇز پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەتئىمىن قۇربانىنىڭ «ياغلىق قاپاق ئاقاردى»، «مائاش ئالغان كۈنى»، «ئالتۇن زىرە»، «ئىككى پېخسىقنىڭ قۇدا بولۇشى»، «ئاھ، مېنىڭ شور پېشانەم» ناملىق بەش پارچە درامىسى، «كېچىكىپ قاپسىز» ماۋزۇلۇق تېلېۋىزىيە

نەشرىياتى 2000 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم.
بۇ كىتابقا شائىرنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يېزىلىپ، ھەرقايسى نەشر ئەپكارلىرىدا ئېلان قىلىنغان بىر بۆلۈك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. كىتابتىكى شېئىرلار، بولۇپمۇ غەزەللەر پىشقان شېئىرىي تەپەككۇر، شېئىرىي ھېسسىياتنىڭ مەھسۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ۋە شېئىرىيەت خۇشتارلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتاب 2002 ـ يىلى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ۋە تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى» نىڭ «شەرەپ مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

11. «ســاداقــەت»، شېــئىرلار توپــلىمى. شىنجاڭ خــەلق نەشرىيــاتى 2004 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشــرى. كىــتاب نــومۇرى: ISBN7—228—08751، چــوڭ 32 كــەسلــەم، 4500 تــىراژدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتاب 316 بەتلىك بولۇپ، 28 پارچە غەزەل، 58 پارچە ھەر خىل شەكىلدىكى شېئىر ۋە تۆت پارچە داستاندىن تەشكىل تاپقان. 7900 مىسرادىن ئارتۇق بۇ ئەسەرلەر شائىرنىڭ ئۆتكەن ئــەســىرنــىڭ 90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ يېزىلغان ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ بىر قىسمى بولــۇپ، قــايــنــاق ھــېــسسىيات، باي ۋە چۈچۈك تىل، روشەن ئاھاڭدارلىق، مۇكەممەل قۇرۇلما بىلەن ئىنسان مەنىۋىيىتى چوڭقۇر قــېزىلغان. خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي زوق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ يارىتىلغان بۇ ئېسىل ئەسەرلەردە، شائىر شېئىرىيەت ئەنئەنىمىزنىڭ ئەۋزەل ئىپادىلەش ئۇسلۇبىغا ياندىشىپ، تالانتى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزنىڭ شەكىل ئــاھــاڭــدارلــىــقــى بــىلەن ئۆزىنىڭ يېڭىچە پىكىر ـ ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرگەن. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «ئانا» داستانى 1991 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئالتۇن چاغ» ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا، مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ياش يازغۇچىلار «مۇنەۋۋەر ئــەســەر» لــىرى مــۇكاپاتىغا؛ «قارلۇق قەسىدىسى» ناملىق چاتما شېئىــرى 13 ـ نۆۋەتلــىك «خانتەڭــرى ئەدەبىيــات مۇكــاپاتى» غا

5. «مەجمۇئەتۇل ھېكايەت» (تۇزگەن) . ژانىرى: چۆچەك - رىۋايەت. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1991 - يىلى باستۇرغان. كىچىك 32 كەسلەم، 396 بەت.
كىتابقا 61 پارچە چۆچەك، رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر، خىيالىي قەھرىمانلارنىڭ تەسىرلىك سەرگۈزەشتىلىرى ئەقىل خەزىنىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇرىدۇ.

## ياسىن زىلال ئەسەرلىرى

1. «ئەمىر گۆر ئوغلى» . داستانلار توپلىمى (ئەرشىدىن تاتلىق بىلەن بىللە نەشرگە تەييارلىغان) ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، بۇ كىتابقا بەش پارچە داستان كىرگۈزۈلگەن.
2. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (3 - قىسىم) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 - يىل نەشرى. بۇ كىتابقا بەش پارچىدىن ئارتۇق داستان كىرگۈزۈلگەن.
3. «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (4 - قىسىم) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى. بۇ كىتاب ئۈچ پارچە داستاندىن تۈزۈلگەن.
4. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (16 - قىسمى) . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل نەشرى.
5. «شاھزادە دىلدار - مەلىكە مېھرىلىقا» .
6. «سەنوبەر بىلەن پەرىزات» .
7. «شاھزادە قاسىم - مەلىكە گۈلچېھرە» .
8. «مەلىكە نۇرجامال» .
9. «يېگانە جامال بىلەن بېگانە دەۋران» (شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى) . يۇقىرىقى يورۇشلۇق بەش توم كىتابقا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ دۇردانىلىرى كىرگۈزۈلگەن.
10. «مۇھەببەت» ، شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق

ISBN7—5371—0235—X/1—106 .

8. «بالىلارنى ئورتاق تەربىيىلەيلى». تەرجىمە ئەسەر، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—80693—497—9 .

9. «كاتىبات يېزىقچىلىق ئىلمى». تەرجىمە ئەسەر، شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى.

10. «ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات يېزىقچىلىق مەشقى» (2 قىسىم). تۈزگەن ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى.

---

مۇختەر مەخسۇت 1957-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۈرۈمچىدە تۈگەتكەن. 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. دوتسېنت. 1996-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، 1997-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق



ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىغا يۆتكىلىپ، كاتىبات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 2005-يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

مۇختەر مەخسۇت 1974-يىلدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 60 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالىسى، 200 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە شېئىرى ئېلان

ئېرىشكەن.

12. «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى قامۇسى» (قوشاقلار قىسمى، چۆچەكلەر قىسمى). مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى. مەزكۇر بۇ 12 توم قامۇسنىڭ ئالتە تومىنى تۈزگەن ۋە تۈزۈشكە قاتناشقان.

ئۇنىدىن باشقا شائىر ياسىن زىلالنىڭ «شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى»، «تېيىپجان ئېلىيوپ ۋە مەن»، «كېچىكمەي يېزىلغان مەرسىيە» قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

## مۇختەر مەخسۇت ئەسەرلىرى

1. «ئاشىقلار سىرى». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى: M10124—154.

2. «تەنھا قېيىق». شېئىرلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—05631—0.

3. «ئىلاھە چوققىسى». تەرجىمە شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—08018—1.

4. «ئاخبارات يېزىقچىلىق ماھارىتى». ئىلمىي ئەسەر، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996-يىل نەشرى.

5. «مۇخبىرلىق سەنئىتى». ئىلمىي ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى ISBN7—228—04153—4.

6. «يېڭى ئەسىر — مۇتەپەككۇرلارنىڭ ساداسى». تەرجىمە ئىلمىي ئەسەر، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشرى.

7. «غەربكە ساياھەت». تەرجىمە رومان، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى. كىتاب نومۇرى

نەشرىياتى 1997 - يىل نەشرى، 230 بەت، چوڭ 32 كەسلەم، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتىكى ئەسەرلەردە رېئال تۇرمۇشتىكى نەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىك، بيۇروكراتلىق، خۇراپاتلىق، كونسېرۋاتىپلىقتا ئوخشاش ئىللەتلەر تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىپ، پاكلىق، ھالاللىق، ئىتتىپاقلىق، ئالغا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تەھسىن ئوقۇلغان.

5. «ھىجران دېغى» (ھېكايە ۋە پوۋېستلار توپلىمى). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 - يىل نەشرى، 226 بەت، چوڭ 32 كەسلەم، تىراژى: 4080.

ئەسەرلەردە پاك سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئادالەت، گۈزەل ئەخلاق مەدھىيىلىنىپ؛ زۇلۇم - ستەمگە ۋە ئاچ كۆزلۈك، قارا نىيەتلىك قاتارلىق ئىللەتلەرگە قامچا ئۇرۇلغان.

6. «ئالتىنچى بارماق». ژانىرى: نەسرىي ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 180 بەت، 32 كەسلەم، تىراژى: 2500.

بۇ كىتابتا: كىشىلىك ھاياتتىكى ئىزگۈ سۈپەتلەر، ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار مەدھىيىلىنىپ، شەخسىيەتچىلىك، خۇراپاتلىق، ئالدامچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغان.

«ئۆركەش» (بىرلەشمە توپلام). ئاپتورلىرىنىڭ بىرى مەتقاسىم ئابدۇراخمان. ژانىرى: شېئىرىي ئەسەر. بۇ توپلامغا مەتقاسىم ئابدۇراخماننىڭ بىر بۆلۈك غەزەل، شېئىر، رۇبائىي، پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى، تىراژى: 3200.

بىرقانچە شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي سۆيگۈ - مۇھەببەت، ئادىمىيلىك، دۇرۇسلۇق، راستچىللىق ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش خىسلەتلىرى مەدھىيىلىنىپ، ئۇجمە كۆڭۈللۈك، مەككارلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك ئىللەتلىرى قامچىلانغان.

قىلىنغان. ئۈچ پارچە شېئىرى، ئالتە پارچە ماقالىسى ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە تۈرلۈك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېھمان پروفېسسورى.

## مەتقاسىم ئابدۇراخمان ئەسەرلىرى

1. «پال قاپىقىنىڭ سىرى». ژانىرى: نەسرىي ئەسەر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 202 بەت، 32 كەسلەم. تىراژى: 11200.

كىتابتىكى ئەسەرلەردە جەمئىيەتتىكى گۈزەل ئەخلاقتا، ئەمگەك سۆيەرلىككە، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىقتا مەدھىيە ئوقۇلۇپ، ھۇرۇنلۇق، ساختىپەزلىككە، دىنىي خۇراپاتلىقتا نەپرەت ئوقۇلغان.

2. «كانچىنىڭ ئوغلى». ژانىرى: نەسرىي ئەسەر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى، 2004 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، تىراژى: 2500.

ئاپتور كىتابىدىكى ئەسەرلىرىدە كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئىلغارلىق، ئادىللىق، ئىشچانلىق - ئىزدىنىش، ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇپ؛ قالاقلىق، كونىلىقنى ساقلاش، مۇتەئەسسىپلىك، شەخسىيەتچىلىك، ھۇرۇنلۇق ئادەتلىرىنى قامچىلىغان.

3. «غېرىب - سەنەم». نەشرگە تەييارلانغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى، 200 بەت، 32 كەسلەم، تىراژى: 5070.

بۇ «غېرىب - سەنەم» داستانىنىڭ چاغاتاي يېزىقىدىكى بىرنەچچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ نەشرگە تەييارلانغان ئەدەبىي مىراستۇر.

4. «شېھىت» (ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى). شىنجاڭ خەلق

«چۇغلۇق» تا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ تاشيول ئاسراش ئىشچىسى بولغان بىر قىزنىڭ جىسمانىي ئەمگەك داۋامىدا پىشىپ يېتىلىپ، ئوقۇغان بىلىمى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلىمىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، يېڭى دەۋر ياشلىرىنىڭ ۋە يېڭى دەۋر تېخنىك ئىشچىلىرىنىڭ «پاۋىل كورچاگىن» چە روھ يارىتالىغانلىقى مەدھىيىلىنىدۇ. مەزكۇر پوۋېست تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. «تارىم» ژۇرنىلىدا مەخسۇس ئوبزور ئېلان قىلىنىپ، ئەسەر مۇۋەپپەقىيەتتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

4. «قاقشال توغراق». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 185 بەت. «قاقشال توغراق» ۋە «تەقدىر» دىن ئىبارەت ئىككى پوۋېستتىن تەركىب تاپقان. تىراژى: 3000.

«قاقشال توغراق» تا ۋاپاسىز ئوغۇللار قامچىلانغان، «تەقدىر» دە ۋاپاسىز خوتۇن قامچىلىنىپ، ئۇنىڭ بەختسىز ئەرگە كەلتۈرگەن بىر ئۆمۈرلۈك دىشۋارچىلىقلىرى بايان قىلىنغان.

ئالدىنقى پوۋېستتا ئاتىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئىككى ئوغۇلنىڭ قىساس تۇتقان ئىبرەتلىك كەچمىشلىرى ھېكايە قىلىنسا، كېيىنكىسىدە ئېرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان خوتۇننىڭ پۇشايمىنى بېرىلگەن. ھەر ئىككى ئەسەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئائىلە - نىكاھ ئەخلاقىغا بېغىشلانغان.

5. «قەھرىمان قاتىل» (قىسسە). چاغاتايچە چاپ نۇسخىدىن ئابدۇقادىر سادىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلىغان. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى تەرىپىدىن «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 282 بەت، تىراژى: 2000.

بۇ قىسسەدە قەدىمىي تۇران شاھى ھۇشاڭنىڭ ئىسلام دىنىنى جارى قىلدۇرۇش جەريانىدىكى ئۇرۇشلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، قىسسە باش قەھرىمانى «قەھرىمان قاتىل» (ھۇشاڭنىڭ تەخت ۋارىسى) نىڭ ئاجايىپ باتۇر - باھادىرلىقى، ئەقىل - پاراسەت

## ئابدۇقادىر سادىر ئەسەرلىرى

1. «نەدە سەن، بالىلىق يىللار!». تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: پوۋېست. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 12 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم. تىراژى: 2570.

بۇ بالىلار تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان پوۋېست بولۇپ، يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى — ئەسەر باش قەھرىمانى بەھرامنىڭ ئائىلە ۋە مەكتەپ ھاياتىدىكى بىر قاتار ئەگرى - توقاي ۋەقەلىرى ھېكايە قىلىنىش ئارقىلىق، ئەينى چاغدىكى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساددا، ياۋاش، ئەمما بىلىمگە، يېڭىلىققا بولغان ئوتتەك قىزغىن روھى مەدھىيىلەنگەن.

2. «پۇتۇكسىز ئارخىپ». تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 5 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، تىراژى: 4000.

پۈتۈن كىتاب 342 بەت بولۇپ، يازغۇچىنىڭ 1990 - يىللاردا يازغان يېزا، مۇھەببەت، ئائىلە ۋە ئېكولوگىيىنى قوغداش قاتارلىق تېمىلاردىكى 18 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «خەير - خوش كېيىك بالىسى»، «كۈمۈش بەلۋاغ»، «مېنىڭ تەرجىمىھالىم»، «مەرھابا» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «مەرھابا»، «كۈمۈش بەلۋاغ» لار توپلاملارغا (كوللېكتىپ) كىرگۈزۈلگەن.

3. «قارا چېقىن». تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2002 - يىل 6 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 293 بەت. تىراژى: 3000.

ئىككى پارچە پوۋېستتىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابتىكى «قارا چېقىن» يازغۇچىنىڭ 2001 - يىلى يازغان پوۋېستى بولۇپ، ئۆسمۈرلەر تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان. پوۋېستتا ئادەم بېدىكلىرى تەرپىدىن ئالداپ سېتىۋېتىلگەن توققۇز ياشلىق بىر ئۆسمۈرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ.

ئىككى پارچە ھېكايىسى، بىر پارچە سەھنە ئەسىرى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، 10 پارچە ھېكايىسى، بىر پارچە سەھنە ئەسىرى 2-، 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «يىپەك يولدا تۈن»، «خوتەندە راۋان يوللار»، «مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى» قاتارلىق مەجمۇئەلەرگە ھېكايە، پوۋېست ۋە سەھنە ئەسەلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇلاردىن باشقا «تەتۈر قىسمەت» (رومان)، «ھايات سەھنىسىدە» (ھېكايىلار)، نەشرگە تەييارلىغان «ئەمىر ھەمزە» (قىسسە)، «كەنجى باتۇر» (چۆچەكلەر) قاتارلىق كىتابلىرى ھەرقايسى نەشرىياتلاردا نەشر قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ۋە گۇما ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## نۇرمۇھەممەد توختى ئەسەرلىرى

1. «ئۇ دۇنيادىكى سوراق». ھېكايە - پوۋېستلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1991 - يىل 2 - ئاي نەشرى.

بۇ كىتابقا 15 پارچە ھېكايە، بىر پوۋېست كىرگۈزۈلگەن. توپلامغا يازغۇچىنىڭ «ئالتۇن ۋەسۋەسىسى»، «ئۇ دۇنيادىكى سوراق»، «بەش تۈپ سەگۇ تېرەك»، «ئاجايىپ كەسپىي ئائىلە»، «بەش كالىلدا بەش خىيال»، «ئالدانغان ئەقىدە»، «باھاۋىدىن ھەقمۇھەممەت»، «يېڭى قوشنا» قاتارلىق 16 پارچە ھېكايىسى، «ئامانەت» ناملىق پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن.

2. «كۆلۈپ كۆرگەنلەر ۋە كۆرۈپ كۆلگەنلەر». ژانىرى: نەسر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1992 - يىل 11 - ئاي نەشرى.

بۇ كىتابقا 61 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن نەشر قىلىنغان نەسرلەر توپلاملىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

3. «چۆل ئوغلى». ژانىرى: پوۋېست. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 - يىل 4 - ئاي نەشرى.

ۋە هوشىيارلىقى، يېگانە دەۋرانلىقى، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى هايات ـ ماماتلىق پەيتلەردىكى تەمكىن، تەدبىرلىكلىكى، ئاتا ـ ئانا، يارۇ بۇرادەرلىرى ئارىسىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلىقى، سۆيگەن يارى ئالدىدىكى ساداقەت ۋە مەردلىكى يۈكسەك ئېپتىخارلىق بىلەن مەدھىيىلەنگەن. قىسسە سۇژىتى ئۇرۇش جەڭگى ـ جېدەللىرى ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ئەمەلىيەتتە ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ هاياتىغا ئائىت ئېتنوگرافىك بىلىملەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ.

---

ئابدۇقادىر سادىر 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى گۇما ناهىيىسىدە تۇغۇلغان. 1967 ـ يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ 1984 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان (بۇ مەزگىلدە شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنى ئوقۇپ تاماملىغان). 1984 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن گۇما ناهىيىلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىدا ئىشلىگەن، هازىر ناهىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.



ئۇ 1966 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ماۋجۇشىغا» ناملىق تۇنجى شېئىرىدىن هازىرغا قەدەر هەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەر؛ 60 پارچىدىن ئارتۇق هېكايە، پوۋېست؛ 50 پارچىدىن ئارتۇق سەهنە ئەسەرلىرى (ئېتوت، ناخشا تېكىستلىرى) نى ئېلان قىلدۇردى. 20 پارچىدەك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى. يەنە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش، تىل تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى. 1982 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە هەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلار ۋە جەمئىيەتلەر تەرىپىدىن

قىـرىـنـدىـشـىـم» ، «قـەدىمكى جەسەت» ) بار. ئەسەرلەر توپلام قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. «ئالتە كۆنلۈك پادىشاھ» ناملىق تارىخىي ھېكايە 20-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى 100 مۇنەۋۋەر ئەسەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

«قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا» ناملىق بۇ ھېكايىلەر توپلىمىنى ئوقۇغانلار 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى خوتەننىڭ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى، ئىنتىلىش-ئارزۇلىرىنى، خۇشاللىق ۋە ئىزتىراپلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. كىتاب ساقلاش ۋە ئوقۇپ ھۇزۇرلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

[قوشۇمچە 1] نۇرمۇھەممەد توختى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان تەتقىقات ۋە ئوبزورلار ئۇچۇرى:

♣ مۇھەممەد چاۋار: «تېما، تېماتىك ئىدىيە ۋە مۇۋەپپەقىيەت». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 5 - سانى، 2 بەت.

♣ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ھېكايىدىكى ھېسسىيات». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 3 - سانى، 4 بەت.

♣ مەتكېرەم ئىسمايىل: «مىللىي ئويغىنىش ۋە مىللىي ئىنكارچىلىق». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 6 - سانى، 7 بەت.

♣ مۇھەممەد چاۋار: «سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە تەنقىد ئۇسۇلى توغرىسىدا». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1990- يىللىق 2 - سانى، 10 بەت.

♣ غوپۇر توختى: «‹شاھ مەشرەپ خوتەندە› ھېكايىسى توغرىسىدا». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 5 - سانى، 3 بەت.

♣ ئۇمىدجان قاسىمى: «نۇرمۇھەممەد توختى ھېكايىلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 -

پوۋېستتا چۆل ئوغلى سالامىنىڭ بىر قاتار سەرگۈزەشتىلىرى ناھايىتى جانلىق، تەسىرلىك، چىن بايان قىلىنغان. يازغۇچى سالامىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق، ئاتا - ئانا مېھرىدىن ئايرىلغان نارەسىدە بالىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ، ئائىلە، ئەخلاق، مەجبۇرىيەت مەسىلىسىنى ئىپادىلىگەن، تېخىمۇ مۇھىمى سالامغا تۇرمۇشتىن، كىشىلەردىن كەلگەن ھەر خىل ئازابلار بىلەن تەبىئەتتىن، ھايۋانلاردىن كەلگەن خۇشاللىق - بەختنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ، مەلۇم پەلسەپىۋى ئىدىيىنى ئىپادىلىگەن.

4. «شەھلا كۆز». ژانىرى: ھېكايە - پوۋېست. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 1 - ئاي نەشرى.

بۇ توپلامغا بىر پوۋېست، 12 پارچە ھېكايە كىرگۈزۈلگەن. توپلامدىكى «شەھلا كۆز» پوۋېستى شىنجاڭدا 20 - ئەسىردىكى 100 داڭلىق ئەسەرنىڭ بىرى دەپ قارالغان.

5. «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا». ژانىرى: ھېكايە-پوۋېستلار. مىللەتلەر نەشرىياتى 2005-يىل 10-ئاي نەشرى. 456 بەت. تىراژى: 3000. كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—07249—0

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان 20 پارچە ھېكايىسى، بىر پارچە پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن. بۇلار ئىچىدە: دېھقانلار تۇرمۇشىنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرمۇ («ئېشىپ قالغان بىر نامزات»، «ھېلىمىنىڭ ھال ئېيتىشى»، «قۇرت تېرىش»، «قارلىغاچ ئۇۋا سالغان ئايۋاندا»)؛ شەھەر يۇقىرى تەبىقە تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرمۇ («ئالتۇن مەش»، «ئورۇقلىتىش رېتسېپى»، «كاتىپنىڭ ھەمراھ بولۇشى»، «ئاخىرقى كېكىرىش»)؛ جەمئىيەت ۋە مىللەتتىكى ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان ئەسەرلەرمۇ («بەش پۇتلۇق تۆت ئادەم»، «چېچەك ئىزى»، «ئاھ، قېرىنداشىم»، «قەدىمكى جەسەت»)؛ پارىخورلۇق قامچىلانغان ئەسەرلەرمۇ («كېچىكتۈرۈلگەن مېيىت نامىزى»، «يىغا چولپىنى»، «ئالتۇن چىش»، «ھېق»)؛ رېئالىستىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ (توپلامدىكى كۆپلىرى)؛ مودېرنىزملىق ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ («9-ئىيۇل»، «ئاھ،

تۇردى. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، «تارىم» ژۇرنىلى تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇردى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «يېڭى قاشتېشى»، «كروران»، «تەڭرىتاغ» ژۇرناللىرى رەسىمىنى باستى.

[قوشۇمچە 2] نۇرمۇھەممەد توختى ئەسەرلىرىنىڭ مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى:

♣ «سودىگەر ئايالنىڭ ئاشىقى» ناملىق ھېكايىسى 1985 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى ئۆيۈشتۇرغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

♣ «بەش توپ سەگۇ تېرەك» ناملىق ھېكايىسى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مىللىي ئىشلار باشقارمىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ باشقارمىسى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1986 — 1988 - يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

♣ «قەدىمكى جەسەت» (ھېكايە). خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە تەرىپىدىن 1988 — 1991 - يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

♣ «چۆل ئوغلى» (پوۋېست). 1991 - يىل 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

♣ «سەككىز ياشلىق 40 قاراقچى» (ھېكايە). «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تارقىتىش ھەيئىتى، قاراماي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 1992 - يىل 10 - ئايدا 4 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

♣ «ئۇ دۇنيادىكى سوراق» (ھېكايىلەر توپلىمى). جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن 1992 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر كىتابلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە «ئىسمىنى ئاتاش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

♣ «ئۆرۈك ھەر يىلى چېچەكلەيدۇ» (ھېكايە). شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن 1993 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم

يىللىق 4 - سانى، 7 بەت.

♣ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «چەيلەنگەن قىزىلگۈل». «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 12 - سانى، 5 بەت.

♣ ئەنۋەر ھوشۇر: «نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر»، خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 1 - سانى، 8 بەت.

♣ «ساجىدەگە يېزىلغان خەت»، «تارىم» ژۇرنىلى.

♣ يالقۇن روزى: «نۇرمۇھەممەد توختىغا ئوچۇق خەت». شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى 1994 - يىل سانلىرىدا.

♣ ئارزۇگۇل تۇرۇپ: «نۇرمۇھەممەد توختى ھېكايىلىرىدىكى تراگېدىيە ۋە بىزدىكى تراگېدىيىلىك ئاڭ». خەنزۇچە «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ 1996 -، 1997 - يىللىق سانلىرى.

♣ مۇھەممەد چاۋار: «ئەدەبىي تىلنىڭ پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا». «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىللىق 2 - سانى، 6 بەت.

♣ كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئەدەبىيات گۈلزارىدىكى توزۇماس چېچەكلەر» — نۇر مۇھەممەد توختى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى. «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 1999 - يىل سانلىرىنىڭ بىرىدە.

♣ ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى: «يازغۇچى — دەۋرنىڭ ۋىجدانى». «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈندىكى سانى.

♣ ئەخمەتجان ئابدۇۋېلى: «نۇرمۇھەممەد توختىغا ئوچۇق خەت». «كروران» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانى، 2 بەت.

ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچىنىڭ «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» ناملىق ھېكايىسىغا مۇھەممەد چاۋار تەرىپىدىن يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئوبزور؛ «ئېشىپ قالغان بىر نامزات» ناملىق ھېكايىغا يېزىلغان ئوبزور؛ يەنە بىر قىز ئاپتورنىڭ «شەھلا كۆز» ناملىق پوۋېستىغا يېزىپ ئېلان قىلىنغان ئوبزورى قاتارلىقلار بار.

1984 - يىلىدىن ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان ئومۇملاشتۇرما ئوبزور - ماقالىلەردە يازغۇچىنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرلىرى تىلغا ئېلىنىپ

♣ 2001 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە «ئالتۇن توي مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

♣ «شېرىك» (ھېكايە). 2003 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 2002-، 2003 ـ يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

## تۇرسۇنجان مۇھەممەد ئەسەرلىرى

1. «ئەل ئايىغى بېسىققاندا». ھېكايىلەر توپلىمى (بۇ كىتابقا ئابدۇلئەھەد قادىرنىڭ بەش پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن). مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 155 بەت، تىراژى: 2500.

2. «كۈھىقاپتىكى تەبەسسۇم». پوۋېستلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 287 بەت، تىراژى: 5000.

كىتابقا «قاينام»، «كۈھىقاپتىكى تەبەسسۇم»، «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» قاتارلىق ئۈچ پوۋېست كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پوۋېستلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، ئائىلىۋى مەسىلىلەر كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ياخشى يورۇتۇلغان.

3. «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى». پوۋېستلار توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى 1996 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 312 بەت، تىراژى: 5000.

كىتابتىكى «قۇدۇقتىكى ئاي شولىسى»، «قۇرۇلتاشتىكى كۆنلەر»، «ئانا قەدرى» قاتارلىق ئۈچ پوۋېستتا يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، يېزىلاردىكى نامراتلىق مەسىلىلىرى؛ يوقىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش مەبلەغلىرىنىڭ بىر قىسىم ناباب ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى قولىدا خۇددى قۇدۇقتىكى ئاينىڭ شولىسىدەك كۆرۈنۈشكە بار، تۇتقىلى يوق نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك ئەھۋاللار

رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «90 ـ يىللاردىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېمىسىدىكى، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى» دە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

♣ «قوشتاغدىكى مۇشائىرە» (ھېكايە). 1994 ـ يىل 7 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى، يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان 1992-، 1994-يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

♣ «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1995- يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «مۇنەۋۋەر ئاپتورلۇق مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

♣ «شەھلا كۆز» (ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى). 1996 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

♣ «ئېشىپ قالغان بىر نامزات» (ھېكايە). 2000 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خوتەن يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 1998 — 2000 ـ يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

♣ «بەش پۇتلۇق تۆت ئادەم» (ھېكايە). 2000 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى باھالاش ھەيئىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن 10 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

♣ «يىغا چولپىنى» (ھېكايە). 2001 ـ يىل 7 ـ ئايدا بايىنغولىن ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن «دىنار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

كـاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا تەكلىپ قىلىنغان. ھازىر «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى.

تۇرسۇنجان مۇھەممەد «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھۈنەر ئالماشتۇرۇش» ناملىق ھېـكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ھـەرقـايىسى گېزىت - ژۇرناللاردا 150 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە: «دېھقـان يېنـىدا ئىشەك بـار»، «ئۇقۇشـسىز قالغان بالـىلار ۋە ھاراق»، «ئەل غېـمىنـى ئەر يەيدۇ»، «كۈمۈش لىنتىدا چاقنىغان نۇر» قاتارلىق بىر قىسىم ماقالە ۋە ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرى ئېلان قـىلىنغان. «بۇ چۈش ئەمەس» ناملىق ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «قايىنام»، «ئانا قەدرى»، «سامان يولى»، «قارا مـۈشـۈك»، «دوسـتـۇم ھەققىدە رىۋايەت» قاتارلىق پوۋېست - ھېكايىلىرى تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىنىپ ئىشلەنگەن.

ئۇنىڭ «ئانا قەدرى» ناملىق پوۋېستى 1991 - يىلى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مـۇنەۋۋەر ئەسـەرلەرنى باھالاشـتا 1 - دەرىـجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ «جاھاننىڭ ئېتىكى كەڭرى» ناملىق پوۋېستى 5 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مـۇكـاپـاتـى»غـا؛ «قۇرۇلتاشتىكى كۆلەر»، «ئەلۋىدا كىرپىك»، «شەيتانكەرش» قاتارلىق ئون پارچە پوۋېست - ھېكايىلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا؛ «ئەل غېمىنى ئەر يەيدۇ»، «كۈمۈش لىنتىدا چاقنىغان نۇر»، «پىداكار» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ھېكايىسى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان «يول» تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ تەھرىرلىگەن «خەتەرلىك ئۇچىنچى باسقۇچ» ناملىق ماقالە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسى تەرىپىدىن «3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

تـۇرسۇنجان مۇھەممەد شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلـۇق يازغۇچـىلار جەمئىيـتـىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى

قامچىلانغان. كىتابتىكى «قورۇلتاشتىكى كۈنلەر» ناملىق پوۋېستى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىڭ «كروران گۈزىلى» ناملىق 3 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن.

4. «تۇندىكى پەرىشتە». ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 3 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 286 بەت، تىراژى: 3000.

كىتابقا «قارا مۈشۈك»، «شەيتانكەرىش»، «سۇ»، «سامان يولى» قاتارلىق 14 ھېكايە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان.

---

ياش يازغۇچى تۇرسۇنجان مۇھەممەد 1965 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981 - يىل 8 - ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇغان. 1983 - يىل 7 - ئايغىچە كېرىيە ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىدە ئوقۇپ، 1986 - يىل 9 - ئايغىچە چىرا ناھىيە گۈلاخما يېزا ياپلاق باشلانغۇچ مەكتىپىدە



ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1988 - يىل 9 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ، 1991 - يىل 8 - ئايغىچە چىرا ناھىيە دامكو يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن. 1996 -، 1997 - يىللىرى شىنجاڭ چوڭلار مائارىپى كەسپىدە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن. نەشرىيات سىستېمىسى بويىچە

نۇسخا)، «مۇلازىمەت قائىدە - يوسۇنى» (تەرجىمە دەرسلىك)، «مېھمانخانا باشقۇرۇش بىلىملىرىدىن ئاساس» قاتارلىق ئۈچ كىتابى (520 مىڭ خەتلىك) جۇڭگو ئەمگەك نەشرىياتى تەرىپىدىن يېقىندا نەشر قىلىنىپ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشدۇ.

## ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ئەسەرلىرى

1. «سۆيگۈ چۇقانلىرى». شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىل 6 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، فورماتى: 787×1092mm، 120 بەت، باسما تاۋىقى 3.625، تىراژى: 5500.

بۇ شېئىرلار توپلىمىدا ھاياتقا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببەت، ياشلىقتىكى ۋىسال ۋە ئازاب تۇيغۇلىرى، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قىزغىن ئىشتىياق ۋە ياشاش ئىستەكلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

2. «ئويناق كۆزلەر» (يەنە بىر ئاپتورى: ئەركىن داۋۇت). شېئىرلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1996 - يىل 5 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، فورماتى: 787×1092mm، 175 بەت، باسما تاۋىقى 5.875، تىراژى: 6070.

بۇ توپلامدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھادىسىلەر قويۇق شېئىري تىل ئارقىلىق جانلىق يورۇتۇلغان.

3. «گىرىمسەن سۇرەتلەر». شېئىرلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 11 - ئاي نەشرى. فورماتى 787×1092mm، 155 بەت، باسما تاۋىقى 5.125، تىراژى: 4110.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا ۋەتەنگە، يۇرتقا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئەدەپ - ئەخلاقتا، ئار - نومۇسقا يات قىلمىشلار، چىرىك ئىدىيىۋى خاھىشلار، ھەسەتخورلۇق، رەزىللىك ۋە ئاچ كۆزلۈكلەر جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇلغان.

6 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

## ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى ئەسەرلىرى

1. «كەچكى شەپەق». ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 90 مىڭ خەت.

2. «ياتاقخانا مۇلازىمىتى». (تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن دەرسلىك). جۇڭگو ئەمگەك نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 114 مىڭ خەت.

3. «ئىككى قەبرىلىك ئادەم». ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، 226 مىڭ خەت.

---

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى 1964 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى بازىرىغا قاراشلىق بۇقەمبەر كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1989 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىدا؛ 1996 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگانلار خوجىلىق ئىدارىسى كادىرلار باشقارمىسى ۋە ئىدارە ئىشخانىسىدا؛ 2004 - يىلغىچە شىنجاڭ ساياھەت - مۇلازىمەت مەكتىپى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات ۋە تارقىتىش ئىنستىتۇتىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى بۇ ئارىلىقتا 1989 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش كەسپىدە ئوقۇغان، 1990 - يىلى قازاقىستان دۆلەتلىك سانائەت ئىنستىتۇتىدا بىر يىل ئوقۇغان. ھازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، مىكرو ھېكايە ۋە نەسرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ «ياتاقخانا مۇلازىمىتى» (تەرجىمە دەرسلىك، يېڭى

50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئون نەچچە كوللېكتىپ توپلاملارغا تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدىن «ھايات كەچمىشلىرى»، «يول شەجەرىسى»، «دېھقان ناخشىسى» قاتارلىق ئۈچ داستانى؛ «كۆكۈل مەرغۇللىرى»، «سېخىيلەر شاھسەن، سېخىي بىر قويلاش»، «يول ئوغلىنىڭ ناخشىسى»، «دېھقان ئاتا پەخىرلەن»، «ئانامغا ئىلتىجا» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك باھالاشتا دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئەركىن داۋۇت (ئوغۇز) ئەسەرلىرى

1. «ئويناق كۆزلەر». (يەنە بىر ئاپتورى: ئابدۇخېلىل ئابدۇخبۇر). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1996 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى. 81 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 5.875. تىراژى: 6070.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 95 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاياتقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

2. «ئەمەلىي يېزىقچىلىق». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 - يىل 2 - ئاي نەشرى. 170 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 5.625. تىراژى: 5080.

بۇ كىتاب ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى قىسمى «بايان خاراكتېرلىك ماقالە - ئەسەرلەر يېزىقچىلىقى»، جەمئىي توققۇز پاراگراف. ئىككىنچى قىسمى «چۈشەندۈرۈش ماقالىلىرى يېزىقچىلىقى» بولۇپ، ئىككى پاراگرافتىن تەركىب تاپقان.

3. «يېزىقچىلىق بىلىملىرىدىن سوئال - جاۋابلار». شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى.

4. «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (9 - قىسىم). يەنە بىر نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرغۇن يىلتىز. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل 9 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، فورماتى: 850×1168mm، 286 بەت، باسما تاۋقى 7.125، تىراژى: 4100.

بۇ توپلامغا خوتەن رايونىدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تارقىلىپ يۈرگەن ھەر خىل مەزمۇندىكى چۆچەكلەر كىرگۈزۈلگەن.

---



ياش شائىر ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 1962- يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزا چوڭكۆل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا تاماملىغاندىن كېيىن 1981 - يىل چىرا ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر، 1986 - يىل 9 - ئايغىچە خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، ئىستانسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ مۇدىر مۇخبىرلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئىگە.

ئۇ 1984 - يىلدىن تارتىپ ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلغان. شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىدە ئۈزلۈكسىز ئوقۇپ، تولۇق كۇرس مەلۇماتىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا 900 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى شېئىرلىرى، يەتتە پارچە داستان - باللادىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە - نەسرى ئېلان قىلىنىپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

باسما تاۋىقى 5. تىراژى: 2270.
بۇ كىتاب تۆت بابقا بۆلۈنۈپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەرقايسى بابلار بىرقانچە پاراگرافلارغا ئايرىلغان. كىتابتا ئاساسەن بازار ئىگىلىكى ئېلانچىلىقىنىڭ قىممەت قارىشى، ئىگىلىك، تەرەققىيات، رىقابەت ۋە باشقا تەرەپلەرگە نەزەر سالغان ئاساستا ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ، ئېلان يېزىقچىلىقىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەشكىللىگەن «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتى» دە 2004 - يىل 12 - ئايدا «نادىر ئەسەر» باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىلگەن.
8. «باللار ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى. 244 بەت، چوڭ 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 7.875. تىراژى: 4080.
بۇ كىتاب ئون بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، باللار ئەدەبىياتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئەمەلىي مىساللار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ سۆزلەنگەن.

---



شائىر، دوتسېنت ئەركىن داۋۇت ئوغۇز 1960-يىلى 12-ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىرغىچە مۇشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتىدۇ.
ئۇ 1980-يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ياشلىقىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، 1800 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە نەسر، 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئېلان

193 بەت، كىچىك 32 كەسلەم. توققۇز باب، 281 سوئال - جاۋابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تىراژى: 5000.

4. «ئۇتلۇق بالىمەن». شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى. 100 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 3.375. 111 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. تىراژى: 5070.

بۇ شېئىرلار توپلىمى بالىلارغا ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تاغ سۈيىدەك ئويناق تىل ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئىنتىلىشى، قىزىقىشى، ھەيرانلىقى، ئاتا - ئانىغا بولغان مۇھەببىتى، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدىكى تۈگىمەس خىياللىرى ئىپادىلەنگەن.

5. «مەن زېمىننىڭ ئەركە بالىسى». شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى. 179 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 5.875. 153 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. تىراژى: 2000.

بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا تۈگىمنى تۆگە، بىرنى ئون كۆرسىتىدىغان قىزىل كۆز، مەككار ئالدامچىلارنى، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغان ئالا كۆڭۈللەرنى، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى باسىدىغانلارنى يۇمۇرىستىك تىل، ھەجۋىي كۈلكە ئاستىغا ئالغان.

6. «ماقالە - تەسەر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈلگىلىك ماقالىلەر». شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي نەشرى. 279 بەت، كىچىك 32 كەسلەم. تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب 15 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بابنىڭ بېشىغا ئۆگىنىش مەقسىتى، ئۇسۇلى قاتارلىقلار بېرىلگەن. شېئىرىيەت ھەققىدىكى يېڭىچە چۈشەنچىلەر، ھېكايىچىلىقتىكى ئۆزگىچە نەزەرىيىلەر، نەسرچىلىكتىكى ھېسسىيات مەسىلىسى، مەسەلچىلىكتىكى ئىدىيە چوڭقۇرلىقى، بالىلار ئەدەبىياتىدىكى جانلىق، جۇشقۇن، ئەۋرىشىمچانلىققا دائىر مەزمۇنلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئەمەلىي مىسال، ئۈلگىلىك ماقالىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيىلەر ئىسپاتلانغان.

7. «ئىبلان، ئۇچۇر يېزىقچىلىقى». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىل 11 - ئاي نەشرى. 153 بەت، كىچىك 32 كەسلەم،

2. «يوقالغان روھ». ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 12 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 207 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05501 — 2/1.2023. تىراژى: 3000.

بۇ كىتاب «بوزتورغاي»، «تاشيول قىزى»، «ئۆچمەس ئوت»، «يوقالغان روھ»، «تاۋاپ»، «جەننەتنىڭ يولى نەدە؟»، «قەلەندەر» قاتارلىق يەتتە ھېكايىدىن؛ «دادام» ناملىق بىئوگرافىك ھېكايە ۋە «جاسارەت» ناملىق ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە قاتارلىق توققۇز پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان. بۇ ئەسەرلەردە ئاساسلىقى دېھقانلار، تاشيول ئىشچىلىرى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، ئوي - خىيالى، روھىي ھالەتلىرى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئادەملەرنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، رەزىللىك، نادانلىق مەسخىرە قىلىنغان. ۋاپادارلىق، پاك مۇھەببەت، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىش، يۇرتىنى سۆيۈش، مېھرىبانلىق قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئاپىرىن ئوقۇلغان.

3. «تەكرارلانغان تراگېدىيە». ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى. شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل 4 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5631 — 1213 — 8/1.200. چوڭ 32 كەسلەم، 267 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ توپلامغا «توك»، «ياتاقداشلار»، «بورانلىق كۈندە»، «ئېتىبار»، «تەقدىر»، «ئەلنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن»، «دولقۇن» قاتارلىق يەتتە پارچە ھېكايە؛ «مىتە»، «تەكرارلانغان تراگېدىيە» قاتارلىق ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر دېگۈدەك تراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، نادانلىق، ئىناقسىزلىق، ساختىپەزلىك، ئىشقۋازلىق، مەيۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ سېتىش قاتارلىق ئىللەتلەر ۋە بۇلار ئېلىپ كەلگەن تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتلەر ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئېلىنىپ، يۇمۇرلۇق تىل بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى تەسىر قوزغاپ ئوبزورلار ئېلان قىلىنغان، ئاپتور كىتابخانىلاردىن تەسىرات، رەھمەت خەتلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغان.

4. «مەرۋايىت يۇزىدە يالتىرايدۇ نۇر». شېئىرلار توپلىمى.

قىلىنغان. بىر قىسىم شېئىرلىرى «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، «جانان بىلەن ئېيتقان ناخشىلار»، «خوتەندە راۋان يوللار» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلامدىن ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە تەرجىمىھالى «جۇڭگودىكى مەشھۇر كىشىلەر»، «جۇڭگو مەدەنىيەت ئامبىرى»، «جۇڭگو ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ شەرەپلىك ئارخىپى» قاتارلىق قامۇسلاردا تونۇشتۇرۇلغان.

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ يېزىقچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## قەييۇم ئابدۇقادىرشال ئەسەرلىرى

1. «تىنىم تاپماس ئادەملەر». ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېركلار. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5371 — 2319 — 5/1.787، 130 بەت، تىراژى: 6070.

«پۇرسەت»، «باياۋاندىكى تۆھپىكار»، «تىنىم تاپماس ئادەملەر»، «تاشيول ئوغلانى» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلار؛ «قايتا يانغان ھايات چىرىغى»، «تاشيولغا باغلانغان رىشتە»، «315 - نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولىنىڭ 2565 - لىنىيىسىدە» قاتارلىق 12 پارچە ئوچېركتىن تەشكىل تاپقان بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردە خوتەن تاشيول سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ھەر مىللەت تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن تاشيول ياسىغان، ئاسرىغان، قوغدىغان، خەلقكە ئىللىقلىق يەتكۈزگەن تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، يۇقىرى ئاخبارات قىممىتى ۋە بەلگىلىك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بۇ كىتاب تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئۆز - ئۆزىنى يازغان، تاشيول ئىشچىلىرىغا بېغىشلانغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۇنجى كىتابتۇر. توپلامدىكى ئەسەرلەردىن ئۈچ پارچىسى «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1-، 2-، 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

تولۇق كۇرس دىپلومى ئالغان. 2005 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىنىڭ قانۇن كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومى ئـالـغان. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى خوتەن تاشيول باش ئـۇچـاسـتـكىسىدا يول ئاسراش ئىشچىسى، رېمونتچى، ئىتتىپاق كادىرى، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇجىسى، باش ئـۇچـاسـتـكـا سـىـياسـىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن؛ 2000 ـ يىل 2 ـ ئايدىن ھازىرغىچە بورتالا تاشيول باش ئۇچاستكا پارتكومىنىڭ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتكوم شـۇجـىسى، قوشۇمچە مۇئاۋىن باش ئۇچاستكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. سىياسىي خىزمەتچى (ئوتتۇرا دەرىجىلىك) ئۇنۋانىغا ئىگە.

يازغۇچى، شائـىـر ھەم فوتـوگراف قەيـيـۇم ئابدۇقـادىـرشـال 1985 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئاخبارات ئەسەرلىرى ۋە كېيىنرەك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇشقا باشلىغان، ھازىرغىچە 1000 پارچىغا يېقىن (بۇنىڭ ئىچىدە 100 پارچىغا يېقىن ئەسىرى خەنزۇ تىلىدا ئىجاد قىلىنغان) ھەر خىل ژانىردا ئىجاد قىلغان ئـەسەرلـىرى گېزىت ـ ژۇرنال، رادىئو ـ تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىنغان. 40 پارچىغا يـېـقـىـن ئەسىرى ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ جۇڭگو ئېتنوگرافىيە فوتوگرافلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ نامى «جۇڭگو فوتوگرافلار قامۇسى» ، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن.

### ئەنۋەر تاشتۆمۈر ئەسەرلىرى

1. «تەنـھـا قىز». لىرىك نەسرلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى.
2. «ئادەم ۋە مەدەنىيەت». مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقىغا ئائىت مەخسۇس ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى.
3. «كـىـملـىـكـىمنى سورىما». لىرىك نەسرلەر توپلىمى. شىنجاڭ

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 2 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5373 — 0766 — 01.214، تىراژى: 3110.

188 بەتلىك بۇ شېئىرلار توپلىمىغا «يۇرۇڭقاش»، «مەن يولچى شائىر»، «ئۇرۇمچى كېچىسى»، «ئايالللارغا ئۇچۇق خەت»، «مەرۋايىت يۇزىدە يالتىرايدۇ نۇر»، «تاشيولدىكى سۇرەتلەر»، «ئۆزۈمگە تېز سىزما»، «قەلەمكەشنى بوش چاغلىما، ئەي نادان»، «باشلىق بولماق تەس»، «سايرام ئىلھامى» قاتارلىق 79 پارچە شېئىر، ساتىرا، 21 پارچە رۇبائىي ۋە پارچە كىرگۈزۈلگەن.

5. «سۇمبۇل چاچ». پوۋېستلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 238 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—1322—9، تىراژى: 3080.

بۇ كىتابقا ئاپتورنىڭ 2003 - يىلى يازغان «ئايگۈزەل»، «سۇمبۇل چاچ»، «تولكە» قاتارلىق ئۈچ پوۋېستى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسى مۇرەككەپ تورمۇش ۋەقەلىرى ئىچىگە قويۇلۇپ، ئاددىي ۋە يېقىشلىق ئوبرازلارنىڭ ئىچكى - تاشقى دۇنياسىدىكى ھېسسىياتى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

---



قەييۇم ئابدۇقادىرشال 1963 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى لوپ ناھىيە بۇيا يېزىسى سولۋا كەنت شال مەھەللىسىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1970 - يىلىدىن 1977 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ، 1979 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خوتەندە تاشيول ئاسراش سېپىگە ئىشچى بولۇپ كىرگەن. 1986 - يىل 9 - ئايدىن 1988 - يىل 8- ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1991 - يىلى ۋە 2004- يىلى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە مەخسۇس ۋە

يىلىدىن 2005 ـ يىلىغىچە بولغان 14 يىللىق 56 سانىنى يالغۇز ئىشلىگەن). ھازىرغىچە مەزكۇر پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئەنۋەر تاشتۆمۈر تەبىئەتنىڭ مىسلىسىز گۈزەل زوقىنى ھاياتىنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىن ئىلھام ۋە ئەقلىي دەۋەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن تالانتلىق يازغۇچى بولۇپ، تەپەككۇر جەۋھەرلىرى، لىرىك نەسر، شېئىر، ئاخبارات، پەلسەپە، مەدەنىيەتشۇناسلىق، كۇتۇپخانىشۇناسلىق، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تەرجىمە ساھەلىرى بويىچە مول نەتىجىلەرنى ياراتقان.

## ئايمۇھەممەت ساھىبى ئەسەرلىرى

1. «ھالاكەت سىرتمىقى». ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 172 بەت. بۇ كىتابتا 15 پارچە ھېكايە بولۇپ، ئاپتورنىڭ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمىدۇر.

بۇ كىتابتىكى ۋەكىللىك ئەسەر «تونۇردا» ناملىق تارىخىي ھېكايە دەسلەپتە «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا، كېيىن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 5 ـ سانىنىڭ «تەرمە گۈللەر» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان ۋە 1994 ـ يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

2. «كۈئېنلۈن بۈركۈتى ھەققىدە قىسسە». ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 150 بەت.

«كۈئېنلۈن بۈركۈتى ھەققىدە قىسسە» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن، قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرغان «گۈلدەستە» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىدۇر.

بۇ كىتابتا ياش دارۋاز غوجىئابدۇللا روزىنىڭ بالىلىق ھەم ياشلىق

خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 11 - ئاي نەشرى.

4. «رۇسسو». فرانسىيە پەيلاسوپى رۇسسونىڭ هايات - پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان تەرجىمە ئەسەر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

5. «كۇتۇپخانا خىزمەت نەزەرىيىسى». كۇتۇپخانىشۇناسلىققا ئائىت نەزەرىيىۋى تەرجىمە ئەسەر. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانا ئىلمىي جەمئىيىتى 2002 - يىلى 8 - ئاي باسمىسى.

6. «لەۋلەر ساماسى». لىرىك نەسىرلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى 5 - ئاي نەشرى.

7. «جۇڭگو كۇتۇپخانىلىرىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى» (يېزا ئىگىلىك پەنلىرى قىسمى). يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ۋە كەسىپلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسى، تۈرى، قاتلىمى ۋە خاس بەلگىلىرىگە ئائىت تەرجىمە ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىلى 6 - ئاي نەشرى.

8. «كۇتۇپخانىشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات قاتلاملىرى». كۇتۇپخانىشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئائىت مەخسۇس ئەسەر. «كىتاب مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 3-، 4 - سانىدىن باشلاپ هەر ساندا ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنغان.

---



ئەنۋەر تاشتۆمۈر 1968 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كېرىيە ناهىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ «كىتاب مۇنبىرى» (ئەسلىدىكى ‹شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىقى›) ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىنغان (ژۇرنالنىڭ 1990 -

يېقىنقى بەش ـ ئالتە يىلدىن بۇيان يازغان 38 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ ماقالىلىرىدە جەمئىيىتىمىزدىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن، ئەمما ئالغا ئىنتىلىشىمىزگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ھەر قەدەمدە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان رەڭگارەڭ مەسىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى، يىلتىزى ۋە زېمىنىنى چوڭقۇر قېزىپ، كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويغا ۋە ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلارنى تۇرلۇك روھىي يۈكلەرنى تاشلاپ، ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدۇ. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھەربىر ماقالىدە ئۆزگىچە يېڭى قاراش، ئۆزگىچە يېڭى تەھلىل بار بولۇپ، بۇ ماقالىلەر كىتابخانلارنىڭ كۆزقارىشىنى يېڭىلاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە قىممەتلىك روھىي ئوزۇق بولۇپ قالغۇسى.

3. «بۇركۇت سايىسى» (تەرجىمە). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 319 بەت.

بۇ كىتاب ئامېرىكا جامائەت رادىئو تورىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئاپتورى مارك ھېرتىگاردىنىڭ «11 ـ سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن نەشر قىلىنغان ئەڭ مۇھىم سىياسىي مۇلاھىزە كىتابى. ئۇنىڭدا ئامېرىكا خەلقى بىلەن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئوخشاش «يەر شارى» نەزەرلىرى ئارقىلىق ئامېرىكىنى چۈشىنىپ يېقىشلىرى ئۈچۈن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى كىشىنى قايىل قىلىدىغان ھەم چۆچۈتىدىغان پاكىتلار ئارقىلىق ئېچىپ تاشلانغان. بۇ كىتاب ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ ئامېرىكىنى يېڭىچە تونۇپ، يېڭىچە پىكىر قىلىشىغا تۈرتكە بولىدى.

4. «ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە». پوۋېستلار، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—09080—2، چوڭ 32 كەسلەم، 342 بەت، تىرازى: 5000.

بۇ كىتابقا يازغۇچىنىڭ «گۆھەر»، «رەڭلىك ئولتۇرۇش» قاتارلىق ئالتە پارچە پوۋېستى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئالدىنقى پوۋېستلاردا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، زىيالىيلار ۋە شەھەر

مەزگىللىرىدىكى دارۋازلىقنى ئۆگىنىش ھەۋەس - ئىشتىياقى، جاپالىق تىرىشچانلىقى تەسىرلىك مىساللار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇنىڭدەك جاپالىق ئەجرىگە يارىشا دۇنيا جىنس رېكورتىنى يارىتىشتەك زور شان - شەرەپكە ئېرىشكەنلىكى بايان قىلىنغان.

3. «بىرنى بىر دېگۈلۈك». تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 5 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 190 بەت.

توققۇز پارچە ھېكايىدىن تەركىب تاپقان بۇ توپلامدا كىتابخانلارنى تولىمۇ قىزىقتۇرغان «بىرنى بىر دېگۈلۈك»، «بۇ يەرنىڭ سوغۇقى قاتتىق»، «يۈك» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ھېكايە 12 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

## ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى ئەسەرلىرى

1. «قىز پەسلى». ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 151 بەت.

بۇ كىتابقا شائىر ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىنىڭ 1990 - يىللاردا يازغان 130 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شېئىرىي تەپەككۇر، يېڭىچە پەلسەپىۋى قاراشلار ئارقىلىق كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزگىچە جۇلالاندۇرۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇش، جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەر ۋە ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ تىلى ئوبرازلىق ۋە پىششىق، تېما دائىرىسى كەڭ، ھەربىر شېئىردا چوڭقۇر شېئىرىي بوشلۇق بار. بۇ شېئىرلار ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى چوڭقۇر، ئوبرازلىق ۋە يوشۇرۇن ئىپادىلىشى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

2. «كۆز ئىچىدىكى كۆز، سۆز ئىچىدىكى سۆز». ژانىرى: مۇھاكىمە ماقالىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 431 بەت.

بۇ كىتابقا شائىر، يازغۇچى ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىنىڭ

يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان، نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا بىرنەچچە پارچە ئوبزورمۇ يېزىلدى. ئۇ ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بىر بۆلۈك ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

## ئابدۇرېھىم زۇنۇن ئەسەرلىرى

1. «تاغدىكى ئۇچقۇنلار» كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990-يىل 3-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0991—3/1.50، 380 بەت، تىراژى: 1600.

بۇ بىرلەشمە توپلامغا، ئاپتورنىڭ 23 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلاردا مۇھەببەت، ۋاپا-ساداقەت، يۇرتنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى قىزغىن كۈيلەنگەن. شۇنىڭدەك ھاياتلىقتىكى ۋاپاسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، ساداقەتسىزلىك، پارىخورلۇققا ئوخشاش ھايات مەنتىقىسىگە يات قىلىقلار پاش قىلىنغان ۋە تەنقىد قىلىنغان.

2. «بۇلاققا سىرداش خىياللار»، ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1274—X، 167 بەت، تىراژى: 3500.

بۇ، ئاپتورنىڭ تۇنجى مۇستەقىل شېئىرلار توپلىمى بولۇپ (200 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل تۈردىكى شېئىر، رۇبائىي، تۇيۇق، ساتىرا كىرگۈزۈلگەن)، بۇ توپلامدا سۆيگۈ-ۋاپا، دىيانەتلىك بولۇش، كىشىلەر ئارا ئىناق ئۆتۈش قاتارلىق ھايات مىزانلىرى خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن كۈيلەنگەندىن باشقا، كىشىلەر ئارىسىدىكى ساداقەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، ئاچ كۆزلۈك، ئالا كۆڭۈللۈككە ئوخشاش ناچار تەرەپلەر ئۆتكۈر ھەجۋىي قامچا ئاستىغا ئېلىنغان.

3. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». ژانىرى: ئىلمىي ئەسەر (دەرسلىك)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000-يىل 9-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1276—6، 400 بەت، تىراژى: 3000.

ئاھالىلىرىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرى، ئىنتىلىش-ئارزۇلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «ئارتىبالىق ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستتا تارىخىي ۋەقەلىكلەر تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر كەڭلىكىدە قانات يايدۇرۇلۇپ، تارىخىي رېئاللىقنىڭ يارقىن سۈرىتى سىزىلغان. بۇ پوۋېستلار توپلىمى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

5. «سۆيگۈ ۋە قىساس». رومان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىل 9-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: 9—09079—228—ISBN7، چوڭ 32 كەسلەم، 278 بەت، تىراژى: 5000.

يازغۇچىنىڭ ئەخلاق تېمىسىغا بېغىشلانغان بۇ رومان ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر قېزىش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قايناملىرىدا ئۆزدۇرۇپ، روھىي دۇنياسىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلار بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچرىشىشلار ئىچىدە رومان سۈژىتى قانات يايدۇرۇلغان. روماندىكى پىسخىك تەسۋىر بىلەن ئاپتور بايانىنىڭ ئۆزئارا كىرىشىپ كەتكەنلىكى رومانىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

---



ئىقتىدارلىق يازغۇچى، شائىر، پېداگوك ئابلەت ئابدۇرىشىت بەرقى 1971 - يىلى لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1994 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. شۇ مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات پەنلىرى دوتسېنتى.

ئابلەت ئابدۇرىشىت بەرقىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1988 -

11-سانىدا ئېلان قىلىنغان «سۆي» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر، رۇبائىي، تۇيۇقلىرى؛ 30 پارچە ئىلمىي-نەزەرىيىۋى ۋە ئوبزور ماقالىلىرى ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

«ئارزۇ بوستانى»، «مۇھەببەت لىرىكىلىرى»، «مۇكاپاتلانغان شېئىرلار»، «تاللانغان رۇبائىيلار» قاتارلىق سەككىز كىتابقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ يەنە باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان كىتابلىرىدىن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، «ماركسىزملىق پەلسەپە قائىدىلىرى»، «پېداگوگىكا»، «پسىخولوگىيە» قاتارلىقلار ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئۇ 1990-يىلى ئۇيۇشتۇرۇلغان تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن تارتىپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 20 قېتىم ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2005-يىلى «گەپتە ئەشكەن قامچىلار» ناملىق بىر گۇرۇپپا شېئىرى 14-نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1999-يىلى ئۇنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسەن دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «زىڭ شەنجىيې فوندى»نىڭ 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، «جۇڭگو دىكى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» قاتارلىق كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. يېقىندا ئۇ، رۇبائىي، تۇيۇقلىرىدىن تۈزگەن «بولاقتىكى ئوت» ناملىق توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

## ئەزىزى ئەسەرلىرى

1. «دانالار دۇردانىلىرى». (يەنە بىر تۈزگۈچىسى ھەجەرگۈل قاسىم)، ئىلمىي پەلسەپىۋى ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 250 بەت.

بۇ پېداگوگىكا ئالىي مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، بىرقانچە كىشى بىرلىكتە ئىشلىگەن بۇ كىتابنىڭ، ئاپتور: لېكسىكولوگىيە ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەم ۋەزىپىسى — لېكسىكولوگىيە، لېكسىكولوگىيىنىڭ مەزمۇنى، ۋەزىپىسى؛ سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە — سۆز ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەنىلىرى، سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە كۆچمە مەنىسى، بىر مەنىلىك سۆز ۋە كۆپ مەنىلىك سۆز، سۆزنىڭ ئالاھىدە مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر؛ سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى تۈرلىرى — مەنىداش سۆزلەر، ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شەكىلداش سۆزلەر، زىت مەنىلىك سۆزلەر، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى؛ ياردەمچى سۆزلەر — ياردەمچى سۆز ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە — تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى)، باغلىغۇچىلار، ئۈلانمىلار (يۈكلىمىلەر) قاتارلىق ئالتە بابنى يېزىپ چىققان.

---

شائىر ئابدۇرېھىم زۇنۇن 1962-يىلى 10-ئاپرېل قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملاپ، 1984-يىل 7-ئايدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991-يىل 9-ئايدىن 1993-يىل 7-ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇپ، باكالاۋرلىق ئۇنۋانىغا



ئېرىشكەن. ھازىر خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىت-ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ مەسئۇلى، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1982-يىللىق

1 ـ ئاي نەشرى. 165 بەت، كىچىك 32 كەسلەم، تىراژى 2000.
كىتابتىكى شېئىرلاردا ئىلىم ـ پەنگە، ۋەتەنگە، ئاتا ـ ئانىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت مەدھىيىلەنگەن. كىشىلەرنى راستچىل، سەمىمىي، ئىناق ياشاشقا، ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلىشكە ئۈندىگەن.

2. «ھېلىقى كوچا». ھېكايە ـ نەسرلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى. 21 پارچە ھېكايە، 11 پارچە نەسر كىرگۈزۈلگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 154 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—1058. تىراژى: 2770.

كىتابتىكى ئەسەرلەردە كىشىلەر ئارىسىدىكى كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق، ئەمەلپەرەسلىك، ساختىپەزلىك، تەمەخورلۇق... قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىپ، كىشىلەرنى راستچىل، سەمىمىي، ئىناق ياشاشقا يېتەكلىگەن.

3. «مۆجىزى». تارىخىي پوۋېست. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—08012—2. كىچىك 32 كەسلەم.

كىتابتا موللا ئىسمەتۇللابىننى نېمەتۇللا مۆجىزى (تەخمىنەن 1820 — 1899 ـ يىللار) نىڭ ھاياتى ۋە «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نى يېزىش جەريانى، ئۇنىڭ ئەلشىر ھېكىمبەگنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمدەم بولۇپ، خوتەننىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى تەسىرلىك ھېكايە قىلىنغان.

4. «تۇمانلىق كېچە». رومان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2005-يىل 8-ئاي 1-نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—1378—4. چوڭ 32 كەسلەم، 311 بەت، تىراژى: 3080.

12 بابلىق بۇ كىتابتا، يۇرتتىكى تاسادىپىي كېلىشمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قېچىپ بارغان تۇرسۇننىڭ دالىيەن، بېيجىڭلاردىكى ئەگرى-توقاي تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە خرۇئىن سودىسى ۋە يانچۇقچىلىق قىلىۋاتقان ناھايىتى ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، بىر-بىرىنىڭ پېيىنى

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەردە گۈزەللىك، ياشلىق، دوستلۇق ـ ساداقەت، سەمىمىيلىك، ئىناقلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، ئادالەت، ھەقىقەت قاتارلىق ئىنسانىي پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىنغان.

2. «فەرىدۇددىن ئەتتار». ئىلمىي ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 110 بەت.

بۇ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر فەرىدۇددىن ئەتتارنىڭ ھاياتى، ئەسەرلىرى ۋە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىپ يېزىلغان كىتاب بولۇپ، مول ئىلمىي مەنبەگە ھەم يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

3. «ھىدايەت نۇرى». ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى.

بۇ كىتابقا ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، تارىخ ۋە پەلسەپە تەتقىقاتىغا ئائىت بىرقانچە پارچە ئىلمىي ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلەردە يورۇتۇپ بېرىلگەن قاراشلار كۆپ قاتلام، كۆپ مەنبە ۋە كۆپ خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق شەرھلىنىپ، بىر قىسىم مۇجمەل قاراشلارغا رەددىيە بېرىلگەن ھەمدە ئەسەرلەرنىڭ تىلىدىكى ئۆزگىچىلىكلىرى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى بىلەن تەتقىقاتچىلار، كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

4. «ئوتلۇق تىلەكلەر». ئاپتورى: ئەزىزى قاتارلىقلار. شېئىرىي توپلام. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل نەشرى.

بۇ كىتابقا ئەزىزىنىڭ 50 مىڭ خەتلىك ئەتراپىدىكى شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسەرلەردە ياشلىق، مۇھەببەت ۋە ھاياتقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش ئويناق لىرىكا ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

## مۇھەممەد بارات ئەسەرلىرى

1. «ئەسسالام ھايات». شېئىرلار توپلىمى. 107 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن. كىچىك 32 كەسلەم، كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—04312—1. مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 ـ يىل

مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

توپلامغا ئەلقەم ئەختەمنىڭ «شائىر بىلال ئەزىزى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يولى» ناملىق ماقالىسى كىرىش سۆز سۈپىتىدە بېرىلىپ، شائىرنىڭ 1936 - يىل 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 1945 - يىلىغىچە يازغان 30 پارچە (جەمئىي 240 كۇپلېت) شېئىرى بېرىلگەن. نەشرىياتنىڭ كىرىش سۆزىدە كۆرسىتىلىشىچە: 1957 - يىلى شائىرنىڭ تۇنجى شېئىر توپلىمى كېيۇر نىياز، ئەرشىدىن تاتلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ توپلام كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن نەشر قىلىنغان بىلال ئەزىزى شېئىرلىرىنىڭ تولۇق توپلىمىدۇر.

«يادىكار». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سۇزۇك). شېئىرلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983 - يىل 10 -ئاي 1- نەشرى.

توپلامغا شائىرنىڭ «غەمكىن بېشىم»، «سۆزلىرىڭ ئىلھام ماڭا»، «يادىكار» قاتارلىق 70 نەچچە پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كلاسسىك شېئىرىيەت شەكىللىرىنىڭ ھەرقايسى شېئىرلاردا روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى، 20 - ئەسىرنىڭ 40-، 50 - يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ شېئىرلاردىكى روشەن خاھىشچانلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

«يۈرەك ئۇچقۇنلىرى». ئاپتورى: جېلىلى (ئابدۇجېلىل تۇرسۇن). ژانىرى: شېئىر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1983-يىل 10-ئاي نەشرى، تىرازى: 3000.

بۇ توپلامغا شائىرنىڭ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى، قايناق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھەرخىل تېمىدىكى 83 پارچە داستان، باللادا ۋە شېئىرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بىر قىسىم شېئىرلاردا يېزىلاردىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىر قىسىم شېئىرلاردا شائىرنىڭ ۋەتەنگە، ئىككىنچى ئانا يۇرتى

كېسىپ ياشىغانلىقىدەك ناچار قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ھالال تىجارەت قىلىشقا، ئۆزئارا ئىناق-ئىتتىپاق ياشاشقا چاقىرغان.

## ئەدەبىي كىتابلار سەھىپىسى (2)

«بىلال ئەزىزى شېئىرلىرى». ئاپتورى: بىلال ئەزىزى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: M10098.560. كىچىك 32 كەسلەم، 71 بەت. تىراژى: 6000.

---

شائىر، يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي جەڭچى بىلال ئەزىزى 1921 - يىلى خوتەن شەھرىدە تۇغۇلۇپ، باللىق مەزگىللىرىدە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋە 1936 - يىلدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. 1939 - يىلى خوتەن شەھرىدە ئېچىلغان 2 - نۆۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە كۇرسنى تاماملاپ «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىملىنىپ كوررېكتور، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، بىر يىلدىن كېيىن ئۆلكىلىك ساقچى - كادىرلار مەكتىپىگە ئالمىشىپ، 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئوقۇپ، 1945 - يىلىغىچە ئاقسۇ كونىشەھەر ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزى، مۇنىرىدىن خوجا قاتارلىق ئىنقىلابىي سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەن.

بىلال ئەزىزى خوتەندە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان مەزگىللەردە بىرمۇنچە جەڭگىۋار شېئىرلارنى يېزىپ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولغان. ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇش مەزگىللىرى ۋە ئاقسۇدىكى مەزگىللىرىدە يازغان شېئىرلىرى

تەرجىمىھالى» ، «مەن بىر ئادەم» قاتارلىق توققۇز پارچە ھېكايىسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990-يىل 3-ئايدا نەشر قىلغان «دادامغا يېزىلغان خەتلەر» ناملىق كوللېكتىپ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ ھېكايىلىرىدە چىن مۇھەببەتنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن تاشقىرى، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۇسلۇبىدىكى ناچارلىقلارنى قامچىلىغان؛ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىقنى مەدھىيىلىگەن؛ جەمئىيەتتىكى ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنى ئەيىپلىلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغان؛ خوتۇن-قىزلارنى پەس كۆرۈش ئىدىيىسىنى ئۆتكۈر تىل بىلەن تەنقىد قىلغان.

جېلىلنىڭ يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرى ـــ «توي چاچقۇسى» ، «تيانشان ناخشىسى» ، «قەشقەر ناۋاسى» ، «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» ، «قۇتلۇق ئىز» ، «قامچا» ، «ياپراقتىكى نەقشلەر» قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى نەشر قىلغان «تەڭرىتاغ سادالىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ «يېڭى رۇبائىيلار» ، «رۇبائىيلار» توپلاملىرىغا بىر قىسىم رۇبائىيلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. شائىر جېلىلى ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ «قاچان توگەر بۇ ئادەت؟» ، «سەرگەردان خەت» ، «پارىخورنىڭ بەشرىسى» ، «سەن كىم؟» ، «خورلانغان قىز» ، «ئاچ كۆز» قاتارلىق بىر تۈركۈم ساتىرالىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. ئۇ يەنە «ۋەتەن سۆيۈش نەزمىلىرى» ، «كۆكۈل قەترىلىرى» ، «ياشلىق تىلەكلىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە شېئىرلار توپلىمىنى تەييارلاپ نەشرگە سۇندى.

جېلىلى 1980-يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىمى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«ئىلھام چېچەكلىرى» . ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختىنىياز (سۇزۇك) . شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى.

قەشقەرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسا، «تۇمانلىق يىللار ئەسلىمىلىرى» ناملىق سىكلىدە شائىر ئۆتكۈر تىل ئارقىلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ جىنايەتلىرىنى قامچىلىغان.

---

جېلىلى (ئابدۇجېلىل تۇرسۇن) 1940-يىلى 11-ئايدا خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ يۇرۇڭقاش يېزا ئالتىلە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1948-يىلىدىن 1959-يىلىغىچە ئۆز يۇرتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ، خوتەن دارىلمۇئەللىمىن، قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتلىرىدا ئوقۇغان. 1959-يىل 7-ئايدىن 1975-يىل 8-ئايغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى ۋە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە ماتېماتىكا ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1975-يىل 8-ئايدا «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمگە يۆتكىلىپ، 1985-يىل 7-ئايغىچە مۇخبىرلىق، مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ 1985-يىل 7-ئايدا قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ 1998-يىل 4-ئايغىچە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، دەم ئېلىشقا چىققان.

شائىر جېلىلىنىڭ ئىجادىيىتى 1959-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە «بەختلىك ئۇچرىشىش»، «غەمگۇزار»، «قەھرىمانلىق ناخشىسى»، «سۇنۇق قارىغاي»، «كۆل شەجەرىسى» قاتارلىق ئون پارچە داستان ۋە باللادا، ھەرخىل تېمىدىكى 1500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە 20 پارچە ھېكايە يېزىپ، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. جېلىلى ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ يازغان «قەھرىمان بويتاق»، «كۆيدۈرگۈ ئەمەلدار»، «توققۇز ئېمىزگە»، «ھايات شامالىرى»، «ئالاھىدە دەرس»، «ناتونۇش ئايال»، «تەشۋىقاتچى» نىڭ سىرى»، «بىر مەھبۇس» نىڭ

ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن. مەسئۇل مۇھەررىرى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان، مۇھەممەد توختى. «خوتەن گېزىتى» مەتبەسىدە 1984 - يىلى 10 - ئايدا باستۇرۇلغان. 282 بەت، كىچىك 32 كەسلەم.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە خوتەن رايونى بويىچە تۇنجى چىقىرىلغان بۇ كوللېكتىپ ھېكايىلەر توپلىمىغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇرېشىت ئاۋۇتنىڭ كىرىش سۆزىدىن كېيىن، قاھار جېلىل قاتارلىق 16 يازغۇچىنىڭ بىر پارچىدىن ھېكايىسى بېرىلگەن. توپلامدىكى ھېكايىلەر خوتەن رايونىدىكى ئەدىبلەرنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70-، 80 - يىللىرىدىكى پروزا ئىجادىيىتى سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«سايرا بۇلبۇل». ئاپتورى: جاببار ئەمەت. شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: M10093.965. كىچىك 32 كەسلەم، 158 بەت. تىراژى: 2800.

بۇ كىتابقا شائىر ۋە ژۇرنالىست جاببار ئەمەتنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن يازغان شېئىرلىرىدىن 86 پارچە شېئىرى ۋە «گىلەمچىنىڭ قىزى» ناملىق بىر پاچە داستانى كىرگۈزۈلگەن. جەمئىي 790 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىرلارنىڭ خاھىشى ساغلام، تىلى ئاممىباب بولۇپ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى قاينام - تاشقىنلىق ھايات مەنزىرىسى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بېرىلگەن. توپلامدىكى «مەسەل ۋە ھەجۋىي شېئىرلار» سەرلەۋھىسى ئاستىدىكى 13 پارچە شېئىردا ئىجتىمائىي ئەخلاق، قىممەت قارىشى، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلاردىكى ناچار ئىللەتلەر يۇمۇرستىك ۋاستىلەر بىلەن كۈچلۈك قامچىلانغان.

«ۋەتەن ئىشقى». ئاپتورى: تۇرسۇننىياز ئابدۇللا. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1985 - يىل 6 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 399 بەت.

بۇ تـوپـلامـغـا جـامـائەتچىلىك تەرىپىدىن «كۆڭلى سۈزۈك، ئىجادىيىتى تۈزۈك» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان شـائىـرنـىڭ 20 - ئـەسـىـرنىڭ 80 - يىللىرىدا يازغان «گۈل ئىشقىدا»، «تاپتىم»، «يـازئـىـي قـەلـەم»، «بـۇلـبۇلغا»، «سايرايمەن» قاتارلىق نادىر شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەسەرلەر روشەن مىللىي تۈسكە ۋە ئـامـمـىـبابلىققا ئىگە. شېئىرىي مۇھتىنىڭ گۈزەل، ئوبرازلارنىڭ جانلىق، تەسىرلىك بولۇشى؛ تۇرمۇش تەپسىلاتىنى تىپىك دېتال ۋە كـۆرۈنـۈشلـەر تـەسـۋىرىگە سىڭدۈرۈپ، شېئىرىي پىكرىنى روشەن سـىـمـۋولـلـۇق مـەنـىـگـە ئىگە قىلىش شائىرنىڭ بۇ توپلامدىكى شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىدۇر. شائىرنىڭ يەنە بىرمۇنچە پـوبـلـىستىك ماقالىلىرى، «غوجا مۇھەممەد شېرىپ تەزكىرىسى»، «پەرھاد - شېرىن» داستانىنىڭ نەسرىي نۇسخىسى، خەلق داستانى «سەنۇبەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە) قاتارلىق نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان ئىلمىي، بەدىئىي ۋە تەرجىمە ئەمگەكلىرى بار.

«يۇرۇڭقاش شادلىقى». شېئىرلار توپلىمى. «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن. مەسئۇل مۇھەررىرى: روزى سايىت، مۇھەممەد توختى. «خوتەن گېزىتى» مەتـبەسـىـدە 1984 - يـىـل 10 - ئايدا باستۇرۇلغان. 236 بەت، كىچىك 32 كەسلەم.

جـۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە خوتەن رايونى بويىچە تۈنجى چىقىرىلغان بۇ كوللېكتىپ شـېئىرلار توپلىمىغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شـۇجـىسى ئابدۇرېشىت ئاۋۇت كىرىش سۆز يازغان بولۇپ، توپلام نەۋبەتى قاتارلىق كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ شېئىرلىرى بىلەن باشلىنىپ 54 ئاپتورنىڭ 115 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان. توپلامدىكى شېئىر، ئەسەرلەر خوتەن رايونىدىكى ئەدىبلەرنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70-، 80 - يىللىرىدىكى شېئىرىيەت سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«يىپەك يۇرتىدا توي». ھېكايىلەر توپلىمى. «يېڭى قاشتېشى»

ئـەتلەسچىلىكى، قاشتاشچىلىقى قاتارلىقلارنى كۈيلەيدىغان شېئىرلار كىرگۈزۈلگەن.

«سادا». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلى، تۇرسۇننىياز، زۇلپىقار قاتارلىقلار. ژانىرى: ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.

بۇ توپلامغا مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ «يىغلايمۇ، كۈلەيمۇ؟»، «پۇچۇق» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن.

---

ئىقتىدارلىق يازغۇچى مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلى 1949-يىلى چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىسىنىڭ ئۆشئۆستەڭ كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1971-يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە خوتەن پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتنىشىپ 1991-يىلىغىچە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كاتىپى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. يازغۇچى مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ ئەدەبىي ھاياتى 1981-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «بەخت ئۇچۇرى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان، شۇنىڭدىن بۇيان «تارىم»، «ئىلى دەرياسى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇقراق ھېكايە، پوۋېستى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. «ساقال ھەققىدە پاراڭ»، «پالتا ئوغرىسى» قاتارلىق ھېكايىلىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. «ساقال ھەققىدە پاراڭ»، «يېشىل ۋادا» ناملىق بىرلەشمە توپلاملىرى نەشر قىلىندى.



مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلى ھېكايىلىرىنىڭ تىلى ئوبرازلىق، قۇرۇلمىسى مۇستەھكەم، ساتىرىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىپ

«بوغدا قەسىدىسى» ناملىق بۇ بىرلەشمە توپلامدىكى «ۋەتەن ئىشقى» سەرلەۋھىلىك 11 پارچە شېئىر پېشقەدەم شائىر تۇرسۇننىياز ئابدۇللانىڭ 1961 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە يازغان شېئىرلىرىدۇر.

---

شائىر تۇرسۇننىياز ئابدۇللانىڭ بۇ شېئىرلىرىدا ۋەتەنگە، خەلققە، ئىلىم - پەنگە، ھاياتقا، مېھنەتكە بولغان مۇھەببىتى جۇلالىنىپ، تىل ئىشلىتىش ۋە مەنە ئىپادىلەشتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن، شېئىرىيەت يولىغا قەدەم باسقانلارنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.



پېشقەدەم شائىر تۇرسۇننىياز ئابدۇللا 1943 - يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇلا يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. تۇرسۇننىياز ئابدۇللانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1960 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرغىچە 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشىقىنى توپلاپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇردى. «لوپ خەلق قوشاقلىرى» نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىدى. شائىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«باھار تۈيغۇلىرى». ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن. شېئىرلار توپلىمى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل 8 - ئاي نەشرى، تىراژى: 3000، كىچىك 32 كەسلەم، 220 بەت.

توپلامغا پارتىيىنى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، ئىشچىلار، دېھقانلارنى مەدھىيىلەيدىغان؛ خوتەننىڭ يېپەكچىلىكى، گىلەمچىلىكى،

ئەسەردە 20 دىن ئارتۇق پېرسوناژ ئوبرازى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئىچىنىشلىق ھالىتى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئۆزگىرىشلىرى شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ بۇ ئىككى مەزگىلدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەنىۋى تۇرمۇش كارتىنىلىرى سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

«ئىككى تەقۋادار» . ئاپتورى: مەتتۇرسۇن سۇلايمان. ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989-يىل 2-ئاي 1-نەشرى (1992-يىل ئىككىنچى قېتىم نەشر قىلىنغان) . كىتاب نومۇرى: ISBN7—5371—0362—3/I.137 ، ئۆلچىمى: كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 6.625 .

بۇ كىتابقا ئاپتورنىڭ 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا يازغان توققۇز پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن.

«تۇپراق ۋە تەر» . ئاپتورى: جاببار ئەمەت. شېئىرلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1991 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—1/0270—7.1.72 ، كىچىك 32 كەسلەم، 126 بەت. تىراژى: 1670 .

بۇ كىتابقا شائىر ۋە ژۇرنالىست جاببار ئەمەتنىڭ سۈرىتى، قىسقىچە تەرجىمىھالى بېرىلىپ، 1985 - يىلىدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىدىن تاللانغان 67 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. شېئىرلار 625 كۇپلېتتىن ئارتۇق. رېئال تۇرمۇش تەسىراتى بىلەن مول تەسەۋۋۇرنى بىرلەشتۇرۇپ، كىچىككىنە دېتاللار ئارقىلىق ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدۇر. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «ئىسلاھاتچى تاشپاقا»، «مەسەللەر ۋە ھەجۋىي شېئىرلار» كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

«سالام يۇلتۇزلار» . ئاپتورى: مەمتىمىن بارى قاتارلىقلار. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 126 بەت.

كەلمەكتە. ئۇنىڭ «مېنى كەچۈرۈڭلار» ناملىق ھېكايىسى 1983-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1-دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «ساقال ھەققىدە پاراڭ»، «ئۇ يولۋاس بالىسىغا خۇشتار» ناملىق ھېكايىلىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «دەرەخ بىسمى يول»، «تەشەككۇر» ناملىق ھېكايىلىرى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قاراۋۇل» ناملىق ھېكايىسى 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ئىقتىدارلىق يازغۇچى شۇنداقلا ئەدەبىي تەشكىلاتچى. ئۇ ياش ھەۋەسكارلارنى بايقاش، يېتەكلەش، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«بەيگىچىلەر ھەققىدە قىسسە». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن سابىر. ژانىرى: پوۋېست. 1989 - يىلى يېزىلغان. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى 12 - ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5371 — 0961 — 6/1 — 332، 32 كەسلەم. تىراژى: 5900.

ئەسەر 28 باب بولۇپ، 1968 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتقان بىر جۈپ يىگىتنىڭ شۇ چاغدىن 1990 - يىلىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنغان.

ئېرىز بىلەن تۇرسۇندىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي پېرسوناژ كىچىككىدىن تارتىپ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەرىپىدىن قوزغىتىلغان سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتىن ئىبارەت چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلىك ئۇلارنى ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، ئاداۋەتلەر يۇيۇلۇپ، دوستلۇقى ئەسلىگە كېلىدۇ. ھالال ئىشلەپ بېيىش يولىدا بەيگىگە چۈشكەن رىقابەتچىلەرگە ئايلىنىدۇ.

ئابدۇۋېلى قاتارلىق ئىككى يازغۇچىنىڭ يېزا تۇرمۇشىغا بېغىشلانغان ئالتە پارچە ھېكايىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. مۇھەممەتئىمىن ئابدۇۋېلىنىڭ شۇ ناملىق ھېكايىسى كىتابقا ئىسىم (ماۋزۇ) قىلىپ ئېلىنغان.

«پادىشاھنىڭ ئۇستازى». ئاپتورى: روزىتوختى داۋۇت. ژانىرى: چۆچەك. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 62 بەت.

بۇ بالىلار چۆچەكلىرىدىن تۈزۈلگەن توپلام بولۇپ، ئۇنىڭدا بالىلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ بىلىم ئېلىش، يامانلىقتىن قېچىپ ياخشىلىققا يۈزلىنىش، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ قىلىش كېرەكلىكى، بىلىمنىڭ تۈگىمەس بايلىق ئىكەنلىكى قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك تىل، ئەپچىل قۇرۇلما، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئارخېئولوگ خاتىرىسى». ئاپتورى: مەتقاسىم مەتنىياز. شېئىرىي توپلام. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1992 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 32 كەسلەم، تىرازى: 3120. 119 بەتلىك بۇ توپلامغا شائىرنىڭ 32 پارچە شېئىرى، شېئىرىي مەسەللىرى ۋە ساتىرالىرى كىرگۈزۈلگەن.

---

مەتقاسىم مەتنىياز 1943 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىلى نىيا ناھىيىسىدە خىزمەتكە قاتناشقان.



ئۇ نىيا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن ھاكىم، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىدە بولغان. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ،

بەش ئاپتورنىڭ باللار شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بۇ توپلامدا مەمتىمىن بارىنىڭ شېئىرلىرى كۆپرەك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بەدىئىي سۈپىتى خېلىلا يۇقىرى بولغانلىقتىن «ئاي ماردى تۇگۈلۈكتىن»، «مەن مۆكۈشمەك ئوينىدىم»، «داپچى بالا»، «كەپتىرىم» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

«كۆمۈش قوڭغۇراق». بىرلەشمە توپلام. تۈرى: ئەدەبىيات، ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 3 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم.

بۇ، ئالتە نەپەر شائىرنىڭ بىرلەشمە شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، خوتەندىن مۇھەممەد چاۋار، مامۇت زايىت، ئابدۇقادىر سادىر قاتارلىق ئۈچ نەپەر شائىرنىڭ بىر بۆلۈك شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن (مامۇت زايىتنىڭ «چارەك ئەسىر نەزمىسى»، مۇھەممەد چاۋارنىڭ «يېشىل مۇھەببەت»، ئابدۇقادىر سادىرنىڭ «ئانا تۇپراق قەسىدىسى» نامى بىلەن كىرگۈزۈلگەن). پۈتۈن توپلام 348 بەت بولۇپ، 178 پارچە شېئىر - باللادا، داستان ۋە شېئىرىي چۆچەكتىن تەركىب تاپقان.

«ئاي پەرى». ئاپتورى: ئۆركەش ئىبراھىم. ژانىرى: نەسرىي ئەسەر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 210 بەت، كىچىك 32 كەسلەم.

توپلامغا يازغۇچىنىڭ «قىزىل يۇلغۇن»، «ئاي پەرى» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، توپلامدىكى «يازغۇچى» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىتابخانلار ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

«ساقال ھەققىدە پاراڭ». بىرلەشمە ھېكايىلەر توپلىمى. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1987 - يىل 7 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 339 بەت.

بۇ كىتابقا توققۇز نەپەر يازغۇچىنىڭ 25 پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. خوتەندىن ئابدۇقادىر سادىر، مۇھەممەتئىمىن

شېئىر، ناخشا تېكستى، نەسرلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. 35 تىن ئارتۇق ناخشا تېكستى ئاھاڭغا سېلىندى. ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«قۇياش، زېمىن ۋە ئادەم». ئاپتورى: ئالىمجان رەجەپ. ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 255 بەت.

بۇ كىتابتا ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان مەرىپەتپەرۋەر دېھقان كارخانىچى — خوتەن ناھىيىسى خانئېرىق يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان مائارىپنى قوللاش نەمۇنىچىسى كېرەم ئىمىنىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش تارىخى تەسىرلىك، جانلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالغۇدەك دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن. كىتابنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يۇقىرى بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن.

«خوتەندە راۋان يوللار». يول تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى. خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى نەشرگە تەييارلىغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى.

بۇ كىتابقا يول تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلار، ناخشا - مۇزىكىلار، داستانلار، ھېكايىلەر، ئەدەبىي ئاخباراتلار ۋە تېلېۋىزىيە فىلىمى كىرگۈزۈلگەن. كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق ۋە ئاددىيكى مۇقاۋىلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، قاتناش باشقارمىسى تەرىپىدىن ھەقسىز تارقىتىلغان.

«چۈنكى مەن نامەرد». ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ھەكىمى. ژانىرى: شېئىر. مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—02386—4I/. 574، كىچىك 32 كەسلەم، 194 بەت. تىراژى: 2000.

شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇ 1961 - يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، 600 پارچىدىن ئارتۇق ئىجادىي ئەسەر ئېلان قىلغان، بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ، «مىراس» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرى «غەزەل - مۇخەممەسلەر» ، «قامچا» قاتارلىق توپلاملارغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

«ئاي بىر جۇپ بولۇپ كۆرۈندى» . ئاپتورى: نۇرمۇھەممەد جېلىل. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1994 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 142 بەت.

بۇ كىتابقا شائىر نۇرمۇھەممەد جېلىلنىڭ 1969 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرلاردا شائىرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ۋاپادارلىق، گۈزەللىك، ئىناقلىق، كۆيۈمچانلىق، راستچىللىققا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى، رەزىللىك، ساختىلىق، تۇزكورلۇق، ھەشەمەتچىلىككە بولغان غەزەپ - نەپرىتى ئىپادىلەنگەن.

---

شائىر نۇرمۇھەممەد جېلىل 1950 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىغا قاراشلىق ياڭاقلىق كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1966 - يىلى لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ 1968 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە لوپ ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسىدە ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1973 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1977- يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت بۆلۈمىدە ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ 350 پارچىدىن ئارتۇق

ئوتتۇرىغا چىققاچقا، ئوقۇرمەنلەرگە ھەقىقىي ئىستېتىك زوق بەخش ئەتكەن.

---

غەيرەت ئابدۇللا يولچى 1944- يىلى پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى مەشا يېزىسىنىڭ يېڭىتام كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1952-يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ئۆز كەنتىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1962 - يىلىغىچە ناھىيىدىكى تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1967 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ 1970 - يىل 9 - ئايغىچە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 3 - ئاتلىق قىسمىنىڭ مەكىت ناھىيىسىدىكى چاسا دېھقانچىلىق مەيدانىدا «قايتا تەربىيە» ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت تەقسىماتى بويىچە خوتەنگە كېلىپ، شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت 7 - شىركىتىدە بۆلۈم ئەزاسى، بۆلۈم باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى بولغان. 1985 - يىلدىن كېيىن خېلى مەزگىل خوتەن ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

غەيرەت ئابدۇللا يولچى ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا يېزىقچىلىققا كۈچلۈك ئىشتىياق باغلاپ، مەشىق شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغان، مەكتەپ ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ژۇرنال ۋە تام گېزىتلىرىدە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن باشلاپ ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 30 نەچچە پارچە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «خوتەندە راۋان يوللار»ناملىق قاپلىق ئۇنىئالغۇ لېنتىسى، «خوتەندە راۋان يوللار» ناملىق ئەدەبىي تويلامنى ئىشلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ نەشر قىلدۇرغان. «پاياندار» ئېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەر پائالىيىتى، نورۇز پائالىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەنجۇمەنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان.

بۇ كىتابقا شائىرنىڭ 1985 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە يېزىپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان 75 پارچە شېئىرى ۋە 39 پارچە رۇبائىي - پارچىلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئەسەرلەر «ئوتلۇق تىنىقلار»، «سېغىنىش كۈيلىرى»، «چۈنكى مەن نامەرد»، «كۆلكىلىك گەپلەر»، «ئۈزۈك سۈرەتلەر» سەرلەۋھىسى ئاستىغا قىزغىن ۋە ساغلام ھېسسىياتلىق شېئىرىي پىكىر، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئۈزۈك نۇقتىلىرى بىر گەۋدە قىلىنىپ، كىشىلىك قاراش، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تېمىلىرى ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«چىېدىر ئەسلىمىسى». ئاپتورى: غەيرەت ئابدۇللا يولچى. شېئىرلار توپلىمى. روزى سايىت نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى. كىچىك 32 كەسلەم، 140 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابقا ئاپتورنىڭ 1961 - يىل 4 - ئايدىن 1995 - يىل 3 - ئايغا قەدەر يازغان 69 پارچە شېئىرى ۋە «بۇيا تاغلىرى، بۇيا يوللىرى» ناملىق داستانى كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەر توغرىسىدا نەشرگە تەييارلىغۇچى «كىرىش سۆز» دە مۇنداق يازىدۇ: «قولۇمدىكى بەتلەرگە شېئىرىي گۈللەر تىزىلغان، يول ئىشچىلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرى نەقىشلەنگەن ئىدى! ھەر كۇپلېت، ھەربىر مىسرادا مەردانە تەپەككۇر، جۇشقۇن پىكىرلەر ئۇرغۇپ تۇراتتى؛ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار تاغ - داۋانلار ئۈستىدە لاچىندەك پەرۋاز قىلاتتى؛ تاتلىق لىرىكىلار ئاددىي - ساددا، پاك، ئوماق قىزدەك كۆلۈمسىرەيتتى... مىسرا - ھەرپلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن تاغ - تاشلار پارتلىغان چاغدىكى گۈمبۈرلەشلەر، مىتىن - بازغانلارنىڭ جاراڭلاشلىرى، قاڭسىق قارىماي ھىدلىرى، ماي ئوچاقلىرىنىڭ ئىس - يالقۇنلىرى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئاۋازلىرى، بوران، يامغۇر، چاقماق...سادالىرى كېلىپ تۇراتتى!...».

كىتابتىكى 700 كۇپلېتتىن ئارتۇق بۇ شېئىرلار سۈنئىي پەردازدىن خالىي، تەسۋىرلىگەن ئوبيېكتلىرى ئەسلىي قىياپىتى بىلەن

نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0710—5، فورماتى 787×1092mm، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى 4.625، 141 بەت.

ياش شائىرنىڭ بۇ توپلىمىغا 100 پارچە شېئىر - باللادا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرلاردا دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ئىنساپ - دىيانەت، مەردلىك - ئالىيجانابلىق، سۆيگۈ - مۇھەببەت، ۋىجدان - غۇرۇر، پاكلىق - گۈزەللىك قاتارلىقلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان. بولۇپمۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا ئانا يۇرت، ئەل - ۋەتەنگە بولغان قايناق مۇھەببەت گەۋدىلىك هالدا ئىپادىلەنگەن.

---

توختىمۇھەممەت تۇردى 1962 - يىل 10 - ئايدا قاراقاش ناهىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسىدا هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.



1985 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى، 1996 - يىلى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش بويىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1985 - يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئىقتىدارلىق ياش شائىر توختىمۇھەممەت تۇردى 1982 - يىلى «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «تېخمۇ» ناملىق غەزىلى بىلەن ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ، هازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى گېزىت - ژۇرناللاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئون پارچە هېكايە ۋە نەسر، سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. «ئۈلگىلىك ماقالىلەر توپلىمى»، «100 شېئىر»، «گۈلدەستە» ناملىق كىتاب - توپلاملارغا بىر قىسىم نەسر، شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. «قەلب كۈيى»، «سۆيگۈ سۈرەتلىرى»، «شېئىرلار» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون هەم ۋىلايەت

«دام ـ دام ـ دام». ئاپتورى: مەمتىمىن بارى قاتارلىقلار. ژانىرى: شېئىر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1996 ـ يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 122 بەت.

بۇ كوللېكتىپ توپلامدا مەمتىمىن بارىنىڭ شېئىرلىرى 28 پارچە بولۇپ (40 بەت)، توپلامدا كۆپرەك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ شېئىرلاردا دەۋرىمىز ئۆسمۈرلىرىنىڭ مەنىۋى ئىنتىلىشلىرى، جۈملىدىن ئۆگىنىشكە، ئىجادىيەتكە، تەبىئەتكە، گۈزەللىككە بولغان قىزىقىشلىرى تەسىرلىك، ئوبرازلىق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

---



مەمتىمىن بارى 1940 ـ يىل قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1964 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ «تارىم» ژۇرنىلىدا 30 يىلدىن ئارتۇق مۇھەررىرلىك قىلغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گېزىتى» ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان «تەڭرىتاغ ئوبزورى» ژۇرنىلىدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ، 2000 ـ يىلى پېنسىيىگە چىقتى. ئۇنىڭ بالىلار ئۈچۈن يازغان شېئىر ـ ناخشىلىرىدىن 200 پارچىدىن كۆپرەكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. «باغچا ناخشىلىرى»، «ئاي مارىدى تۈڭلۈكتىن»، «داپچى بالا»، «مەن مۆكۈشمەك ئوينىدىم» قاتارلىق شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرى 1983 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە تۆت قېتىملىق بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«تەنھا تورغاي». ئاپتورى: توختىمۇھەممەت تۇردى. شېئىرلار توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ

رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1984 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 260 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، بىرقانچە ھېكايىسى ئېلان قىلىندى. «قىش ۋە باھاردا تىزىلغان سەترىلەر» ناملىق بىر گۇرۇپپا شېئىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «خاتىمىسىز داستان» ناملىق شېئىرى 1993 - يىلى تەڭرىتاغ ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ھېلىمۇ بار كاككۇك گۈللىرى» ناملىق بىر گۇرۇپپا شېئىرى 8 - قېتىملىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

«مۇھەببەت دېڭىزى». ئاپتورى: ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار.
ژانىرى: ھېكايە ۋە نەسر. شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997- يىل 11 - ئاي نەشرى. كىچىك 32 كەسلەم، 92 بەت.

35 پارچە نەسر، ھېكايىدىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابتا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «ھايات دولقۇنلىرى» تېمىسىدىكى نەسر ئىجادىيىتى مۇسابىقىسىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا نائىل بولغان 18 پارچە نەسرىمۇ بار. بۇ ئەسەرلەر ئاپتورنىڭ نەسر ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

---



ئۆمەر مەتنۇرى 1967 - يىل 3 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كاۋاك يېزىسىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1987 - يىل 9 - ئايدىن 1991 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا (مەخسۇس كۇرس) بىلىم ئاشۇرغان. ھازىر قاراقاش ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

«مۇھەببەت، مۇھەببەت، مۇھەببەت!...». ئاپتورى:

دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

توختىمۇھەممەت تۇردى ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«كۆپكۆك تەبەسسۇم». ئاپتورى: ئۆمەرجان توختىروزى. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 100 بەت.

بۇ كىتابقا شائىر ئۆمەرجان توختىروزىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان 75 پارچە شېئىر ۋە شېئىرىي مەسەللىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى راۋان ۋە ھېسسىياتقا باي بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە قىزغىن بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. شېئىرنى قىسقا يېزىپ، مەزمۇننى چوڭقۇر ئىپادىلەپ، يېڭى پىكىر - ھېسسىيات ئىزھار قىلىش شائىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا تولۇق گەۋدىلەنگەن.

---

شائىر ئۆمەرجان توختىروزى 1965 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوپ ناھىيە ناۋا يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1981 - يىل لوپ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، 1983 - يىلغا قەدەر خوتەن ناھىيىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي پەن سىنىپىدا ئوقۇغان. 1985 - يىلىغىچە ناۋا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1987 - يىلىغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان.



1990 - يىلىغىچە جىيا، سامپۇلا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1990 - يىلى كەسىپ ئالمىشىپ جىيا، ناۋا يېزىلىرىدا يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ھازىر ناۋا يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي

مۇھەممەد سالىھ مەتروزى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلىغان. «يۇلتۇزلارنى قىلسام زىيارەت» ناملىق تۇنجى شېئىرى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى گېزىتى» دە، «كۆلۈمسىرەش» ناملىق ھېكايىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 4-سانىدا، «شېئىر نېمە دەيدۇ؟» تۇنجى ئەدەبىي ئوبزورى ناملىق «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن تارتىپ، شېئىرىيەت، پروزا. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق، تەرجىمە ۋە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى ساھەسىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۆزىنىڭ مول سەمەرىلىك ئەمگەك مېۋىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ «كۆلۈمسىرەش» ناملىق ھېكايىسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994-يىلى 9-ئايدا نەشر قىلغان «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. «ئېسىڭگە ئەپ باقساڭ چۈشتەكلا كەچمىش» ناملىق شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 12-ئايدا نەشر قىلغان «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى 2000-يىلى 12-ئايدا نەشر قىلغان خەنزۇچە «سالغا تېشى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، «ئۇرۇمچى دۆڭكۆۋرۈككە تېز سىزما» ناملىق شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىلى 11-ئايدا نەشر قىلغان «يۈرەكسىز سۆيگۈ» ناملىق ئەدەبىي توپلامغا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

يېقىنقى يىللاردا ئۇ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى CD، VCD، DVD قىلىپ ئىشلەش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ 9-مۇقامى «بايات» نىڭ فىلىم سىنارىيىسىنى يازغان ۋە مەزكۇر فىلىمنىڭ سۈرەتكە ئېلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، فىلىمنىڭ ئىشلىگۈچىسى، رېژىسسورى بولغان. تۆت قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «ئادەملەرگە قاراپ باق، دۇنيا» ، ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى «كۆل بويىدىكى چوغ» ، ئالتە قىسىملىق «سامان يولى» ، «مىليون ئەتىرگۈل» ، «خەير-خوش، قىزىل ياغلىقلىق قىزچاق» ، «ئەڭگۈشتەر» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىمى سىنارىيىلىرىنى

مۇھەممەد سالىھ مەتروزى. ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات. مىللەتلەر نەشرىياتى 1997-يىل 11-ئاي 1-نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 314 بەت، 3000 تىراژدا تارقىتىلغان.

ئاپتور بۇ كىتابىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنچىلىرى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس ۋە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. شۇنداقلا يول ياساش تەقەززاسى، يۇرت مۇھەببىتى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى يېڭىلىقلارنى رېئال ئادەملەرنىڭ ئىچكى-تاشقى دۇنياسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەرگەن.

---

ياش شائىر، يازغۇچى، ژۇرنالىست مۇھەممەد سالىھ مەتروزى 1968-يىلى 19-يانۋار چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا



مەكتەپنى چىرا ناھىيىسىدە تاماملاپ، 1986-يىلى 9-ئايدا بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئادەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1991-يىل 8-ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا خىزمەتكە بۆلۈنۈپ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمان، مۇھەررىر، مۇخبىر بولغان، 1992-يىلى 5-ئايدىن 1994-يىلى 5-ئايغىچە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ مۇغاللا بازىرىدا بازار باشلىقى ياردەمچىسى ۋەزىپىسى بىلەن چېنىققان. 1995-يىل 1-ئايدىن باشلاپ «شىنجاڭ ئىشچىلار ھەرىكىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى، كېيىنچە مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. ھازىر مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى.
«يېنىمىزدا مەن بار» . ئاپتورى: ئالتۇنگۇل رەجەپ. ژانىرى: ھېكايە. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0660—3 ، كىچىك 32 كەسلەم، 171 بەت.
بۇ كىتابقا يازغۇچى ئالتۇنگۇلنىڭ 15 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىلىرى خىلمۇخىل ۋە رەڭدار بولۇپ، ئائىلە، نىكاھ، ساداقەت-ۋاپا، كونكرېت ۋەقە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ۋە قىزىقارلىق تاشقى دۇنيا بىلەن زىچ باغلىنىپ قانات يايدۇرۇلغان. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ھېكايىلەر ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى» دە مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.
«باھار يەنە كېلىدۇ» . ئاپتورى: مەتسېلىم مەتقاسىم. ژانىرى: پوۋېست. مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 - يىل 4 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—3770—9 ، 292 بەت، تىراژى: 4000.
بۇ كىتابقا «باھار يەنە كېلىدۇ» ، «مەڭگۈلۈك ناخشا» قاتارلىق ئىككى پوۋېست كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، «باھار يەنە كېلىدۇ» ناملىق پوۋېستتا 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان يېزىلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ روھىي ھالىتىدىكى مەنىۋى يۈكسىلىشلەر بىلەن تېگىرقاشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. «مەڭگۈلۈك ناخشا» ناملىق پوۋېستتا دېھقانلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش يولىدىكى كۈرەشلىرى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ ئىقتىسادىي گەۋدە قۇرۇش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
«ئۇنتۇلماس ئىزلار» . ئاپتورى: مەتسېلىم مەتقاسىم. ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات. مىللەتلەر نەشرىياتى 2001 - يىل 3 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—04349—0 ، 201 بەت، تىراژى:

يازغان. «بەخت ئۈنتۇلمايدۇ»، «ئۈچ ئوغۇل» قاتارلىق بىر قىسىم تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ ئەدەبىي تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن ۋە ناخشا تېكستىنى يازغان. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 8-قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى 5-يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلەر توپلىمى» (خەنزۇچە)، «ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات، خىزمەتنى ئەمەلىي قوللانمىسى» (خەنزۇچە)، «يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» (خەنزۇچە) قاتارلىق خەنزۇچە كەسپىي كىتابلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە بۇ كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەتبۇئاتلاردا هازىرغىچە يەنە 400 نەچچە پارچە ھەر خىل تەرجىمە ئەسىرى ۋە ماقالىسى، 1000 پارچىگە يېقىن ھەر خىل ئاخبارات ماقالىسى ۋە ئاخبارات خەۋىرى ئېلان قىلىنغان.

مۇھەممەد سالىھ مەترozىنىڭ ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان «كۆلۈمسىرەش»، «ئەلۋىدا، سىرلىق دوقمۇش»، «ياشاپ باقە، بەرنا» قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى؛ «ئۈرۈمچى دۆڭكۆرۈككە تېز سىزما»، «خىلۋەت سۆيگەن يالغۇز ئاھاڭلار» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرى؛ «ئۈرۈمچى، باغرىڭدا بىر قىز بار، ئۇ ساڭا تەشنا»، «يولىڭىز ئاق بولسۇن، قىزچاق»، قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئاخباراتى ۋە ئەدەبىي خاتىرىلىرى؛ «بىزگە نېمە كېرەك؟»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە چولتا ھېكايە»، «مائارىپ زادى قايسى يولنى تاللىشى كېرەك؟»، «بىزدە پۇل يوقمۇ، ياكى....»قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاخبارات ماقالىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان.

ئاپتور 1998-يىل 1-ئايدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن «كەسىپ ۋە ئەخلاقتا تەڭ يېتىشكەن سەنئەتكار» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئەدەبىي ئاخبارات ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ

بۇ ئەسەر تېلېۋىزىيە سىنارىيىسى قىلىنىپ ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

---

ھۆسەنجان ئابدۇۋەلى 1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسىغا قاراشلىق يەتتە قىزلىرىم كەنتىدە



دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1984 - يىلى ئۆز خىراجىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ئۈچ يىل قانۇن ئۆگەنگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكە - شەھەرلىرىدە تىجارەت ۋە جاھاندارچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1996 - يىلدىن 2001- يىلغىچە بولغان بەش يىل جەريانىدا «كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل» ناملىق بۇ رومانىنى يېزىپ، 22 يېشىدا ئېرىشكەن بۇ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن بىراقلا ئەدەبىيات سەھنىسىگە چىققان.

«مەرىپەت ئالبومى» . ئاپتورى: ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) . ژانىرى: شېئىر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 108 بەت.

بۇ كىتابقا ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) نىڭ 1981 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە يازغان 32 پارچە شېئىرى ۋە ئىككى لىرىك داستانى كىرگۈزۈلگەن. شېئىرلارنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك، تىلى يەڭگىل، رەڭگارەڭ تۇرمۇشنى قىزىقارلىق سۈرەتلەپ بەرگەن.

«ئارمانلار ياشارغاندا» . ئاپتورى: ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) . ژانىرى: شېئىر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل 12 - ئاي نەشرى. 108 بەت، 32 كەسلەم.

بۇ كىتابقا شائىر ئوبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) نىڭ 1982 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە يازغان 24 پارچە شېئىرى ۋە ئىككى لىرىك داستانى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلاردا ئاپتور

.4000

بۇ توپلامغا «خەلق قەلبىدىكى ئۆچمەس ئابىدە»، «قەلب ئىزلىرى»، «ھايات، قىسمەت، ئىستىقبال» ناملىق ئۈچ پارچە ئەدەبىي ئاخبارات كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەدەبىي ئاخباراتلاردا خوتەندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقى، ئابدۇراخمان قۇربان، ئابدۇغېنى ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ ئەل ـ يۇرت ئۈچۈن قىلغان خالىس خىزمەتلىرى، ياخشى ئىشلىرى رېئال پاكىت ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل». ئاپتورى: ھۇسەنجان ئابدۇۋەلى. ژانىرى: رومان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 639 بەت.

«كۆزگە ئايلانغان كۆڭۈل» رومانىدا سۇلتاندىن ئىبارەت جەنۇب يېزىلىرىدىكى ئاددىي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئېتىقادلىق، ئىرادىلىك، قەيسەر بىر ياشنىڭ مۇھەببەت، ئېتىقاد ۋە ئىجتىمائىي مۇساپىلىرىدىكى ئاچچىق ـ تاتلىق كەچمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ۋە ئاخىرىدا باش پېرسوناژ سۇلتانىنىڭ تراگېدىيىلىك قىسمىتى ئارقىلىق كىشىگە غېرىبلىق، تەنھالىق ۋە ئۆزگىچە بولغان تراگېدىيە گۈزەللىكى بەخش ئەتكەن. گەرچە رومانىدا تەسۋىرلەنگەن سۇلتاندىن ئىبارەت بۇ مەنئۇيەت چۆلىدىكى سەرگەردان ئۆز ئۇرۇنۇشلىرى ئارقىلىق مەنئۇيەت ئالىمىنىڭ ئارىپلىرىغا ئايلىنالمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ رومان 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىكى ياشلارنىڭ غايە، ئېتىقاد، رېئاللىق، مۇھەببەت ئاراچلىرىدىكى تۈرلۈك تېخىرقاشلىرى ۋە تۈرلۈك مەنئۇي كرىزىس ئىچىدىكى ئىزدىنىشلىرى ۋە يارقىن تەسۋىرلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، بۇ رومان كەڭ ياشلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، تالىشىپ ئوقۇلىدىغان كىتابقا ئايلانغان.

نەشرى، كىتاب نومۇرى: 1—08648—228—ISBN7 ، فورماتى: 850×1168mm ، 32 كەسلەم، 257 بەت.

بۇ كىتابتا خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەك سۆيەر روھى مەدھىيىلىنىپ، رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى بەزى قاتماللىقلار تەنقىدلەنگەن شۇنداقلا مائارىپ سېپىدىكى قىسمەن چاكىنا ئىللەتلەر ئېچىپ تاشلانغان. ئەيىبلەنگەن.

«بۇ شۇنداق جاھان» . ئاپتورى: مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم. ژانىرى: رومان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 11 - ئاي نەشرى 32 كەسلەم، 440 بەت.

يازغۇچىنىڭ بۇ تۇنجى رومانىدا رەڭدار تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئىچىدىكى جەنۇب يېزىلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان جاپاكەش، ئەمگەكچان دېھقانلىرىمىزنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان مۆمىن ئاخۇندىن ئىبارەت ساددا، ياۋاش، جاپاكەش، ئاق كۆڭۈل دېھقان ئوبرازى ۋە ھىيلىگەر، يۇقىرىغا خۇشامەتچىلىك قىلىپ تۆۋەننى باسىدىغان كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قادىر يورغا، يېزا باشلىقى توختىشاھ شائىجاڭ قاتارلىقلار ئوبرازى ئارقىلىق، جەنۇب يېزىلىرىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسى، دېھقانلارنىڭ ئاچچىق - تاتلىق كەچمىشلىرى، ئارزۇ - تەلەپ، ئىنتىلىشلىرى يارقىن تىللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرىدىكى چىرىكلىك قاتتىق قامچىلانغان.

---



ياش يازغۇچى مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم (ئەلتېكىن) 1970 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېڭىباغ يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1989 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى ئوموميي پەن كەسپىنى پۈتتۈرۈپ يېڭىباغ يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، چوڭلار مائارىپ خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۆزلۈكىدىن ئوقۇپ 1996- يىلى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۇرلۇك رەزىل ئىللەتلەرنى يۇمۇرلۇق تىللار بىلەن قاتتىق قامچىلىغان. ۋەتەننى سۆيۈش، بارلىقىنى ئەلگە بېغىشلاش، دوستلۇق، مېھرىبانلىق ۋە سەممىيلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئادىمىيلىك پەزىلەتلەرگە چىن دىلىدىن مەدھىيە ئوقۇغان.

---

شائىر ئۇبۇلخەيرى ئىمىن (پەرۋىش) 1960 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى لوپ ناھىيىسىنىڭ دول يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 - يىل 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، لوپ ناھىيە دول يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 - يىل 9 - ئايدىن 1984 - يىل 7 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇپ، 1996 - يىل 1 - ئايغىچە دول يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە، ھازىرغىچە ھاڭگىيا يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1982 - يىل 11 - ئايدا باشلانغان بولۇپ، ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 250 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە داستانلىرى ئېلان قىلىندى. 1000 كۇپلېتتىن كۆپرەك خەلق قوشىقىنى توپلاپ ۋە رەتلەپ ئېلان قىلدۇردى. 30 دىن ئارتۇق سۆز ئويۇنى ۋە ماقاللىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. شائىر ئۇبۇلخەيرى ئىمىن ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«تۇزلۇق موما» . ئاپتورى: داۋۇت مەتنىياز. ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 6 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228 — 06332—5/1.2331 . فورماتى: 850×1168 mm ، 32 كەسلەم.

بۇ كىتابتا مىللىتىمىز كىشىلىرى ئارىسىدىكى يىلتىزىدىن ياتلىشىش، تەپەككۇرنىڭ پۇچەكلىشىشى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«تاختا كۆۋرۈك» . ئاپتورى: داۋۇت مەتنىياز. ژانىرى: پوۋېست. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 3 - ئاي

ستەملىرى ۋە 1949 - يىلىدىن كېيىنكى بەختىيارلىقىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ھايات كەچمىشى يارقىن مىسرالار ئارقىلىق ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

داستاننىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بۆلۈملىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «زۇلمەت ئىچىدىكى بالىلىق» ۋە «قىرانلىقتىكى قىسمەتلەر» دىن ئىبارەت ماۋزۇلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قۇربان تۇلۇمنىڭ زۇلمەتلىك بالىلىق دەۋرى؛ قىسمەتكە باي، تەلەيگە نامرات ياشلىق دەۋرى ۋە مۇھەببەت، كىشىلىك ھايات يولىدا تارتقان ئېغىر جاپا - مۇشەققەت ۋە ئۇچرىغان دىشۋارچىلىقلىرى تەسۋىرلەنگەن.

ئۈچىنچى بۆلۈم «باھارىستان» دا ئەل بىلەن تەڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەن قۇربان تۇلۇمنىڭ بەختىيار ھاياتى، ھەمدە ئۆزىنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرگەن داھىي ماۋزېدۇڭ ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى، ساداقىتى شۇنداقلا داھىي بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئىستىكى ۋە مۇراد - مەقسەتلىرىنىڭ ھاسىل بولغانلىقى بايان قىلىنغان.

---

شائىر رېھىم نىياز 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ15 - كۈنى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن بازىرى تۆۋەن مەھەللە كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1969 - يىل 3 - ئايدىن 1996 - يىل 12 - ئايغىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋە كېرىيە ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت، كېرىيە ۋە نىيا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈملىرى قاتارلىق ئورۇنلاردا تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1993 - يىلى لەنجۇ ھەربىي رايونى تەرىپىدىن پولكوۋنىك ئۇنۋانى بېرىلگەن، 1996 - يىل 12 - ئايدا



ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشقان. ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. رېھىم نىياز 1987 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە ئوقۇپ، ئالىي تېخنىكوم دىپلومىغا ئېرىشكەن.

پۈتتۈرگەن. ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ئىشخانىسىدا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

«يۈرەكنى يىغلاتماڭ». ئاپتورى: غوجىئابدۇللا ناسىر. ژانىرى: ھېكايە، پوۋېست. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 1 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 187 بەت.

12 پارچە ھېكايە، بىر پارچە پوۋېستتىن تۈزۈلگەن بۇ توپلامدىن ئاپتورنىڭ ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياقىدىن پەيدا بولغان قەلەم ئىقتىدارىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كىتابتىكى «ھەركىمنىڭ ئۆز كۆڭلى بار» ناملىق ھېكايە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

---



غوجىئابدۇللا ناسىر 1966 - يىل 10 - ئايدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا ئوقۇغاندىن كېيىن 1983 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1985 - يىلىدىن 1987 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان. 2000 - يىلغىچە ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىدا كاتىپ، 2000 - يىلى 1 - ئايدا ماڭلاي يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، 2003 - يىل يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان.

«ئۆڭمەس ئابىدە». ئاپتورى: رېھىم نىياز. ژانىرى: داستان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 4 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 79 بەت.

بۇ كىتابتىكى بىر پارچە داستان «گىگانت ھەيكەل» ماۋزۇسى ئاستىدىكى مۇقەددىمە، ئۈچ بۆلۈم ۋە «ئۆڭمەس ئابىدە» ماۋزۇسى ئاستىدىكى خاتىمىدىن تەشكىل تاپقان. داستاندا قۇربان تۇلۇمدىن ئىبارەت رېئال تارىخىي شەخسنىڭ كونا جەمئىيەتتە تارتقان زۇلۇم -

قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتچى، ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا مۇھەررىر، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1991 - يىلىدىن ھازىرغىچە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كاتىپى، تارىخ ماتېرىياللىرى گۇرۇپپىسىنىڭ كەسپىي خادىمى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

«سانائىل ھەرپىيلەر» شەكلىدە شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تىرىشچان شائىر جاپپار رېھىم ئۇيغۇر شېئىرىيىتى شەكىللىرىگە بىر يېڭىلىق تەقدىم قىلدى.

«نېلۇپەر ناخشىسى». ئاپتورى: ئەنۋەر ھىدايەت. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 190 بەت.

156 پارچە شېئىردىن تۈزۈلگەن بۇ توپلام شائىرنىڭ تۇنجى كىتابى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «تۇرمۇش رەڭدار — پايانسىز ئالەم» ناملىق شېئىرى 11 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

ياش شائىر ئەنۋەر ھىدايەت 1969 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۇغۇلغان. 1987 - يىلى قاراقاش ناھىيە تۆۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1992 - يىلى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ مالىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ھازىرغىچە ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدا باش بوغالتىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.



«ئۇششۇگەن ياپراق». ئاپتورى: ماھىنۇر ئىسمائىل. ژانىرى: ھېكايە، شېئىر، ماقالىلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 139 بەت.

كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، توپلامدىكى ھېكايىلەردە ئاساسەن ئاپتور تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن ماھىرلىق

ئۇ 1988 - يىل 7 - ئايدا «خوتەن گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «باي بولاي دېسەڭ» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ، «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى»، «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى گېزىتى»، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا «ئارزۇ»، «ئارمان»، «مەندىكى ھەۋەس»، «ئويلاپ باقسام»، «نورۇزنامە»، «موللاق ئاتتىم»، «گۈللە نىيا» قاتارلىق بىر قىسىم شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان.

«تەكلىماكان تىنىقلىرى». ئاپتورى: جاپپار رېھىم (روھلان). ژانىرى: شېئىر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 228 بەت.

بۇ كىتابتا «يېشىل ئارمان»، «غەزەللەر»، «باللادالار»، «سانائىل ھەرپىيلەر»، «مۇخەممەس ۋە تۇيۇقلار»، «مۇساۋىيات تەرەپەيىنلەر»، «رۇبائىي ۋە پارچىلار»، «تەخسىملەر»، «ھەجۋىيلەر»، «مەسەللەر» دىن ئىبارەت ئون ماۋزۇدا 117 پارچە شېئىر بار.

«تەكلىماكان تىنىقلىرى» دىكى «سانائىل ھەرپىيلەر» شەكلىدە يازغان شېئىرلىرى ئاپتورنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى ئەسىرىدۇر. 20 كۇپلېتلىق بۇ شېئىردىكى 418 سۆزنىڭ ھەممىسى «ت» ھەرپى بىلەن باشلانغان بولۇپ، شائىرنىڭ پىششىق بەدىئىي ماھارىتىنى دەلىللەيدۇ.

---

جاپپار رېھىم روھلان 1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كۆيا يېزىسى پاۋان كەنتىدە تۇغۇلغان.



1968 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن يېزىغا قايتىپ دېھقان بولغان. 1973 - يىل 9 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇپ 1978 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

تېكىست بېرىلگەن سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمى. ژانىرى: خەلق ئېغىز سەنئىتى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى نەشرگە تەييارلىغان. باش مۇھەررىر: مۇھەممەد چاۋار؛ مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەمتىمىن سابىر، تۇرسۇنجان ئابدۇللا؛ ئەدەبىي تەھرىرى: ئابدۇللا سۇلايمان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىلى 5 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. تىراژى: 2000 (بۇنىڭدىن قاتتىق مۇقاۋىلىقى 500).

كىتاب كىرىش سۆز، بېغىشلىما، قىستۇرما سۈرەت، ئىلمىي ماقالە، ئاساسىي تېكىست، ناخشا - كۈي تۆھپىكارلىرى ئالبومى، ئەسەر تەمىنلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى تىزىملىكى، شەرەپ مۇنبىرىدىن ئىبارەت سەككىز قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن تۆت كىشىنىڭ بېغىشلىمىسى، 14 پارچە رەڭلىك سۈرەت، ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ئاساسىي تېكىست قىسمى مەشرەپ - ئەلنەغمىلەر، ناخشىلار، مۇزىكىلىق قوشاقلار، مۇزىكىلىق داستانلار، باشقا كۈيلەر قاتارلىق بەش قىسىمغا بۆلۈنۈپ، جەمئىي 263 پارچە خەلق سەنئەت ئەسىرىنىڭ بەش سىزىقلىق نوتىسى ۋە تېكىستى بېرىلگەن. ناخشا - كۈي تۆھپىكارلىرى ئالبومى قىسمىدا 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن ۋىلايىتىدە ياشىغان خەلق سەنئەتكارلىرىدىن بىرقەدەر كۆزگە كۆرۈنگەن 43 نەپەر كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، سەنئەت ھاياتى ۋە تۆھپىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەر تەمىنلىگەن خەلق سەنئەتكارلىرى تىزىملىكى قىسمىدا مەزكۇر توپلامنى تۈزۈش داۋامىدا ئەسەر تەمىنلىگەن 168 نەپەر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىسىملىكى، يېشى، كەسپى، ئادرېسى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار جەدۋەل شەكلىدە تونۇشتۇرۇلغان. شەرەپ مۇنبىرى قىسمىدا مەزكۇر توپلامنى نەشر قىلىشقا ماددىي ياردەم بەرگەن 22 ئورۇن، 13 نەپەر مەرىپەتپەرۋەر شەخسنىڭ تىزىملىكى كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلق سەنئەت ئەسەرلىرى بىرقەدەر

بىلەن پايدىلىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتتىكى مۇرەككەپ تۇرمۇش دېتاللىرى، ئەپچىل قۇرۇلما، تەسىرلىك ۋەقە، جانلىق ئوبراز، خىلمۇخىل سۇژېت ئارقىلىق كىتابخانلارغا رېئال تۇرمۇشنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى سىزىپ بەرگەن.

شېئىرلاردا لىرىك قەھرىمان «مەن» نىڭ كەسىپ، تۇرمۇشتا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى، سۆيگۈ ھېسسىياتى قىسقا، لىرىك شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابقا يەنە «يازغۇچى تۇرمۇشنى سۆيۈشى كېرەك»، «ئەدەبىياتتا مىللىي خاراكتېر» قاتارلىق ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى بىر قىسىم تەجرىبىسى، يېڭىچە كۆزقاراشلىرى نەزەرىيىۋى يول بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

ماھنۇر ئىسمائىل 1971 - يىل 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر چىرا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە.



ئۇ «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ گېزىتى» «يېڭى قاشتېشى» قاتارلىق گېزىت ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇقراق ھېكايە، 50 پارچىدىن ئارتۇقراق پەننىي - نەزەرىيىۋى ماقالە، بىر قىسىم ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا دوختۇرلۇق كەسپىگە ئائىت بىر قىسىم ماقالىلەرنى يېزىپ مۇناسىۋەتلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلدۇردى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«خوتەن خەلق ناخشا - كۈيلىرى». بەش سىزىقلىق نوتا ۋە

ھاياتتىكى ساختىلىق، قارا نىيەتلىك، ئاچ كۆزلۈك، چېقىمچىلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر ئۆتكۈر مەسخىرە قىلىنغان.

---

مۇختار سوپۇرگى 1963 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1980 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي



تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1984 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئانا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ھازىر دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

شائىرنىڭ ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىغا يېقىن شېئىر، داستان، ھېكايە - مەسىلىرى ئېلان قىلىنغان. «نورۇزنامە»، «گۇما ئابىدىلىرى»، «كۆنلۈك ئاستىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

مۇختار سوپۇرگى ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. ئۇنىڭ ئىسمى ۋە قىسقىچە تەرجىمىھالى «جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ياش يازغۇچىلار قامۇسى»، «جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى نامدار شەخسلەر قامۇسى» قاتارلىق يەتتە قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن.

«رەڭدار كۆلەڭگە». ئاپتورى: ھاياتنوپۇس مۇھەممەد. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—09003—9، كىچىك 32 كەسلەم، 107 بەت، تىراژى: 2500.

بۇ كىتابقا شائىرەنىڭ 1997 - يىل 2 - ئايدىن تارتىپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

تولۇق توپلانغان، نوتا بىلەن تېكىست بىرلەشتۈرۈلگەن توپلام بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە شۇ تۈردىكى مەخسۇس كىتابلارنىڭ تۇنجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بىرقەدەر يۇقىرى تارىخىي، ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئەمەلىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

«قاراقاش تەنتەنىسى». تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەتئىمىن قۇربان، ئايمۇھەممەت ساھىبى. كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات. ژانىرى: شېئىر، ھېكايە، نەسىر ۋە ئەدەبىي ئاخبارات. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 286 بەت.

«قاراقاش تەنتەنىسى» — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى تەنتەنە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تۈزۈشكە ئۇيۇشتۇرغان «گۈلدەستە» ناملىق كىتابنىڭ 1 - قىسمىدۇر. بۇ كىتابقا قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، قاراقاشتا ياكى باشقا يۇرتلاردا ئىشلەۋاتقان پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ھەم ياش ئەدىبلەردىن 58 كىشىنىڭ 83 پارچە شېئىرى، 14 پارچە ھېكايىسى، ئۈچ پارچە نەسرى، بىر پارچە ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب تارىختىن بۇيان مەخسۇس قاراقاشلىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن نەشر قىلىنغان تۇنجى دىۋاندۇر.

«تۈن لىرىكىسى». شېئىرلار توپلىمى. ئاپتورى: مۇختار سۇپۇرگى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN 7—228—07907—8، كىچىك 32 كەسلەم، 185 بەت، تىراژى: 2500.

بۇ شېئىرلار توپلىمىغا شائىرنىڭ 1984 - يىلدىن 1994 - يىلىغىچە يازغان 142 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ شېئىرلاردا ئاساسلىقى رېئال تۇرمۇشتىكى پاك مۇھەببەت، سەمىمىي - ساداقەتلىك، مەردلىك، چىن دوستلۇق، ئانا يۇرتنىڭ تەبىئىي يارالمىشلىرى، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئوتتۇقلار يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن كۈيلەنگەن. كىشىلىك

ئارقىلىق بايان قىلىنغان 23 پارچە ئۇچېرك كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئەخلاق ۋە قانۇن ئارقىلىق ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت رېئال تېما يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«يامغۇرلۇق گۈگۈم». ئاپتورى: مەتتۇرسۇن سۇلايمان. ژانىرى: ھېكايە، تېلېۋىزىيە سېنارىيىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—09351—8. فورماتى: چوڭ 32 كەسلەم، 334 بەت.

بۇ كىتابقا يازغۇچىنىڭ 80-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 90-يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە يېزىلغان ئون پارچە ھېكايىسى ۋە بىر پارچە كىنو سېنارىيىسى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

---

«ئالاھىدە ئەترەتنىڭ تارمار قىلىنىشى»، «ساقىي»، «يامغۇرلۇق گۈگۈم» ھېكايىلىرى ۋە «ئىككى ئەقۋادار» توپلىمى بىلەن 80-يىللاردا ئاپتونوم رايونىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى مەتتۇرسۇن سۇلايمان 1950-يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سىيەك



يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1973-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى؛ 1987-يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇزۇن يىل كېرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر دەم ئېلىشتا.

ئۇ 1981-يىلى «بادام چوققىسىدىكى داغسىز قاشتېشى»، «ئۇ كىم؟»، «زەمزەم بۇلاق خاتىرىسى»، «سەمەندەر» قاتارلىق ھېكايە-ئۇچېركلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان 50 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ۋە نەسر، ئېتوت، تېلېۋىزىيە تىياتىرى سېنارىيىسى، تەزكىرە-ئەسلىمە خاراكتېرلىك

ئىــرادە ئۆتكەللىرى. ئاپتورى: مەتقاسىم مەتنىياز. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 12 - ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 09286 — 4، فـورماتـى 850×1168mm، تىراژى: 2500.

بۇ كىتابقا شائىرنىڭ 1987 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە يازغان 107 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بەش سەھىپە ئاستىغا جەملەنگەن بـۇ ئـەســەرلەر تېما كەڭلىكى، ھېسسىيات ۋە شېئىرىي پىكىرنىڭ چـوڭـقـۇرلۇقى، ھەرقايسى شېئىرىي شەكىللەرنىڭ چىرايلىق جارى بولۇشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بىر قىسىم ساتىرالار ئەينى چاغلاردا جامائەتچىلىك ئارىسىدا مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان.

«كەپسىز ئېقىن». ئاپتورى: تۇرسۇن غوجىئابدۇللا. ژانىرى: ھېكايە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—09352—6، چوڭ 32 كەسلەم، 259 بەت.

ئاپتورنىڭ بۇ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمىغا «تۇنجۇققان سەھرا»، «چىمچوك» قاتارلىق 26 پارچە ھېكايىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، گــۈزەل ئەخلاق، چىن مۇھەببەت، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئۆرپ - ئادىتى، سەھرا ۋە شەھەر تۇرمۇشى قاتارلىق تېمىلار ئاپتورنىڭ ساددا ۋە تۈز بايانلىرى، يېنىك ۋە يەڭگىل سۆزنت قۇرۇلمىلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان.

«ساراڭ بولۇۋالغان ئوغرى». ئاپتورى: تۇردى ئەھمەد. شىنجاڭ خـەلـق نـەشرىياتى 2005-يىل 4-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—09383—6. تىراژى: 3050، 204 بەت.

بـۇ كـىـتابقا كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە زىلزىلە قوزغىغان ۋە جـەمـئـىـيـەت تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلەنگەن بىر قىسىم جىنايەت دېـلـولـىـرىـنـىـڭ يۈز بېرىش جەريانى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ۋاستە-ئۇسۇللىرى ئاممىباب ۋە ئـىـخـچام تىل، خىلمۇخىل بەدىئىي ۋاستە، ئەپچىل قۇرۇلما

ھېسسىياتىنىڭ ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولغان چاقناشلاردىن ئىبارەت. تىلىدىكى ساددىلىق، ھېسسىياتتىكى سەبىيلىك بۇ شېئىرلارنىڭ خېلى بىر قىسمىنى يارقىنلىققا ئىگە قىلىپ، شائىرەنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت تالانتىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

---

ئايىمنىسا سۇلايمان 1982-يىلى ئىيۇندا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاراقىر يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1999-يىلى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. 2002 — 2004-يىللىرى خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات تولۇق كۇرس كەسپىنى تاماملىغان. ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك 2-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى.



ئۇ 2004-يىلى تۇنجى شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. «شېئىر بولۇپ يېزىلغان سەن كىم» ناملىق شېئىرى 2005-يىل «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خوتەن ۋىلايەتلىك ھەم كېرىيە ناھىيىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«تەكلىماكاندىكى رىۋايەت» . ئاپتورى: ئوبۇل ھاشىم. ژانىرى: ھېكايە، شېئىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىل 3-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN 7—5631—2019—x. چوڭ 32 كەسلەم، 392 بەت، تىراژى: 5000.

كىتابقا 19 پارچە ھېكايە، بىر پارچە پوۋېست، 19 پارچە شېئىر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ تۇنجى كىتابىدىكى ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭمۇرەڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن تاللىۋېلىنغان ساددا، ئاق كۆڭۈل پېرسوناژلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت

ماقالە-ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان. «قۇتۇب كېچىسى» رومانىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرگە تەييارلاۋاتىدۇ. يېقىندا ئۇ يەنە «كۆڭۈلدىن يىراق ئادەم» ناملىق ھېكايە-پوۋېستلار توپلىمىنى پىششىقلاپ پۈتتۈرگەندىن باشقا، گۆدەكلىك ۋە ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىق ئاساسىي تېما قىلىنغان تارىخىي ئەسلىمە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرگە ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق كومېدىك خۇسۇسىيىتى، يۇمۇرىستىك تىلى ۋە ئەگرى-توقاي ۋەقەلىكى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە رام قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان، سەھنىلەردە ئۆزلەشتۈرۈپ ئوينالغان، رادىئو ئىستانسىلىرىدا تاللاپ ئاڭلىتىلغان، ئۇن نەچچە خىل توپلامغا كىرگۈزۈلگەن، يەنە بىر بۆلۈك ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە بەش قېتىم مۇكاپاتلانغان، ئاپتورمۇ مېھنەت ئەجرى ئۈچۈن «جۇڭگو ئالىملىرى قامۇسى»، «جۇمھۇرىيەت ئالىملىرى قامۇسى»، «مىللىي يازغۇچىلار قامۇسى»، «مەشھۇر ھازىرقى زامان مائارىپچىلىرى قامۇسى» قاتارلىق ئۇن نەچچە قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى 1999-يىلى تون كىيگۈزۈپ ئۇنى مۇبارەكلىگەن.

ئۇ سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيىلىك 10-، 11-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتى، جۇڭگو مائارىپ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق بىرقانچە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى.

«ئوت پەسلى». ئاپتورى: ئايمىنىسا سۇلايمان. ژانىرى: شېئىر. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006-يىل 1-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—2008—4. چوڭ 32 كەسلەم، 198 بەت. تىرازى: 3000.

بۇ كىتابقا شائىرەنىڭ 134 پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شېئىرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاددىي ۋە كىچىك كۆرۈنۈشلىرىدىكى كېسەك نۇقتىلار ئۈستىدە قوزغالغان تەسىرات بىلەن نازۇك ئىچكى

# ئىلمىي، ئۇنىۋېرسال كىتابلار

«ئىقتىم مەسىلىلىرىگە دائىر ماتېرىياللار قوللانمىسى». ئاپتورى: مەتروزى ھېيت. ژانىرى: تارىخ، سىياسىي - ئىقتىساد ۋە نەزەرىيە بىلىملىرى، ئىقتىم مەسىلىلىرىگە دائىر قوللانما. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى 1983 - يىل 1 - ئاي باسمىسى، 353 بەت. تىراژى: 8000.

بۇ كىتابتا ئىقتىم مەسىلىلىرىگە دائىر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئاساسىي بىلىملەر بايان قىلىنغان.

«ئەرەب تىلى». تۈزگۈچى: ئىسمائىل قادىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

«ئوردۇ تىلىدىن ئاساس». ئاپتورى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1992 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 589 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتابقا 75 دەرس كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ دەرس فونېتىكا قىسمى، قالغانلىرى گراماتىكا ۋە تىل قىسمىدىن ئىبارەت. تېكىست ئىچىگە 3000 دىن ئارتۇق يېڭى سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن ھەمدە بۇ سۆزلەر دەرسلىكنىڭ ئاخىرىدىكى لۇغەت قىسمىغا ئوردۇ تىلى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن.

«تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» (20 - سان). بۇ كىتابتىكى بارلىق ماقالىلەرنى گويا ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن ئابلىكىم جېلىل تەييارلىغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 - يىل 4 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 236 بەت، تىراژى: 3570. كىتاب «ئىلمىي تۇرمۇش»، «ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا»، «يېمەك - ئىچمەك ساۋاتلىرى»، «پەرزەنت

ئىچىدىكى ئوي-خىياللىرى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى، تىلى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ساختىلىق بىلەن راستچىللىق ئىچىدە ئاشكارىلىنىدۇ. كىشىلىك ئەخلاق، تەبىئەت قارىشى ئۇستىدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنى ئويلاندۇرىدۇ.

شېئىرلارمۇ ئەدىبنىڭ ۋەتەنگە، ئانا يۇرتىغا، چىن مۇھەببەتكە ۋاپا-مەردلىككە ئوقۇغان مەدھىيىسىدۇر.



**ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن كىتابلار**

1. «بۇددا ئېلى ئۇدۇن». ئەسلى ئاپتورى لى يىنپىڭ. ژانىرى: تارىخ (تەرجىمە). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 8-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—03321—7/K.349. 421 بەت، تىراژى: 5100.

بۇ كىتابتا خوتەننىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرگىچە بولغان قەدىمكى زامان تارىخى، يەنى دۆلەت قۇرۇشقا دائىر رىۋايەتلەر، بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى، مىللەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۇدۇن ۋىيسا خانلىقىنىڭ خان نەسەبى، يىلنامىسى، خوتەننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە قەدىمكى ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

2. «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش». ژانىرى: يېزا ئىگىلىكى (تەرجىمە). شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1993-يىل 2-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—0475—6/S.103. 623 بەت، تىراژى: 5900.

بۇ كىتابقا شىنجاڭنىڭ ئاتاقلىق يېزا ئىگىلىك ئىلمىي فېڭ جاۋكۇننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرى، تەكشۈرۈش دوكلاتى، خىزمەت خۇلاسىسى ۋە نۇتۇقلىرىدىن 16 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلىرى كۆپ تەرەپلىمە بايان قىلىنغان.

3. «جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدىن سوئال-جاۋابلار» (2-قىسىم). ژانىرى: تارىخ (تەرجىمە). شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1995-يىل 12-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: 1 - قىسمى: ISBN7—5371—2169—9/G.981، 2 - قىسمى: ISBN7—5371—2170—2/G.982، 864 بەت،

تەربىيىسى»، «سالامەت بولۇڭ»، «يېمەك - ئىچمەكلەر بىلەن كېسەل داۋالاش»، «شىپالىق رېتسېپلار» قاتارلىق 11 سەھىپە ئاستىدىكى 130 پارچە ئىلمىي ساۋات (تۇرمۇش ساۋاتى) دىن تەركىب تاپقان.

«تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» (21 - سان). بۇ كىتابتىكى ماقالىلەرنى گۇما ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن ئابلىكىم جېلىل بىلەن نۇرمۇھەممەد تۇرسۇن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 - يىل 1 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 237 بەت، تىرازى: 3070.

بۇ كىتابقا «ئىلمىي تۇرمۇش»، «يېمەك - ئىچمەك ساۋاتلىرى»، «گۈزەللىك تەربىيىسى»، «ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن ئىلمىي پايدىلىنىش» قاتارلىق يەتتە سەھىپە ئاستىدا 116 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىلەردە كىشىلەر ئىلمىي تۇرمۇش قارىشى ۋە ئۇسۇلىغا يېتەكلەنگەن.

---



ئابلىكىم جېلىل 1955 - يىل 12 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ قارىتاغىز مەيدانىدا تۇغۇلغان. 1974 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1976 - يىلىدىن باشلاپ گۇما ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا 2002 - يىل 12- ئايغىچە ئىشلەپ دەم ئېلىشقا چىققان. خىزمەت داۋامىدا ئىلمىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ساۋات خاراكتېرلىك ماقالە يېزىپ ئېلان قىلدۇرغان. تۇرمۇش ساۋاتلىرىغا دائىر تەرمىلەرنى توپلاپ «تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 20 -، 21 - سانلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان.

2-قىسىم 231 بەت، تىراژى: 6000.

بۇ ئىككى قىسىم كىتابتا كۆتۈنۈپ ساغلاملىقنى ئاسراش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە دائىر مول نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر تونۇشتۇرۇلغان.

7. «ئۆز كېسىلىگە ئۆزى دىئاگنوز قويۇش توغرىسىدا پايدىلىق كۆرسەتمىلەر». ژانىرى: سەھىيە (تۈزۈلگەن ئىلمىي ئەمگەك). مىللەتلەر نەشرىياتى 2004-يىل 5-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—105—06124—3/R.118. 203 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ كىتابقا كېسەللىكنى ئۆزى بايقاش، كېسەللىك بېشارەتلىرى، كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كېسەللىكنى ئۆزى ۋاقتىدا بايقاپ، ۋاقتىدا داۋالىنىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك تەكىتلەنگەن.

---

ئەبەيدۇللا ئاقۇپ 1948-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنى قاغىلىق ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1970-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ۋىلايىتىگە تەقسىم قىلىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە تەرجىمان، خوتەن ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدا دىرېكتور



بولغان. «ئالىي ئىقتىسادچى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شىنخۇا كىتابخانىسىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە يېزىلاردىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئىرادە باغلاپ 90-يىللاردا ۋىلايەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم يېزا-بازارلىرىدا كىتاب سېتىش تور نۇقتىسى

تىراژى: 7070.

بۇ كىتابقا 1840-يىلىدىن 1956-يىلىغىچە بولغان زور ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر قاتارلىق 875 تېما كىرگۈزۈلگەن. بوش ئورۇننى تولدۇرۇش، تاللاپ جاۋاب بېرىش، خاتانى تۈزىتىش، ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش، سوئال-جاۋابلار، بايان قىلىش قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. 1978-يىلىدىن بۇيانقى مەملىكەتلىك ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ۋە يىللاردىن بۇيانقى چوڭلار مائارىپى ئىمتىھان سوئاللىرى كىرگۈزۈلگەن.

4. «سودا يۇمۇرلىرى». ژانىرى: مەدەنىيەت (تەرجىمە). شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1996-يىل 1-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5371—2232—6/I.737. 164 بەت، تىراژى: 5070.

بۇ كىتابقا تىجارەت ۋە تىجارەت ئەخلاقى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق يۇمۇرلار كىرگۈزۈلگەن.

5. «يەھۇدىيلارنىڭ سىرى». ژانىرى: مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت (تەرجىمە). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىل 4-ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—228—05520—9/I. 2036، 766 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ كىتابتا مەشھۇر يەھۇدىي كىشىلىرى، يەھۇدىيلارنىڭ زور بالايىئاپەتكە ئۇچراپمۇ يوقىلىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ سىرى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام، ئىنجىل ۋە يەھۇدىي دىنىنىڭ سىرى، يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، يەھۇدىي سودىگەرلىرىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇشىنىڭ سىرى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە سۆھبەت سەنئىتى، تۇرمۇش ۋە جاھاندارچىلىق سەنئىتى، دۆلەت قۇرۇش ۋە قۇدرەت تېپىشى، ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

6. «ساغلاملىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش يېتەكچىسى». ژانىرى: سەھىيە (تۈزۈلگەن ئىلمىي ئەمگەك). شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003-يىل 11-ئاي نەشرى. 1-قىسىم 236 بەت،

ئىجادىيەتلىرى، ئەھمەد زىيائى (1913 — 1989) نىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەققىدە نۇقتىلىق مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەردە بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يورۇتۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى ھەم ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېماتىك مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئەدەبىي يېزىقچىلىق تەتقىقاتىغا ئائىت بۆلۈمدە ئەدەبىي يېزىقچىلىقنىڭ تەلىپى، قانۇنىيىتى، بولۇپمۇ بەزى شېئىرىي ژانىرلارنىڭ ئۆزگىچە پەرقلىرى، ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى، خاس خاراكتېرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«ئىجادىيەت ۋە تۇرمۇش». ئاپتورى: ئەنۋەر ھوشۇر. ئوبزور - ماقالىلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 8 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0729—6، فورماتى: 787×1092mm، 32 كەسلەم، 203 بەت، تىرازى: 4080.

توپلامغا ئاپتورنىڭ مەملىكىتىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەلىرى بويىچە يازغان «بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «ئەدەبىياتىمىز ئوبيېكتىپ، ئادىل باھاغا موھتاج»، «دېھقانلارنى ئۇنتۇپ قالمايلى»، «نۇرمۇھەممەد توختى ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر»، «ناۋائىينىڭ پەلسەپە ۋە ئېستېتىك ئىدىيىسى توغرىسىدا»، «پوۋېستىنىڭ تەبىرى توغرىسىدا»، «‹داغ› رومانى توغرىسىدا تەسىرات» قاتارلىق 23 پارچە ئوبزور ۋە ئىلمىي ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

«ئوردۇ تىلىدىن ئاساس». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى.

قورغان. ئىش - ئىزلىرى «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «جۇڭگو ئىختىساس ئىگىلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ئىختىساس ئىگىلىرى لۇغىتى» قاتارلىق كىتابلاردا تونۇشتۇرۇلغان.

ئۇ هازىر دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ۋە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

«تارىم ساھىلىدا». ئاپتورى: مۇھەممەد توختى ئەھمەد. ئەدەبىي - ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل 8 - ئاي نەشرى. 297 بەت، فورماتى: 32 ،850×1168 mm كەسلەم.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي يېزىقچىلىق تەتقىقاتى تېمىلىرى بويىچە 14 پارچە ماقالىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەردە ئوخشاش ئىسىم ياكى ئوخشاش لەقەملىك نامايەندىلەرنى ئۆزئارا ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشتىن كېلىپ چىقىۋاتقان سەۋەنلىكلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىش پرىنسىپلىرى، نامايەندىلەرنى ياشىغان دەۋر ۋە تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ئىنچىكە پەرقلەندۈرۈش يوللىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن ھەمدە مەشھۇر پەيلاسوپ، شائىر مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتى (1638 — 1730) نىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» ناملىق ئەسىرىدە تەشەببۇس قىلىنغان ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر، بىرقانچە نامايەندىلەر ئەسەرلىرىنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەردە نىمشېھىت داموللا ئارمىيە ئېلى سايرامى (1906 — 1972) نىڭ «مىڭئۆي ۋە فەرھاد - شېرىن» ناملىق داستانىدا يورۇتۇلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ۋە ئۆزگىچە خاھىشچانلىق، قاسىمجان قەمبىرى (1910 — 1956) نىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرى ۋە

مىللىي ئەنئەنە، جۇملىدىن فولكلور مەدەنىيىتى، ياتلىشىش ۋە مەنىۋى كرىزىس مەسىلىلىرى، مائارىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق ھەمدە مۇھەببەت مەسىلىسى، شۇنىڭدەك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە روھىي دۇنياسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈرلۈك ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. كىتابتىكى ماقالىلەرنىڭ پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، ھېسسىياتقا باي.

---

ئەنۋەر مەتسەيدى 1963 - يىل 7 - ئايدا نىيا ناھىيىسىنىڭ سالغوزەك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ھازىرغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى كافېدراسىدا ئىشلەپ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر فولكلورى»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۇ لياۋنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خۇاجۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە فولكلور كەسپى ۋە ئىنگلىز تىلى بويىچە ئوقۇش ۋە بىلىم ئاشۇرۇشتا بولغان. ھازىر ئۇ ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، لېكتور، جۇڭگو فولكلور ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى شۇنداقلا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى.



ئەنۋەر مەتسەيدى ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، 20 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىغا قەدەر 200

شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2002 ـ يىل 5 ـ ئاي نەشرى، 399 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، جەمئىي 65 دەرس. ئۈچ دەرس فونېتىكا، قالغانلىرى جۈملە، دىئالوگ، تېكىست، يېڭى سۆزلەر، گراماماتىكا ۋە كۆنۈكمىدىن ئىبارەت. تېكىست ئىچىگە 3800 ئەتراپىدا يېڭى سۆزلۈك كىرگۈزۈلۈپ، بۇ سۆزلەر دەرسلىكنىڭ ئاخىرىدىكى لۇغەت قىسمىغا ئوردۇچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىپ، يېڭىغا قايسى دەرستە ئۇچرايدىغانلىقى ئىزاھلانغان.

«تېبىبىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرى يېزىقچىلىقى». ئاپتورى: ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2003 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 247 بەت، تىراژى: 2000.

بۇ كىتابتا تېببىي پەن ئىلمىي ماقالىلىرى يېزىقچىلىقىغا ئائىت نەزەرىيىۋى بىلىملەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈلگىلىك ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە، كلىنىكىلىق داۋالاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى پەن ـ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا قوللانمىلىق رولىغا ئىگە.

«ئەجداد ھېكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى». ئاپتورى: ئەنۋەر مەتسەيدى. ماقالىلەر توپلىمى. 2003 ـ يىل 8 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—1172—2/C.4، فورماتى: 850×1168mm، 32 كەسلەم، 256 بەت، باسما تاۋىقى 8.125.

ئاپتورنىڭ «ئەجداد ھېكمىتى ۋە ئەۋلاد خىسلىتى» ناملىق بۇ كىتابىغا ئۇنىڭ 1997 ـ يىلىدىن 2002 ـ يىلىغىچە ئارىلىقتا يازغان بىر قىسىم نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 16 پارچە ماقالە ۋە بىر كىرىش سۆزدىن تەركىب تاپقان. ئاپتور بۇ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلىرىدە نۇقتىلىق ھالدا

توققۇز چوڭ مەزمۇن بويىچە تەرتىپلىك، ئىخچام، ئاممىباب قىلىپ بېرىلگەن.



باھادىر ئابدۇللا 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خوتەن شەھىرىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 2000 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. 2001 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى چوڭلار ئىنستىتۇتىدا داۋالاش كەسپى بويىچە تولۇق كۇرستا ئوقۇغان.

«يېڭى توي قىلغانلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق». ئاپتورى: ئابلىمىت غوجىئابدۇللا، ئازادگۈل مەتشېرىپ. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 140 بەت.

بۇ كىتاب 94 كىچىك ماۋزۇدىن تۈزۈلۈپ، قىز - ئوغۇللارنىڭ جىنسىي يېتىلىش ئالامەتلىرى، دەسلەپكى جىنسىي مۇناسىۋەت بىلىملىرى ۋە ئۇسۇللىرى، جىنسىي تازىلىق ھەققىدە چۈشەنچە، يېقىن تۇغقانلارنىڭ توي قىلىشىنىڭ زىيانلىرى، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ۋە ھامىلىنى ئاسراش بىلىملىرىنى بايان قىلغان.



ئازادگۈل مەتشېرىپ 1966 - يىل 10 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قويىچى يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1982 - يىل 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1995 - يىل 5 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. ھازىر ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسر قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەر ئېلان قىلدۇرغان، سەھنە ئەسىرى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، بىر پارچە ئەسىرى نىيا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن ئوينالغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرى «تاڭدىكى ئۇچقۇنلار»، «قەشقەردە توي» قاتارلىق كوللېكتىپ شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن. 90 - يىللاردىن كېيىن يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ۋە رەتلەش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «فولكلور تىلشۇناسلىقى توغرىسىدا»، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بەدىئىي شەكىل ۋە ئۇسلۇب»، «ئۇيغۇر ئەلنەغمە سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر بالىلار ئويۇنلىرىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر توغرىسىدا»، «تەكلىماكاندىكى ‹جاڭگال› فولكلورى ھەققىدە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە، «مەسلىكە يەنىلا ئىلمىي مۇئامىلە قىلغان ياخشى»، «مۇھەببەت —ئېتىقاد يولىدىكى مېھنەت» قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇرغان.

ئەنۋەر مەتسەيدىنىڭ يەنە «كۆپ خىل ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش مەشىقلىرى» (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 - يىللىقلار ئۈچۈن)، «يېزىقچىلىق مەشىقلىرى» (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 2 - يىللىقلار ئۈچۈن) قاتارلىق كىتابلىرى بار.

«يىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: باھادىر ئابدۇللا. كىتاب تۈرى: پەن - تېخنىكا. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 08233 — 8، فورماتى: 850×1168mm، 32 كەسلەم، 505 بەت، باسما تاۋىقى 15.25.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات - تەربىيە مەركىزىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بىلەن نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب ئۈچ بۆلۈمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى بۆلۈمدە قانۇن - نىزام، چارىلەردىن تاللانما بېرىلگەن. كېيىنكى بۆلۈمدە پىلانلىق تۇغۇت بىلىملىرى سوئال - جاۋاب شەكلى بىلەن

ياشانغاندا دىققەت قىلىدىغان مەسىلىلەر، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق مەسىلىلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەمەلىي مىساللار، ئىلمىي چۈشەنچىلەر، قائىدىلەر، پەن - تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئەمەلىي، نەزەرىيىۋى ئاساسلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلۈپ كىشىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۈندىگەن.

«ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر كاتالوگى». تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN — 5631 — 1890، 16 كەسلەم، فورماتى: 787×1092 mm، 734 بەت.

بۇ كىتاب — توققۇز سەھىپە ئاستىدا هازىرغىچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر، نەشر قىلىنغان كىتابلار (تارىخ - مەدەنىيەتكە ئائىت) نىڭ كاتالوگلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۈزگۈچىلەرنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشى، توپلىشى، تۈرلەرگە ئايرىشى بىلەن روياپقا چىققان يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە قورال خاراكتېرلىك ئۇچۇر مەنبەسىدۇر.

ئېزىز ئاتاۋۇللا تۈزگەن ۋە نەشرگە تەييارلىغان كىتابلاردىن يەنە: «ناۋائى دۇردانىلىرى»، «ئەھمادشاھ قاراقاش»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە پەرۋىش ۋە پەرهىز»، «مېغىزلارنىڭ شىپاھلىق رولى» قاتارلىق 20 پارچە كىتاب نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان.

«ئۆمىد يۇلتۇزلىرى». ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي توپلام. مۇھەررىرلىرى: ئابدۇللا سۇلايمان، نۇرمۇھەممەد توختى، ئابلىمىت سەمەت. مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا سۇلايمان. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. 1988 - يىل 10 - ئاي باسمىسى، چوڭ 32 كەسلەم، 316 بەت، تىراژى: 3000.

خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىق توي تەبرىكىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە چىقىرىلغان بۇ



ئابلىمىت غوجىئابدۇللا 1973 - يىل 4 - ئايدا قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1992 - يىل 10 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتىنىڭ رىنتگېن بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

«غايە ۋە رېئاللىقىمىز». ئاپتورى: مۇھەممەتئابدۇللا ئابدۇقادىر. كىتاب تۈرى: ئەدەبىيات. ژانىرى: نەسرىي ئەسەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 450 بەت.

بۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمدا ئاپتور غايە بىلەن رېئاللىقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پەرقى، ئىنسانىنىڭ ئۆز غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا رېئاللىقتا دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك مۇرەككەپ مەسىلىلەر ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا ئۆگىتىشكە تېگىشلىك مۇھىم قائىدە - يوسۇن قاتارلىقلارنى بايان قىلغان.

كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئاپتور ئۆي - ئوچاقلىق بولغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەتتىكى مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيىتى ئىچىدە پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ مۇشكۇل، مۇرەككەپ، يادرولۇق مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

«ياشانغانلار ئوقۇشلۇقى». ئاپتورى: مەمتىمىن توختى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى، 32 كەسلەم، 150 بەت.

بۇ كىتابقا ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، سالامەتلىك، كىيىنىش، ئۆزىنى كۈتۈش، ئوزۇقلىنىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش،

مىڭ خەت.

6. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1997-يىلى نەشرى. جەمئىي بىر مىليون 562 مىڭ خەت (مەزكۇرنىڭ ئىشلىگىنى تەخمىنەن 400 مىڭ خەت).

7. «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

8. «تۈرك تىلى ئىلمىگە مۇقەددىمە». بۇ كىتاب ئالتە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى بابتا تۈرك تىلى ئىلمى ۋە تۈرك تىلى تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى؛ ئىككىنچى بابتا قەدىمكى تۈرك يېزىقى ۋە ئۇ ھەقتىكى ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى؛ ئۈچىنچى بابتا تۈرك تىلىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى؛ تۆتىنچى بابتا تۈرك تىلىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى؛ بەشىنچى بابتا قەدىمكى ماتېرىيال تىلىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى؛ ئالتىنچى بابتا ئاممىباب تۈرك تىلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان ھازىرقى زامان تۈرك تىلى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان.

9. «تالانتلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 14 خىل قابىلىيىتى» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى.

10. «م. ن. ستېپانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004- يىل نەشرى.

11. «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت خاتىرىسى ھەققىدە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل نەشرى. تۈركچىدىن تەرجىمە.

12. «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى». بېيجىڭ تىل-مەدەنىيەت نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى.

13. «تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان» (ھەمكارلىشىپ تەرجىمە قىلغان). مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىل نەشرى.

ئۇنىڭدىن باشقا «چوڭ-كىچىكلەر بىللە ياشاش ساداسى — دادا،

كـولـلـېـكـتـىـپ تـوپلامغا مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەد توختىنىڭ بـېغـىـشـلـىـمـىـسـىـدىن كېيىن «تەبرىك ۋە ئۈمىد»، «تەبرىك گۈلدەستىلىرى» ناملىق ئىككى سەھىپە ئېچىلغان بولۇپ، ئالدىنقى سەھىپىسىگە 60 يىللىق توي تەبرىكىدە سۆزلەنگەن سۆز، ئەۋەتىلگەن تـەبـرىـك خـەت ـ تـېلېگرامما، سوۋغات تەقدىم قىلغان ئورۇن - شـەخـسلـەرنـىـڭ تىزىملىكى بېرىلگەن. «تەبرىك گۈلدەستىلىرى» سـەھـىـپـىـسـىـدە پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، بۇ مەكتەپنىڭ سابىق ئـوقـۇغـۇچـىـلـىرىدىن 66 كىشىنىڭ ئەسلىمە، نەسر، شېئىر ۋە مـاقـالـىلىرىدىن 215 پارچە ئەسەر بېرىلگەن. بىر قىسىم شېئىرىي ئـەسـەرلـەر نازۇك ئىچكى ھېسسىيات، ئويناق لىرىكا، مۇكەممەل شېئىرىي قۇرۇلمىغا ئىگە بولـۇپ، يۇقـىرى ئېـسـتېتـىـك قىممەتكە ئىگە.

## مۇھەممەترېھىم سايت ئەسەرلىرى

1. «تـۈركـىي تىللىرى تىلشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە». ئىلمىي ئەسەر. مىللەتلەر نەشرىياتى 2004-يىل نەشرى، 640 مىڭ خەت.

2. «قـەدىـمـكـى ئـۇيغۇرچە ‹ئالتۇن يارۇق›» (ئىككىيلەن ھـەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى، بىر مىليون خەت (2002-يىلى بېيجىڭ شەھەرلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن).

3. «ئالتايشۇناسلىققا مۇقەددىمە». شەنشى مائارىپ نەشرىياتى 2002-يـىـل نـەشـرى (ھـەمـكارلىشىپ ئىشلىگەن). مەزكۇرنىڭ ئىشلىگىنى تەخمىنەن 100 مىڭ خەت (مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن).

4. «قـەدىـمـكـى ئـۇيـغـۇرچـە ۋەسىقىلەر» (ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى.

5. «قەدىمكى ئۇيغـۇرچە ئەسەرلەرنـىـڭ تىلىدىـن قـىـسقىچە خـاتـىـرە» (ھـەمكارلىشىپ ئىشلىگەن). شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى، مەزكۇرنىڭ ئىشلىگىنى تەخمىنەن 150

دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ — مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ماگىستىر ئوقۇتقۇچىسى ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلار يېتەكچى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى.

قاتناشقان مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرى: «تۈركىي تىللىرى تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» (مەملىكەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى فوندىنىڭ تەتقىقات تېمىسى)، 1979-يىلى باشلىنىپ، 2000-يىلى تاماملانغان، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى؛ «ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە تەتقىقات» (مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى «مىللەتلەر تەرەققىياتى تەتقىقاتى مەركىزى» نىڭ تەتقىقات تېمىسى)، 1999-يىلى باشلىنىپ، 2000-يىلى تاماملانغان، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى؛ «ئالتايشۇناسلىقتا مۇقەددىمە» (مەملىكەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ نۇقتىلىق دەرسلىك تۈزۈش تېمىسى)، 1997-يىلى باشلىنىپ، 1999-يىلى تاماملانغان، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى؛ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە 〈ئالتۇن يارۇق〉» (ئىككىيلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلىگەن)، («7- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى مىنىستىرلىق دەرىجىلىك مۇھىم تەتقىقات تېمىسى)، 1985-يىلى باشلىنىپ، 1993-يىلى تاماملانغان، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىنچى ئەزاسى، تەخمىنەن بىر مىليون خەت؛ «جۇڭگو ئۇيغۇر باللىرى بىلەن ياپونىيە باللىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە تەربىيىلىنىش مۇھىتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش» (جۇڭگو-ياپونىيە بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان خەلقئارالىق تەتقىقات تېمىسى)، 1996-يىلى باشلىنىپ، 1998-يىلى تاماملانغان، تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشتىن-ئاخىرقى نۇقتىلىق ئەزاسى.

پروفېسسور مۇھەممەترېھىم سايىت مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپ خىل مۇھاكىمە-تەتقىقات يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. ئۇ تۈركىيە ۋە گوللاندىيىدە ئوقۇغان مەزگىللەردە شۇ مەملىكەتلەردىكى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشقاندىن باشقا، بىرقانچە قېتىم گېرمانىيىنىڭ مۇنىخ

ئاپا خۇشال ئۆتەيلى» ناملىق كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز ۋە كىتابنىڭ تەھرىرلىكى قاتارلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار.

---

مۇھەممەتريەھىم سايىت 1950-يىل 21-ئىيۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسى قىقاش كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.



1957-يىل 8-ئايدىن 1968-يىل 7-ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ 1971-يىل 8-ئايغىچە ناھىيىلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا قايتا تەربىيە قوبۇل قىلغان. 1973-يىل 6-ئايغىچە خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان. 1976-يىل 9-ئايغىچە لوپ ناھىيە 3-(سامپۇل) ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1979-يىل 12-ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قەدىمكى تۈركىي تىلى كەسپىدە ئوقۇغان. 1988-يىل 8-ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىيات 2-فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كافېدراسىدا قەدىمكى تۈركىي تىلى كەسپى ئوقۇتقۇچىسى بولغان. 1990-يىل 8-ئايغىچە تۈركىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ-جۇغراپىيە، تىل-ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى تۈركىي تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. 1993-يىل 5-ئايغىچە گوللاندىيە ئۇترەخت ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى (ئەرەب-پارس، تۈركىي تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى)دا كاندىدات دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001-يىل 9-ئايدا پروفېسسورلۇققا كۆتۈرۈلگەن. 1993-يىلدىن 2000-يىل 8-ئايغىچە تۈركىي تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا كافېدرا مۇدىرى ۋە فاكۇلتېت مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1988-يىلدىن كېيىن بېيجىڭ شەھىرى خەيديەن رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئىتى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ

بىرىكمىلەر؛ ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسى ۋە بىئو قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار.

3. «خىمىيىلىك مەسىلە-مىساللارنى تېز يېشىش ئۇسۇلى». شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1997-يىل 9-ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5371—2762—X/G. 1275. فورماتى: كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5.875. تىرازى: 5070

بۇ كىتابتا خىمىيىلىك مەسىلە-مىساللارنى تېز يېشىشتە قوللىنىلىدىغان نەزەرىيىلەر ۋە يېشىش ئۇسۇلى ئاددىيلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغاچقا، ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەستە تۇتۇشى ۋە مەسىلە-مىساللارنى تېز يېشىشكە قولايلىق يارىتىلغان.

4. «نوبېل ۋە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن مەشھۇر كىشىلەر» (تۈزگەن). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى.

بۇ كىتابتا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن 600 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە ئون چوڭ تەشكىلاتنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشتىكى ئاساسىي نەتىجىسى، بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، تۇرمۇش، مېدىتسىنا قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردە قوللىنىلىشى قىسقىچە بايان قىلىنغان.

---

پروفېسسور ئابدۇللا مەتسىيىت 1942-يىل 11-ئايدا خوتەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1960-يىل 7-ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1962-يىل 8-ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئو-خىمىيە فاكۇلتېتىدا، 1963-يىل 11-ئايغىچە شىنجاڭ قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى خىمىيە فاكۇلتېتىدا، 1976-يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1979-



يىلغىچە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق

(Munich)، فرايبۇرج (Freiburg) ۋە بامبېرج (Bamberg) قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشقان ۋە لېكسىيە سۆزلىگەن. ئۇ 1988-يىلى ياپونىيىنىڭ فۇگاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە يىغىندا نۇقتىلىق سۆزلىگەن.

## ئابدۇللا مەتسىيىت ئەسەرلىرى

1. «قىسقىچە خىمىيە ئالىملىرى لۇغىتى». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996-يىل 6-ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0694—4/G389، فورماتى: چوڭ 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 8.125، تىراژى: 3000.

بۇ كىتابتا خىمىيە ئالىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان شارائىتتا بارلىققا ئىلىم-پەن، بولۇپمۇ، خىمىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلاشتەك قەتئىي نىيەت ۋە قەيسىرانە ئىرادىسىگە ئاپىرىن ئوقۇلغان.

ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاتاقلىق خىمىيە ۋە فىزىكا ئالىمى كيۇرى خانىم: «جامائەتچىلىكنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىشلىگەنلەر مەيلى قايسى مىللەت، قايسى دۆلەتتىن بولسۇن، ئۇلارنىڭ مېھنەت مېۋىسى بىرەر دۆلەتكىلا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ» دېگەن ئىدى. كىشىلەر، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغان بۇ مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىملىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

2. «ھازىرقى زامان تەبىئىي پەن تەرەققىياتى ھەققىدە لېكسىيە». شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1993-يىل 7-ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—0187—01N.8، فورماتى: كىچىك 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.25. تىراژى: 5400.

بۇ كىتابتا بەش چوڭ مەزمۇن، 21 كىچىك مەزمۇن سۆزلەنگەن. ئۇلار: تەبىئىي پەنلەرنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى؛ ماددا سىستېمىسىنىڭ قەۋەتلىك تۈزۈلۈشى؛ ھازىرقى زامان ماتېماتىكىسىنىڭ تەرەققىياتى؛ يۇقىرى مولېكۇلىلىق ئورگانىك

سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ 1988-يىلى نەشر قىلدۇرغان شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە ساياھەتچىلەر قوللانمىسى بولۇپ، ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك، ئۆگىنىش قۇلاي، تىلى راۋان، ئۇيغۇرچە ساۋاتى بارلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى ئوقۇيالايدىغان ۋە ئاممىباپلىقى بىلەن پۈتۈن شىنجاڭدا ئالقىشقا ئېرىشكەن ئەڭ بازارلىق كىتابلارنىڭ بىرى.

2. «ھەمراھ» (1 ـ 5). ئەرەبچە-ئۇيغۇرچە، نېمىسچە-ئۇيغۇرچە، تۈركچە-ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ كىتابلاردا ئاۋۋال دىئالوگ بېرىلىپ، ئاخىرىغا شۇ تىلنىڭ 1000 سۆزلۈك لۇغىتى قوشۇمچە قىلىنغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەر، مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، مۇھىم شەھەرلەر ۋە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا كود نومۇرى قاتارلىقلارمۇ كىرگۈزۈلگەن.

3. «يوللۇق». بۇ كىتاب 16 تىللىق قوللانما بولۇپ، زامانىمىزغىچە بولغان ئارىلىقتا نەشر قىلىنغان كىتابلار ئىچىدىكى تىلى ئەڭ ئىخچام، ئۆگىنىش ئاسان، ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى يۇقىرى، پۈتۈن ئاسىيادا تىل تۈرى ئەڭ كۆپ بولغان تەۋەررۈك كىتابلارنىڭ بىرى.

4. «ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە قوش ئىزاھلىق لۇغەت». شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ لۇغەت ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «ئوكسفورد لۇغىتى»گە ئاساسەن تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن ئوتتۇرا تىپلىق قورال كىتابتۇر.

5. «ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە مىساللىق لۇغەت» (ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن). شىنجاڭ خەلق

مۇخبىرلار پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ۋە مۇخبىر بولغان. 1984-يىلغىچە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى ۋە مۇئاۋىن فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1984-يىلىدىن 2000-يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى «مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1993-يىلى «شىنجاڭ ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. 1999-يىلى «جۇڭگو مائارىپچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان.

ئۇنىڭ تەرجىمىھالى 1998-يىلى «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ئىسمىلىك لۇغىتى» گە، 1999-يىلى «دۇنيادىكى مەشھۇر جۇڭگولۇق ئالىملار ۋە مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى» غا كىرگۈزۈلگەن. «خىمىيە ۋە ئېلېمېنتلار توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. «ئوقۇتقۇچىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى توغرىسىدا» سەرلەۋھەلىك ئىلمىي ماقالىسى 1991-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق «مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالىلەر» نى باھالاشتا دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن. «ئورگانىك خىمىيە» (1-، 2-قىسىم) قاتارلىق 850 مىڭ خەتتىن ئارتۇق خەنزۇچە دەرسلىك كىتابنى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت 400 مىڭ خەتتىن ئارتۇق تۈرلۈك خەنزۇچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. ھازىر ئۇ «خىمىيە ئىزاھلىق لۇغىتى» نى نەشرگە تەييارلىماقتا.

## قادىر قاۋۇز تۈزگەن لۇغەتلەر

1. «ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى». شىنجاڭ خەلق

لۇغىتى».
10. «ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر لۇغىتى».
11. «ئىنگلىز تىلىدىن 900 جۈملە». شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.
12. «خەنزۇ تىلىدىن 900 جۈملە». شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ كىتاب ئامېرىكا ماكمىللان شىركىتىنىڭ 1998-يىللىق يېڭى نەشرىگە ئاساسەن ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئايرىم-ئايرىم كىتابچە قىلىپ تۈزۈلگەن قوللانما بولۇپ، تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى جۈملىلەر كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەندىن سىرت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان مەزمۇنلار ئىخچام ۋە نەق جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

13. «رەسىمگە قاراپ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش قوللانمىسى» (ئىككى قىسىم).

بۇ قوللانما بۇندىن 55 يىل بۇرۇن ئامېرىكىدا نەشر قىلىنىپ تا هازىرغا قەدەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تېلېۋىزورلاردا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈۋاتقان، ئۆمرى ئەڭ ئۇزۇن دەرسلىكتۇر.

بۇ قوللانما ئىككى قىسىم بولۇپ، ھەربىر كىتابقا، دائىم ئىشلىتىلىدىغان 500 دىن سۆز كىرگۈزۈلۈپ، شۇ 500 سۆز ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى مەزمۇنلار كەڭ كۆلەمدە ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

14. «خەنزۇچە-ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى».

بۇ لۇغەتكە جەمئىي 15 مىڭدىن ئارتۇق تۇراقلىق ئىبارە ۋە سۆز

سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ لۇغەتكە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسلىكلىرىدە ئۇچرايدىغان مۇھىم سۆز-ئىبارىلەردىن جەمئىي 2000 دىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن ۋە ھەربىر سۆزگە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مىسال بېرىلگەن.

6. «ئۇيغۇرچە-ئىنگلىزچە مىساللىق لۇغەت» (ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇچۇن). شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى.

بۇ لۇغەت ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە مىساللىق لۇغەت بىلەن شەكىلداش لۇغەت بولسىمۇ، لېكىن بىرى يەنە بىرىنى تولۇقلايدىغان، ئالدىنقىسىدا ئىنگلىزچە سۆزلەرگە مىسال بېرىلگەن بولسا، كېيىنكىسىدە ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە مىسال بېرىلىپ ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈلگەن، بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق لۇغەتتۇر.

7. «ئىنگلىز تىلىنىڭ جانلىق تىل لۇغىتى». شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشرى. ئەسلىي ئاپتورى: چېن شىنيۇەن. تەرجىمە قىلغۇچى: قادىر قاۋۇز.

بۇ كىتابتا، ئىنگلىزچە جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ۋە مىساللار ئىنچىكىلىك بىلەن تاللىنىپ، تۈرلەرگە ئايرىلغان ۋە سىستېمىلىق ھالدا ماددىلارغا بۆلۈنگەن.

8. «يېڭىچە ئىنگلىز تىلى ئوقۇشلۇقىنىڭ سۆزلۈكلەر قوللانمىسى». بۇ كىتاب ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس L · G · Alexander نىڭ پۈتۈن دۇنيادا نوپۇزغا ئېرىشكەن مەشھۇر ئەسىرى «New Concept English» نىڭ سۆزلۈكلەر قوللانمىسى بولۇپ، قادىر قاۋۇز تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تۈزۈلگەن.

بۇ قوللانمىغا «New Concept English» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكتە ئۇچرايدىغان بارلىق سۆز-ئىبارىلەر كىرگۈزۈلگەن.

9. «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەر

# دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، ھۈنەر - سەنئەتكە دائىر كىتابلار

«ئۇيغۇر تائاملىرى». ئاپتورى: توختىباقى زورىباقى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىلى 11 - ئاي نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 280 بەت.

ئاپتور بۇ كىتابنى ئەمەلىي مەشغۇلات تەجرىبىسىگە ئىگە ئۇستاملار ۋە مەخسۇس كەسپىي خادىملار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت خاتىرىسىگە، شۇنىڭدەك ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىغا ئاساسەن كۆپىيە قىلىپ يازغان. كېيىن يەنە ئۈرۈمچى، غۇلجا، كورلا قاتارلىق جايلاردا ئېچىلغان ئاشپەز تەربىيىلەش كۇرسلىرىدا ئوقۇتۇش - تەجرىبە ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالغاندىن كېيىن تولۇقلاپ، پىششىقلاپ يېزىپ چىققان.

بۇ كىتابقا 310 خىل تاماقنى تەييارلاش ئۇسۇلى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى تەمدىكى تاماقلىرى ئاساس قىلىنغان. قېرىنداش مىللەتلەر تاماقلىرىدىن ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن بىر قىسىم تاماقلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈردى.

كەڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن بۇ كىتاب تۆت قېتىم قايتا نەشر قىلىندى.

«ئاشپەزلىك ئاساسلىرى». تەرجىمە قىلغۇچى: توختىباقى روزىباقى. كىتاب تۈرى: يېمەك - ئىچمەك تەييارلاش دەرسلىكى. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن 1988 - يىلى باستۇرۇلغان. چوڭ 32 كەسلەم، 332 بەت.

بۇ ئۈچ قىسىم، 15 باب، 52 ماۋزۇلۇق دەرسلىك كىتابتا جۇڭگو ئاشپەزلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھەرقايسى يەرلىك قورۇمىلار سىستېمىسى، ئاشپەزلىك تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، ئاشپەزلىك ماتېرىيالى، توغراش - سەپلەش تېخنىكىسى،

بىرىكمىلىرى كىرگۈزۈلگەن، بۇ لۇغەت نەشرىيات ۋە ئاخبارات خادىملىرى، كەڭ تەرجىمانلار ئاممىسى ۋە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرجىمە خىزمىتىدىكى قورال كىتابى بولالايدۇ. ھازىرغىچە شۇ ۋەزىپىنى ئۇنۇملۇك تاماملاپ كەلدى.

---

قادىر قاۋۇز 1958-يىل 20-سېنتەبىر گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1980-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن فرانسىيىدە ئوقۇغان. ھازىر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلەيدۇ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.



ئۇ شىنجاڭدا تۇنجى بولۇپ، ئىنگلىزچە-ئۇيغۇرچە كىتاب نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1982-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىنگلىز تىلى» نامىدىكى بىر يۈرۈش ئەسىرى بىلەن باشلانغان.

ئۇنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە قايتا-قايتا نەشر قىلىنىۋاتقانلىرىمۇ بار.

ئالىي ئىقتىسادشۇناس توختىباقى . مەملىكەتلىك مۇسۇلمان ئاشپەزلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك ئاشپەزلەر ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاشپەزلىك كەسپىدە دۆلەت دەرىجىلىك باھالىغۇچى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشپەزلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ھەم باش كاتىپى ئىدى، 2006-يىلى 2-ئايدا ۋاپات بولغان.

«خوتەن گىلەمچىلىكى» . ئاپتورى: ئابدۇۋەلى تۇرسۇن. ژانىرى: ھۈنەر - سەنئەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 302 بەت.

بۇ كىتاب گىلەمچىلىك مۇتەخەسسىسى ئابدۇۋەلى تۇرسۇننىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، خوتەن گىلەمچىلىكى ھەققىدە تۇنجى قېتىم يېزىلغان مۇكەممەل يىرىك ئەسەردۇر. ئاپتور بۇ كىتابتا گىلەم توقۇش ماتېرىياللىرى ۋە قۇراللىرى؛ بوياقچىلىق، گىلەم نۇسخىلىرىنى لايىھىلەش، رەڭ ماسلاشتۇرۇش؛ گىلەم توقۇشتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، گىلەم توقۇش ئۇسۇلى؛ يۇيۇش، رېمونت قاتارلىقلارنى چۈشىنىشلىك بايان قىلغان. بۇ كىتاب گىلەم توقۇغۇچىلار ۋە گىلەم توقۇشنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ياخشى رىسالە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خوتەن گىلەمچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان يېگانە دەستۇردۇر.

---



ئابدۇۋەلى تۇرسۇن 1949 - يىلى لوپ ناھىيە بويا يېزىسىنىڭ شاخ كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىغا شاگىرت ئىشچى بولۇپ كىرگەن. بىرقانچە يىل ئۆتمەيلا ماھىر ئۇستىغا ئايلانغان. 1980 - يىل 9 - ئايدىن 1981 - يىل 6 - ئايغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت

ئىسسىق قورۇمىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، گۈل چىقىرىش، زىياپەت بىلىملىرى، يېمەكلىكلەرنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاش ۋە سېتىش ئۇسۇللىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇن تائاملىرىنى تەييارلاش تېخنىكىسى». تەرجىمە قىلغۇچى: توختىباقى روزىباقى، ئەنۋەر شەمشىدىن. ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت شىركىتى تەرىپىدىن 1978 - يىلى باستۇرۇلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 267 بەت.

بۇ كىتاب تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنىڭ ئاشپەزلىك كەسپىنىڭ دەرسلىكى بولۇپ، بەش باب، 22 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشى ئاشپەزلىك ھەم ناۋايلىقتىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

---



توختىباقى زورباقى 1938 - يىل 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىغا قاراشلىق جۇمە بازىرى كەنتىدە قەغەزچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ سودا - ئىقتىساد فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق كۆكتات، يېمەك - ئىچمەك شىركىتىگە تەقسىم قىلىنغان. 1980 - يىل شىركەت كەسپىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 1982 - يىلى شىنجاڭ مېھمانخانىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورلۇقىغا، 1984 - يىلى شىنجاڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى باش شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. توختىباقى يىللاردىن بۇيان ئۆزى بىۋاستە دەرس ئۆتۈپ تەربىيىلىگەن ئاشپەز ئۇستىلار 5000 دىن، ئۇنىڭ تەشكىللىشى بىلەن تەربىيىلىنىپ يېتىشكەن ئاشپەز ئۇستىلار 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ يازغان «ئۇيغۇر تائاملىرى» ناملىق كىتاب ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشپەزلىك قوشۇنىدا يېتەكچى قوللانما بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىگە بىرنەچچە دۆلەتكە كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى 1964 - يىلى پۈتتۈرۈپ، 1980 - يىلغىچە كېرىيە ناھىيىلىك تېخنىكا پونكىتىدا يېزا ئىگىلىك تېخنىكى بولۇپ ئىشلىگەن. 1980 - يىل 12 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىگە يۆتكىلىپ زىرائەت ئىرسىيەت ئۇرۇقچىلىقى ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 2004 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. «ئالىي ئاگرونوم» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

مەتروزى بۇرھان خىزمەت ۋە ئوقۇتۇش داۋامىدا «كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش ھەققىدە سوئال - جاۋابلار»، «خوتەندە شال ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈش ھەم يېزىشقا قاتناشقان. 1980 - يىلدىن باشلاپ «زىرائەت ئىرسىيەت ئۇرۇقچىلىقى»، «ئېتىز تەجرىبىسى ۋە بىئوستاتىستىكا» قاتارلىق خەنزۇچە دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىپ دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن.

## مۇھەممەتئىمىن توختى ئەسەرلىرى

1. «ئانار». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 1431 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى بولغان ئانارنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، شىپالىق رولى، ئانارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سورتلىرى، ئانارنىڭ بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى، ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى، باغ بىنا قىلىش ئۇسۇلى، ئانارنى ئۇزۇش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى، ئانار دەرىخىنى قىشتىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى، ئانارا مېۋىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ئىنچىكە تېخنىكىلىق تەلەپلەر ئىلمىي، تەپسىلىي، كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن.

2. «ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار». ئاپتورلار: مۇھەممەتئىمىن توختى، ئابدۇللا سۇلايمان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1994 - يىل 7 - ئاي نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 456 بەت.

بۇ كىتاب ئۆسۈملۈك ۋە ئىنسانلار، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا: ئىنسانلار بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاجرالماس مۇناسىۋىتى، تەبىئەت بىلەن

كەسپىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغاندىن كېيىن، لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ لايىھىلەش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1994 - يىل 10 - ئايدىن 1999 - يىل 3 - ئايغىچە لوپ ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 2001 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان. ئۇ مۇستەقىل ھالدا لايىھىلىگەن «ئانارباغ»، «ناسىۋاي»، «كارىۋات ئەدىيال»، «كېپىنەك» قاتارلىق گىلەم نۇسخىلىرى داڭلىق، بازىرى ئىتتىك گىلەملەردۇر. ئابدۇۋەلى تۇرسۇننىڭ ئۇيغۇر گىلەمچىلىكىگە قوشقان تۆھپىسى گىلەم لايىھىلەشتىلا ئەمەس، بەلكى گىلەمچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

«ئېتىز تەجرىبىسى ۋە بىئوستاتىستىكا». تەرجىمە قىلغۇچى: مەتروزى بۇرھان. كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىكى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1999 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5372 — 1553 — 7/5.280، چوڭ 32 كەسلەم، 409 بەت. تىراژى: 15000.

بۇ كىتاب شەندۇڭ ئۆلكىسى چاۋۋېي يېزا ئىگىلىك مەكتىپى، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك مەكتىپى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك نەشرىياتىنىڭ 1979 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى ۋە 1990 - يىل 10 - ئاي 2 - نەشرى بېيجىڭ 4 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى ۋە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەخسۇس كۇرسلىرىنىڭ ئاساسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ كىتاب 11 باب ۋە ئىككى قوشۇمچە مەزمۇن (تەجرىبە - پراكتىكا يېتەكچىسى، ستاتىستىكىدا پايدىلىنىدىغان جەدۋەللەر) دىن تەشكىل تاپقان. ئىلمىي، سىستېمىلىق، مەزمۇنلۇق، ئوقۇملىرى ئېنىق، سۆزلىرى راۋان بولۇپ، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئۈچۈن مۇھىم تېخنىكىلىق ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

---

مەتروزى بۇرھان 1949 - يىل 10 - ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 1961 - يىلى مەكتەپنىڭ غۇلجىغا يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلى

2003 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 126 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن ياڭاق، بادام، چىلان، ئۆرۈك، ئانار، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئۇلاش ئارقىلىق سورتىنى يېڭىلاش، نوتىسىنى قەلەمچە قىلىش ۋە چوڭ - كىچىك دەرەخلەرنى ئۇلاشنىڭ كۆپ خىل ئۇسۇللىرى جانلىق تىل بىلەن ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن.

---

مۇھەممەتئىمىن توختى 1944 - يىلى چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى چوڭكۆل كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1961-يىلى ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ستاتىستىكا خادىمى، ئىتتىپاق شۇجىسى بولغان. 1982- يىلىدىن باشلاپ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. ھازىر دەم ئېلىشتا.



مۇھەممەتئىمىن توختى 1962 - يىلى خوتەن گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «ئەمگەك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. ھازىرغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىيسى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئۆز كەسپىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئورمانچىلىققا ئائىت نەچچە يۈز پارچە ماقالە يېزىپ، ئورمانچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. بۇ جەھەتتە تۆت پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. ئۇ ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«پىلە قۇرتى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى داۋالاش ھەققىدە سوئال - جاۋابلار». ئاپتورى: مەمتىمىن ئابدۇللا. كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىلى 1 - قېتىم 8000 تىراژ بىلەن نەشر قىلىنغان، 1993 - يىلى 18 مىڭ تىرازدا قايتا بېسىلغان. كىچىك

ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى ھاياتلىقىنىڭ داۋاملىشىشى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى، كۆپىيىش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى؛ ئورمان ئەھيا قىلىشنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتىكى رولى، دۇنيا خەلقىنىڭ ئورمان بىنا قىلىشتا قوللانغان تەدبىرلىرى؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى؛ شىنجاڭدىكى دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىش ئەھۋالى، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇللىرى قاتارلىق كەڭ بىلىملەر، ساۋاتلار بېرىلگەن. ئىككىنچى قىسمىدا: ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەر، شۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامى، ئىلمىي نامى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىشى، شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلار ئىلمىي قاراشلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەت ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب ئەمەلىي قوللىنىش ۋە تەتقىقات خاراكتېرىگە ئىگە.

3. «قىزىلگۈلنى ئۆستۈرۈش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2000 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 73 بەت.

كىتابتا قىزىلگۈلنىڭ ئالاھىدىلىكى، تارقىلىش دائىرىسى، مۇھىتنى كۆكەرتىشتىكى رولى، خىمىيىلىك تەركىبى، دورىلىق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، قىزىلگۈل كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى، پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى، ھەر خىل گۈلقەنت، مۇراببالارنى، شەربەتلەرنى تەييارلاش ئۇسۇلى جانلىق تىلدا ئەتراپلىق، كونكرېت چۈشەندۈرۈلگەن ۋە تونۇشتۇرۇلغان.

4. «مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى تېز يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: چۈشەندۈرۈش. كىتاب تۈرى: باغۋەنچىلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

قوللانمىدۇر.

«مېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش». تۈزگۈچى: ماخمۇت ئاۋۇت، ئابلىمىت مەمتىمىن. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2001 - يىل 1 - ئاي نەشرى. كىچىك 32 كەسلەم، 129 بەت، تىراژى: 5000. بۇ كىتاب دەرسلىك شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، بەش باب، 18 پاراگرافقا بۆلۈنگەن. قاراتمىلىق جەھەتتە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ پايدىلىنىشى كۆزدە تۇتۇلغان.

«خوتەن باغۋەنچىلىكى». تۈزگۈچى: ئابلىمىت مەمتىمىن، ماخمۇت ئاۋۇت. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە (K) نەشرىياتى 2003 - يىل 1 - ئاي نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 245 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي شەرت - شارائىتىنى چىقىش قىلىپ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىدىغان يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسىتىدە تۈزۈلگەن.

---



ماخمۇت ئاۋۇت 1959 - يىل 9 - ئايدا گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1983 - يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدىن ھازىرغىچە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرا قۇم تىزگىنلەش پونكىتى، گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن. تېخنىك خادىم، يېزا باشلىقى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئور- مانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى. ئۇنىڭ «كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى» تەتقىقاتى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ (1996 -

32 كەسلەم، 67 بەت.
بۇ كىتابتا پىلە قۇرتلىرىدا يۈز بېرىدىغان كېسەللىكلەرگە دائىر 58 سوئالغا ئىلمىي، ئاممىباب، ئەتراپلىق، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى سەۋىيىدە جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، كەڭ پىلىكارلارنىڭ ياخشى ئوقۇشلۇقى ھېسابلىنىدۇ.

---



مەمتىمىن ئابدۇللا 1967 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىلى جياڭسۇ سۇجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىلە - ئۈجمىچىلىك كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ، 1994 - يىلغىچە قاراقاش ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدا ئىشلىگەن. 2001 - يىل 9 - ئايغىچە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى بولغان، شۇنىڭدىن كېيىن قاراساي يېزىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە.

«ئۈجمە ئۆستۈرۈش ۋە پىلە قۇرتىنى بېقىش تېخنىكىسى».
ئاپتورى: ئابدۇللا ماخسۇت، مەمتىمىن ئابدۇللا. كىتاب تۈرى: يېزا ئىگىلىكى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1997 - يىل نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 367 بەت. ئىككى بۆلۈم، 15 باب، 51 تارماق ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابتا ئۈجمە دەرىخىنى ئۆستۈرۈشتىكى پەرۋىشلەر؛ ئۈجمە دەرەخلىرىدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە يوقىتىش؛ پىلە قۇرتىنى بېقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار، پىلە قۇرتىنى بېقىش داۋامىدىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىش قاتارلىق مۇھىم ۋە نۇقتىلىق مەزمۇنلار ئىلمىي ئاساستا ئاممىباب تىل بىلەن بايان قىلىنغان.
بۇ كىتاب مەخسۇس مەكتەپلەر، كۇرسانتلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن ھەم كەڭ پىلىكارلار ئۈچۈن ياخشى

كېسەللىكى ۋە ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ خوتەن رايونىدا پەيدا بولۇش، تارقىلىش قانۇنىيىتى، زىيان سېلىش ئەھۋالى، ئۇلارنى تونۇش، ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش شۇنداقلا بىرقانچە خىل دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ياساش، ساقلاش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى ئاممىباب تىل بىلەن ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان.

---

ئەنۋەر ئوسمان 1970 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە بازار ئىچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىنىڭ ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە، ئورمانچىلىق ئىنژېنېرى. ھازىر چىرا ناھىيىلىك سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.



ئاپتور بۇ كىتابنى 1995 - يىلى چىرا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش، ئورمان ئۆسۈملۈكلىرىنى كارانتىن قىلىش پونكىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە يازغان.

«ئانار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىدىن سوئال- جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئابدۇراخمان ئابدۇرېھىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2003 - يىل نەشرى. 32 كەسلەم، 136 بەت.

بۇ كىتابقا ئانارلىق باغ بەرپا قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرى، ئانار كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى، زىيانداش ھاشاراتلاردىن ساقلاش تېخنىكىسى، ئانار مەھسۇلاتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي قىممىتىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىكى تېخنىكىلىق تەلەپلەر، مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىشنىڭ ھازىرقى شارائىتتىكى رولى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك مەزمۇنلار ئەتراپلىق، ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈلگەن.

«ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن

يىل) 2 - دەرىجىلىك پەن - تېخنىكا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتىغا، ئۇ ئۆزى ئاپتونوم رايونىنىڭ «كۆكەرتىش سېپىدىكى ئىلغار شەخس» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئىگە.

ئابلىمىت مەتمىن 1970 - يىل 1 - ئايدا گۇما ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1988 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتەپىنى، 1993 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ



رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى، 1999 - يىل شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئورمانچىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىسادىي ئورمان كەسپىنى تاماملىغان. 2000 - يىل 8 - ئايدىن 2002 - يىل 8- ئايغىچە جۇڭگو ئورمانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە بىلىم ئاشۇرغان. خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش، تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش، دېھقانچىلىق بىلەن ئارىلاشما ئورمانچىلىق ئەندىزىسى قاتارلىق ئالتە تەتقىقات تۈرىگە قاتناشقان. بىر تۈر ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ، ئىككى تۈر ئاپتونوم رايوننىڭ، ئىككى تۈر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «پەن - تېخنىكا ئىلگىرىلەش مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن. «ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكىسى» ، «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر گۇما ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىنژېنېر ئۇنۋانىغا ئىگە.

«ئورمان كېسەللىكى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش تېخنىكىسى». ئاپتورلار: رەجەپ مەتسىدىق، غالىب ئابدىلىمىت، ئەنۋەر ئوسمان. كىتاب تۈرى: ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا ساۋاتى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2003 - يىل 1 - ئاي نەشرى. 32 كەسلەم، 231 بەت.

بۇ كىتابقا ئورمان كېسەللىكى ۋە ئورمان ھاشاراتلىرى دېگەن ئىككى چوڭ مەزمۇن كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورمان

تۈرى: بىناكارلىق پەن - تېخنىكىسى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى 2004 - يىل 9 - ئاي نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80693 — 527 — 4. تىراژى: 3000.

بۇ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ. بولۇپمۇ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي سېلىشتا ھەر خىل ئۆي شەكىللىرىنى تاللىشىدىكى ئۆرنەك بولماسلىقتەك بوشلۇق تولدۇرۇلغان ئىلمىي ئەمگەك بولۇپ، 118 نۇسخىدىكى ئولتۇراق ئۆي چېرتيوژى بېرىلىپ، ئاممىباب چۈشەندۈرۈلگەن قورال كىتابتۇر.

كىتابنىڭ ئالدىنقى سەككىز بېتىگە پېشايۋان، دەرۋازا - ئىشىكلەرنىڭ 55 پارچە ئۆرنەكلىك رەڭلىك سۈرىتى بېرىلگەن. تېكىست قىسمى بەش چوڭ تېما ۋە سەككىز كىچىك تېما ئاستىدا: بايان، چېرتيوژ، جەدۋەل، فورمۇلا، شەرتلىك بەلگىلەر، نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان.

---

ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپ 1923 - يىلى كۇچا ناھىيە بازىرىدا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1941 - يىلى ئۆلكىلىك 1 - گىمنازىيىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇتقۇچى، ئۆلكىلىك مەركىزىي ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا مۇدىر، كاتىپ، مالىيە نازارىتىدە كاتىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، خوتەندىكى «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىگەن.



ئۇ ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش، جاپالىق ئەجىر قىلىش ئارقىلىق يېتىشىپ چىققان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 1983 - يىلى بىناكارلىق لايىھىلەش بويىچە ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن باشلاپ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، 1993 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان بۇ ھۆرمەتلىك كىشى

سابىر. ئۇيغۇر ماددىي فولكلورى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ئەسەر. 1995 ـ يىلى يېزىلغان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى. 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 5373 — 0668 — 0TS/.2، تىراژى: 600 (قاتتىق مۇقاۋىلىق).

بۇ، ئاپتورنىڭ شۇناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى تومى بولۇپ، يەتتە تۈردىكى 60 خىلدىن ئارتۇق قول ھۈنەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان 1000 خىلدىن ئارتۇق نۇسخا ۋە 3000 خىلدىن ئارتۇق رەڭ تۈردىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانى، ھۈنەر ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، ئىستېمال ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ تارىخىي رولى ۋە ھازىرقى ھالىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان. كىتابقا 50 پارچىدىن ئارتۇق رەڭلىك سۈرەت كىرىشتۈرۈلگەن.

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ بۇ كىتابقا يازغان كىرىش سۆزىدە بۇ يىرىك ئىلمىي ئەسەرگە: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەش، بەزى قول ھۈنىرى تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى، ئايرىم ئاتالغۇلارنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بۇ كىتاب ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش شۇنداقلا ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن تارىخىي، ئىلمىي پايدىلىنىشچانلىق قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى مەلۇم دەرىجىدە تولدۇردى» دەپ باھا بېرىلگەن.

بۇ كىتاب 2003 ـ يىلى 6 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى كىتابلارنى باھالاشتا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق 4 ـ نۆۋەتلىك كىتاب مۇكاپاتى باھالاشتا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«ئۇيغۇر ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنىڭ چېرتيوژ ئۆرنەكلىرى».

ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپ، ئابلىز موللايۇپ. كىتاب

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر كىتابلار

«ئوت - چۆپ دورىلار قامۇسى». ئاپتورى: غازىباي. يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەڭ بۇرۇنقى تېبابەتچىلىك دەستۇرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى، بولۇپمۇ قەدىمىي خوتەن تېبابەتچىلىكىنى قوشنا ئەللەرگە بىلدۈرگەن ۋە بۇ قەدىمىي زېمىندىكى خاسىيەتلىك ئوت - چۆپلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان يىرىك ئىلمىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن نامى، بايانى — تەرىپى تارىخىي كىتابلار ئارقىلىق زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن.

«يۇجى يامىن» (ئاي گەيجى دورىلار بىلەن كېسەل داۋالاش). تۈزگۈچى: گەنجۇ قاغىن. قولىيازما. مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈزۈلگەن.

گەنجۇ قاغىن بۇ ئەسىرنى خوتەن خەلقى ئارىسىدىكى تېببىي تەجرىبىلەر بىلەن زاڭزۇ تېبابەتچىلىكىدە مەشھۇرلەنگەن داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى كېڭەيتىش ۋە باشقا ئەللەر خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ يەنە تېۋىپ ۋە راھىب شى بەنزۇ، زاڭزۇ تەرجىمانلاردىن جىڭ بۇزىسى، جىڭ بۇدۇنجۇ، جۇلامىنبا قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، خېلى بىر قىسىم تېببىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر تېۋىپى ھەم داڭلىق تەرجىمانى.

«تىرىك بەدەن ئۆلچەملىرى». ئاپتورى: جان باشلاق (شىراخان). مىلادىيە 8 - ئەسىردە يېزىلغان قولىيازما، تۈبۈتچە.

بۇ كىتاب ياشلىقىدا خەلق ئارىسىدىكى تېۋىپ - ھۆكۈما ۋە بۇددا راھىبلىرىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەمچى، ئاتاچى، قام ۋە باخشىلارنىڭ ھەر خىل داۋالاش ئۇسۇللىرى بىلەن تېبابەتچىلىكىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك

ئاددىي - ساددا، پاك ياشاشتەك ئېسىل ئىنسانىي خىسلىتى بىلەن تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ناھايىتى كۆپ قۇرۇلۇشلارنى لايىھىلىگەن ۋە مەسئۇل بولۇپ ئىشلىگەن. 100 دىن ئارتۇق شاگىرت تەربىيىلىگەن. 1983 - يىلى 7 - ئايدا دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىقى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن «مىللىي رايوندا ئۇزۇن مۇددەت پەن - تېخنىكا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن.

ھاجى ئابدۇلھەمىت موللايۇپنىڭ «بىناكارلىق خەرىتىلىرى ۋە ماتېرىياللىرى ھەققىدە ئاددىي ساۋات» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرى «بىلىم — كۈچ» ژۇرنىلى ھەم باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئابلىز موللايۇپ 1964 - يىلى خوتەن شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1985 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ خەنزۇ تىلى تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىرغىچە مۇشۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ 1989 - يىلى شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل ئوقۇغان. ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىۋاتقان بۇ ياش بىناكارلىق ئۇستىسى ئۆزىنىڭ قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى بولغان خەرىتە لايىھىلىرى، قورۇ - جايلار، سەيلىگاھلار، خاتىرە - ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ خەرىتىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان.



2001 - يىللىق 2 - سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنىڭ يەنە «كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش رېتسېپلىرى» ناملىق كىتابى بارلىقى مەلۇم.

«ئەسرارۇلنەبزى ۋە لېۋۇلى ۋە لېزاز» (تومۇرشۇناسلىق ۋە چوڭ - كىچىك تەرەتنىڭ سىرلىرى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: ئەرەبچە.

«مۇئالىتانىل فۇقرائى ھىلىل سەھرائى» (كەمبەغەل ۋە سەھرالىق ئاجىزلارنى داۋالاش). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: پارسچە.

«رىسالەئى گەسىرد ۋە ھېجامەت» (قان ئېلىش ۋە شەخەك قويۇش ھەققىدىكى رىسالە). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: پارسچە.

«ئىختىياراتى بەدىئى». ئاپتورى: ھاجى زەينۇل ئەتتار (13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە خوتەندە ياشىغان). 1340 - يىلى ئارىلىقىدا يېزىلغان، تىلى: پارسچە. 16 كەسلەم، 577 بەت.

بۇ، ئاپتورنىڭ ئوت - چۆپ دورىلار ۋە رېتسېپ ئىلمى ھەققىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆز زامانىسىدىكى خوتەن پادىشاھىنىڭ خانىشىغا تەقدىم قىلغان.

«مۇجەررىباتى ئارىف» (ئارىپنىڭ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى (1564—1655). ئاپتور خوتەن ناھىيىسىنىڭ لاسكۇي يېزىسىدا تۇغۇلغان. تونۇلغان ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىمى. يېزىلغان ۋاقتى: مىلادىيە 1600 - يىلىنىڭ باشلىرى. تىلى: چاغاتايچە.

بۇ ئەسەر قەدىمىي خوتەن قەغىزىگە قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان بولۇپ، سەككىز كەسلەم، 1000 بەت (تەخمىنەن بىر مىليون 500 مىڭ خەت) كېلىدۇ. ئەسەردە 1300 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك (ئالامىتى كېسەل دەپ تونۇلغان)، تەجرىبىدىن ئۆتكەن 25 مىڭدىن

تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى قوشۇپ يەكۈنلەپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، زور نەتىجە قازانغان ئۇدۇنلۇق تېۋىپ جان باشلاقنىڭ تىبەت لاماسىنىڭ تەكلىپى بىلەن لاسا چوڭ ئىبادەتخانىسىدا تېۋىپلارغا سۆزلىگەن دەرسلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن تۈزگەن ئەسىرى. ئۇنىڭ يەنە «جەسەت رەسىم نۇسخىلىرى» دېگەن كىتابىمۇ بار. بۇ ئىككى ئەسەر شىزاڭنىڭ ئەڭ مەشھۇر تۆت توملۇق تېببىي قامۇسىغا كىرگۈزۈلگەن.

«ئەلنۇھۇ تېببىيە» (تېبابەتچىلىك قانۇنلىرى). ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1180 - يىللىرى يېزىلغان.

مەزمۇنى: ئۇيغۇرلارنىڭ 11 - ئەسىردىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى تېبابەتچىلىكى نەزەرىيەۋى سىستېمىغا كىرگۈزۈلۈپ بايان قىلىنغان. تېۋىپلارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە ماددىلىق قانۇن ھەمدە يالغان تېۋىپلارنىڭ باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن جىسمانىي ۋە روھىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازالار كىرگۈزۈلگەن.

«زۇبدەتىل قاۋانىل ئىلاج» (داۋالاش ئىشلىرى جەۋھەرلىرى). ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1180 - يىللىرى يېزىلغان.

بۇ كىتابتا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى، سىناقتىن ئۆتكەن يۈز نەچچە پارچە يەككە رېتسېپ مۇكەممەل بايان قىلىنغان.

«داۋالاش قانۇنلىرىدىن خۇلاسە». ئاپتورى: ئەللامە ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنى. قولىيازما. مىلادىيە 1190 -يىللىرى يېزىلغان.

تېبابەتچىلىكنىڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك داۋالاش ئۇسۇل - چارىلىرى، كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش، دورا بۇيرۇش ۋە دورا تەييارلاش قاتارلىقلار ئىخچام ۋە ئامىباب بايان قىلىنغان بۇ كاتتا ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەمدە بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەشھۇر تېۋىپ ھاجى باقى ئالىمنىڭ ئەتىۋارلاپ ساقلىشى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ

سىغىنىش ۋە ئۆزىنىڭ قاراقاش ئاقسارايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، باشقا تېببىي كىتابلاردىن ئۆزگىچە ھالدا ئۆز كىتابىغا «ئاقسارايى» دەپ نام بەرگەن. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىلىرى، ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرى ھەم ئۇلارنىڭ داۋاسى، يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار سۆزلەنگەن. نەزەرىيە قىسمى ئاساسەن باشقىلار تەرپىدىن ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن» نى كىچىكلىتىپ يازغان «مۆجىزىلقانۇن» (ئەلقانۇندىكى مۆجىزىلەر) دېگەن كىتابتىكى خاتا كەتكەن جايلارغا تۈزىتىش بېرىلگەن ئىلمىي ئاساسلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ كىتابتا ھەرقايسى بۆلۈم كېسەللىكلىرىدىن 180 خىلى، يەككە دورىلاردىن 390 خىلى، مۇرەككەپ دورىلاردىن 144 خىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئەسەرلىرىمىز ئىچىدە تېۋىپلىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى چەت ئەللەردىمۇ سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرى ئەسەر دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خوتەنلىك ئابدۇللا داموللام مەۋلىۋى، ھەسەن دامولام مەۋلىۋى، مەتنىياز مەۋلىۋى ھەم ئاتۇشلۇق زەينۇل ئابىدىن مەۋلىۋى قاتارلىقلار ھىندىستان لەكنۇ ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارغاندا مۇئەللىم دەرسلىك كىتابىنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاراڭلاردا خوتەندىن كەلگەنلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىغان ھەمدە: «بۇ كىتاب، خوتەننىڭ ‹ئاقساراي› دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ، ھىندىستانغا قېچىپ كەلگەن ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى جامالىدىن يازغان ‹ئاقسارايى› ناملىق كىتابتۇر» دېگەن. بۇ كىشىلەر ئۆز يۇرتىدىن چىققان بۇ ئالىمدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھەمدە ئوقۇش تاماملاپ خوتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىخان ھاجىم قاتارلىقلارغا يۇقىرىقى گەپلەرنى ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ بەرگەن.

«ئاقسارايى» نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم ئابدۇلھەمىت مۇھەممەدى ئائىلىسىدە ساقلانماقتا. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

ئارتۇق رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى سۈپىتىدە 400 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«گۇلدەستەئى ئاپىيەت» (ساقلىق باغچىسى). ئاپتورى: موللا ئارىپ خوتەنى. تىلى: چاغاتايچە. بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە شىپالىق رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب هازىر خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىن پېنسىيىگە چىققان تېۋىپ ئابدۇخالىق قارىمدا ساقلانماقتا.

«تىببىي يۇسۇپى». ئاپتورى: ھەكىم يۇسۇپخان (ئاپتور خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم). ھىجرىيە 1316 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى.

ئەسەر 208 بەت بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي تىببىي نەزەرىيىسى، ساقلىقنى ساقلاش، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەرقايسى ئەزا كېسەللىكلىرىنى تونۇش، داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت، 900 خىلدىن ئارتۇق پىششىق دورا رېتسېپى ھەم ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان.

«شىپاھۇل قۇلۇپ». ئاپتورى: موللا ئەلامولاسۇپى. كىتاب تۈرى: ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى رېتسېپلىرى. 1882 - يىلى يېزىلغان ۋە چاغاتاي يېزىقىدا كۆچۈرۈپ تىكىلگەن، كىتابنىڭ ۋارىقى كىچىك 32 كەسلەمگە باراۋەر بولۇپ، 217 بەت، كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان. بۇ كىتابتا مىڭدىن ئارتۇق رېتسېپ بار. بۇ كىتابنى ئاپتورنىڭ 5 - ئەۋلاد ئەۋرىسى، قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ كادىرى غەيرەت ئەخمەد ساقلىغان.

«ئاقسارايى». ئاپتورى: جامالىدىن ئاقساراي. ھىندىستان لەكنۇ نەشرىياتى 1899 - يىل نەشرى.

تېبابەت ئالىمى جامالىدىن موغۇل ئىستېلاسىدىن قېچىپ ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن، بۇ كىتابنى يېزىپ ئۆز يۇرتىنى

ئۆتكۈزگەن قىممەتلىك تېبىبىي تەجرىبىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب سەككىز كەسلەم، 490 بەت.

«داۋالاش ئۇسۇللىرى» . چاغاتايچە. ئاپتورى نامەلۇم. كىتاب تەخمىنەن 100 يىل ئىلگىرى خوتەندە يېزىلغان. كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى تونۇش ۋە ئۇنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ئاممىباب، ئىخچام قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، خەلق ئارىسىدا پايدىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

«قانۇن تىب ئەقرائى» . ئاپتورى: موللا ھەسەن قارىي خوتەنى. ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرى ئېنىق ئەمەس. فورماتى: 20×12cm، 591 بەت، چاغاتايچە قولىيازما. ئەسەردە دورا رېتسېپلىرى ۋە داۋالاش قائىدىلىرى مەزمۇن قىلىنغان.

«مۇجەررىباتى تەجەللى» (تەجەللى نۇسخىلىرى) . ئاپتورى: ھۇسەيىنخان تەجەللى. تىلى: چاغاتايچە. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان. ئەسەر چوڭ سەككىز كەسلەم، 1000 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرى بايان قىلىنغان، كېسەللىكلەرنى تونۇش ئۇسۇلى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئىزاھلانغان. ئىچكى، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار، باللار كېسەللىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، بەش ئەزا كېسەللىكى قاتارلىق 900 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇپ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەمدە 1300 خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنگەن.

«كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش» . ئاپتورى نامەلۇم. 100 يىل ئىلگىرى خوتەن رايونىدا يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئاددىي دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

«داۋالاش قوللانمىسى» . ئاپتورى نامەلۇم. 80 يىل بۇرۇن

«شارائىتى سىههەت» (ساغلاملىق شەرتلىرى). ئوسمان بەگ ۋە مۇراد بەگدىن ئىبارەت ئاكا - ئۇكا تېۋىپلار تەرىپىدىن يېزىلغان مەشھۇر تېببىي ئەسەر. قازان نەشرىياتى نەشرى.

ئىنسان ساغلاملىقىنىڭ تۈپ ئاساسى توغرىسىدىكى تېبابەت نەزەرىيىسى ۋە تېببىي ئىنسانشۇناسلىقنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئابدۇلھەمىت داموللا ھاجىم ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تېبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرى» ناملىق كىتابى ۋە مۇختار مامۇت مۇھەممەدنىڭ «مەشھۇر ئۇيغۇر تېۋىپلىرى» ناملىق كىتابلىرىدا ئازراق ئۇچۇر بەرگەندىن باشقا، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى، يېزىلغان ۋاقتى، باسما ھالىتى، نەشرى، ساقلىنىش ئەھۋالى قاتارلىقلار توغرىسىدا مۇپەسسەل ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

«مەنبەئىي قۇۋايى» (ساغلاملىقنىڭ مەنبەسى). ئاپتورى: مۇھەممەد رەھىم شاھ بوۋا. 1830 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە. 600 بەت.

بۇ چوڭ ھەجىملىك ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ساقلىقنى ساقلاش ۋە داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەن. بۇ مەشھۇر تېۋىپ ئاجىز - مىسكىنلەرگە خەير - ساخاۋەت، مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەن ۋە ياشاش قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەچكە بۇ جەھەتتىكى مول تەجرىبىلەر كىتابتىن ئورۇن ئالغان.

«تېببىي چوڭ». ئاپتورى: رەھىم شاھ بوۋا. قولىيازما، 1837 - يىلى يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

خەلقىمىزنىڭ مىجەزى، تۇرمۇش ئادىتى، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان خوتەن رايونىدىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ داۋالاش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلار ئاممىباب ھالدا سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بۇ كىتاب يەرلىك ئوت - چۆپ دورىلىرىنى تونۇش، يىغىش، قېزىش جەھەتلەردە قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدىغان كىتابتۇر.

«تەجرىباتى تېببىي» (تېببىي تەجرىبىلەر). ئاكا - ئۇكا مەشھۇر تېۋىپلار ئوسمان بەگ بىلەن مۇراد بەگ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاكا - ئۇكا تېۋىپلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تېبابەت ئەمەلىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا توپلىغان ۋە قايتا - قايتا سىناقتىن

«تەزكىرەئى لوقمان ھەكىم ۋە خازائىنۇل ئەفلاتون». ئاپتورى: مولاغۇجى ئاخۇنۇم. 1864 - يىلى لوپ ناھىيىسىدە يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

كىتابتا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەب، ئالامەتلىرى ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى قەدىمكى ھۆكۈمالارنىڭ داۋالاش تەجرىبىسى ئاساسىدا ئاممىباب، ئىخچام تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى قوللانمىسى». ئاپتورى: تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1977 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 955 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى، كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە 200 نەچچە خىل مۇھىم مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى». ئاپتورى: تۇردى ھاجى. خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسى تەرىپىدىن 1983 - يىل 6 - ئايدا 5000 تىراژدا بېسىلىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان، 328 بەت.

بۇ كىتابتا مۇرەككەپ دورا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن ھەمدە تۇردى ھاجىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كېسەل داۋالاش جەريانىدا توپلىغان ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن 1000 خىلدىن ئارتۇق مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرىنىڭ تەسىرى، تەركىبى، ياسىلىشى، ئىستېمال قىلىش مىقدارى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«قەنت سىيىش كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئۆمەر مەنسۇرھاجى. 1986 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى 1996 - يىل 7 - ئاي 2 - نەشرى. تىراژى: 10 مىڭ. 2 - نەشرىنىڭ تىراژى: 5001. 47 بەت.

بۇ كىتابتا قەنت سىيىش كېسەللىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىپادىلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى، دىئاگنوزى، ئەگەشمە كېسەللىكلىرى ھەم بۇ كېسەللىكنى

خوتەندە يېزىلغان. تىلى: چاغاتايچە.

كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى يىغىنچاق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، داۋالاش قوللانمىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنگەن. بۇ كىتاب ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىدا ساقلانماقتا.

«شىپاھىلقۇلۇپ» («يۈرەكلەرنىڭ شىپاھى»). تەرجىمان: ئابدۇلئېزىز ئاخۇن. چوڭ ھەجىملىك بۇ كىتابنى ئابدۇلئېزىز ئاخۇن تەخمىنەن 1940 - يىلى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان بولۇپ، بۇ كىتابتا يۈرەك كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاشقا دائىر تېببىي بىلىملەر بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ھازىر ئۇنىڭ نەۋرىسى ئابدۇلرازراق مەممەتنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

«كۈللى دەردى شىپاھ» (پۈتكۈل دەردلەرنىڭ شىپاھى). تەرجىمان: ئابدۇلئېزىز ئاخۇن. بۇ كىتاب 1945 - يىلى تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، كۆپ خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاش تەدبىرلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر تېبابىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

---

ئابدۇلئېزىز ئاخۇن 1905 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ ئوتتۇرا پۇرچاقچى كەنتىدە تۇغۇلغان. شۇ مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، تاغىسى تۇرسۇن خەلىپىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ دىنىي ۋە تېبابەت بىلىملىرىنى، شۇنىڭدەك ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. 20 يېشىدىن باشلاپ مۇستەقىل كېسەل داۋالىغان. 1955 - يىلىدىن 1965 - يىلىنىڭ بېشىغىچە يېزىلىق شىپاخانىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بۆلۈمىدە ئىشلىگەن. 1965 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ 100 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇزلۇقئوتاغ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ھەيدەلگەن. 1966 - يىلى كېسەل بولۇپ كوتوشكە ئېرىشەلمەي قازا قىلغان. ھازىر ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 12 كىشى تېۋىپلىق ھەم دوختۇرلۇق قىلماقتا.

باشقۇرۇش چارە - تەدبىرلىرى؛ ئۈچىنچى قىسىمدا غەيرىي نورمال تۇغۇت (قىيىن تۇغۇت) ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى؛ تۆتىنچى قىسىمدا ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى». ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1989 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 540 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئادەم تېنىنىڭ ھەرقايسى قىسىم ۋە سىستېمىلىرىدا يۈز بېرىدىغان ئىچكى كېسەللىكلەر، بەدەننىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى بويىچە باش قىسىمدىكى كېسەللىكلەر، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، نەپەسلىنىش سىستېمىسى، يۈرەك، قان تومۇر سىستېمىسى، چىقىرىش سىستېمىسى (بۆرەك ۋە چەپلەر) كېسەللىكلىرى، ئومۇمىي بەدەن كېسەللىكلىرى (ئىسسىقا، ئورۇقلاپ كېتىش، سەمرىپ كېتىش)، ھەرىكەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، ئالامەتلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئاساسىي نۇقتىلىرى، داۋالاش - پەرۋىش قىلىش قائىدىلىرى بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تەشخىس (دىئاگنوستىكا) ئىلمى». ئاپتورلىرى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ھاجى باقى ئالىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 444 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا «دىئاگنوستىكا ئىلمى» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىلىپ، بۇ ئىلىمنىڭ ئاساسلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشنىڭ تۈرلىرى، كېسەللىك سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى قاتارلىقلار؛ مەخسۇس قىسىمدا ھەرقايسى ئەزا - سىستېما

ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى». ئاپتورلار: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 169 بەت. تىراژى: 5500.

بۇ كىتابتا تۆت چوڭ ماددا تەلىماتى، مىزاجلار تەلىماتى، ئەزالار تەلىماتى، كۈچلەر تەلىماتى، ئەفئال ۋە ئەرۋاھ تەلىماتى؛ ساقلىق، كېسەللىككە ئائىت بىلىملەر، داۋالاش تۈرلىرى ۋە قائىدە - پرىنسىپلىرى، بوھران تەلىماتى، كېسەللىكلەرنى تونۇش تەلىماتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان ھەمدە كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا ئەرەبچە، پارسچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئاتالغۇلار لۇغىتى بېرىلگەن.

«جۇڭگو تېبابىتى قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» (1-جىلد). ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، تىراژى: 6280.

قامۇستا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخى ۋە بۇ جەرياندا مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى، ئۇيغۇر تېبابىتى تەشخىس ئىلمى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇتشۇناسلىق ۋە ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئاپتورى: مەينىگارخان ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 1988 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 236 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىكى بولۇپ، جەمئىي تۆت قىسمىغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمدا ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تەبىئىي خىزمەت پائالىيەتلىرى، ھامىلدارلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر؛ ئىككىنچى قىسىمدا نورمال تۇغۇت ۋە ئۇنى

12 ـ ئاي نەشرى، 228 بەت، تىراژى: 3000.
بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنى ھەر خىل چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىمدا كېسەللىكلەرنى ئوزۇقلۇق دورا، قول ئەمەلىيىتى ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرى، تازىلاش ـ دېزىنفېكسىيە قىلىش، مىكروبسىزلاندۇرۇش قائىدىلىرى، ئاساسىي مەشغۇلاتلىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ سۇنۇقچىلىق ۋە چىقىقچىلىق ئىلىملىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» (6 ـ جىلد). ئاپتورلار: مۆتىئۇللا قارىي ھاجى (قەشقەر)، ئابدۇخالىق قارىي، ئىسمائىل، ئېلى ھاجى قۇربانىنىياز. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1995 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 668 بەت، تىراژى: 2500.
بۇ كىتابتا دورا ياسالمىلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەندىن سىرت، تېبابىتىمىزدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ياسالمىلىرىنىڭ تەركىبى، ياسىلىشى، تەبىئىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى ۋە ئۇسۇلى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى قاتارلىقلار خېلى تولۇق، مۇكەممەل بايان قىلىنغان. مۇندەرىجىدىن سىرت يەنە ئاخىرىغا «ئاچقۇچ» بېرىلگەن.

«جۇڭگو تېببىي قامۇسى تارماق تومى ئۇيغۇر تېبابىتى قامۇسى» (4 ـ جىلد). ئاپتورلار: ئەھمەد ئەمەت، ئەھمەد ھاجى، باۋۇدۇن جامالىدىن ھاجى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، ئوسمان تۇرسۇن، ئابدۇۋاھىت ھوشۇر، ھەبىبۇللا ئېلى. شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا ـ سەھىيە نەشرىياتى 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 456 بەت، تىراژى: 5000.
بۇ كىتابتا ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، داۋاسى ۋە بەزى يەككە، مۇرەككەپ دورىلىرى، پەرھىزى، دىققەت قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلىرى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئۆزىگە خاس مىللىي

كىسەللىكلىرىنى تەكشۈرۈپ تەشخىس قىلىش ئۇسۇللىرى تەرتىپ بويىچە سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان. ئاخىرقى قىسمىدا ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىك ئارخىپى يېزىش ئۆلچىمى ۋە تەلەپلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمى». ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1991 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 160 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ 1 - ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئومۇمىي قىسىم، مەخسۇس قىسىم ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر قىسمى دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسمىدا روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخى، روھىي ۋە ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ماددىي مەركەزلىرى، روھىي پائالىيەتلەرنىڭ ئادەتتىكى كۆرۈنۈشى، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ئادەتتىكى ئالامەتلىرى، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى قاتارلىقلار؛ مەخسۇس قىسمىدا كۆپ ئۇچرايدىغان روھىي كېسەللىكلەرنى تونۇش، دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ئەسەبىي كېسەللىكلەر قىسمىدا ھەر خىل ئەسەبىي كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

«مېۋىلەرنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: سالى سابىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1991 - يىل 11 - ئاي 1 - ۋە 2 - نەشرى، 931 بەت، تىراژى: 9000، 3000.

بۇ كىتابتا كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان مېۋىلەرنىڭ تەركىبى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، شىپالىق رولى، ئەكس تەسىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش تېخنىكىلىرى ئىلمى». ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، خوجاباھاۋۇدۇن ھاجىم، رەيھان ئىبراھىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1992 - يىل

ئابدۇسەمەت ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1997 - يىل 10 - ئاي نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 310 بەت.

بۇ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى مۇكەممەل بايان قىلىنغان قورال كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا 20 باب بويىچە 19 خىل دورا ياسالما تۈرىنىڭ تېخنىكىلىق مەشغۇلات ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ھەربىر خىل ياسالما تۈرىگە مىسال تەرىقىسىدە مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرى كەلتۈرۈلۈپ، 294 خىل رېتسېپ تونۇشتۇرۇلغان.

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى شىئەندە ئۆتكۈزۈلگەن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بويىچە مۇنەۋۋەر كىتابلارنى باھالاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك تېخنىكىلىق قوللانما كىتابى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان.

---

ئابدۇسەمەت ئابدۇقادىر 1946 - يىلى چىرا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1963 - يىلى شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى تېببىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا تەقسىم قىلىنغان ھەمدە ئۇدا بۇ دوختۇرخانىدا خىزمەت قىلىپ ئىلگىرى - كېيىن دورىگەر، دورىخانا مۇدىرى، ئامبۇلاتورىيە مۇدىرى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.



ئۇ ئۆز كەسپىي ساھەسىدە ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى روياپقا چىقارغان، «يىراق، چەت - ياقا رايونلاردا بىمارلارغا قان بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى «جوڭگو تېببىي ئىلمى ئىچكى كېسەللىكلەر ژۇرنىلى» دا خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ

ئالاھىدىلىك بويىچە خېلى تولۇق بايان قىلىنغان.

«دورا ئۈسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش». ئاپتورى: ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1995 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 107 بەت، تىراژى: 2000.

بۇ كىتاب ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپنىڭ ئۈسۈملۈك ماكانلىرىنى كېزىپ، بىۋاسىتە كۆزدىن كەچۈرۈپ، كۆزىتىپ، خەلق ئارىسىدىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، دورا ئۈسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئۆستۈرۈش جەريانىدىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى، يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى ھەم ئۆزى ئىشلىگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دورا ئۈسۈملۈك تەجرىبە ئېتىزلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا دورا ئۈسۈملۈكلەرنى تونۇش ۋە تېرىپ ئۆستۈرۈشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا ئۈسۈملۈكلەرنىڭ نامى، ئۇلارنى تونۇش، تېرىش، يىغىۋېلىش ئۇسۇلى، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

«ئەرلەر جىنسىي ئاجىزلىقىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: ئەلى ھاجى قۇربانئىنياز. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1996 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 111 بەت، تىراژى: 12 مىڭ.

بۇ كىتابتا جىنسىي ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەر خىل سەۋەبلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇلارنىڭ نۇسخىلىرى، پىششىقلاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى ياساش تېخنىكىسى». ئاپتورى:

سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى، 558 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى يەنى 1520 — 1533 - يىللىرى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ سۇلتان ئەلى تەرىپىدىن دەسلەپ پارس يېزىقىدا ۋە كېيىنچەرەك چاغاتاي يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان.

مەزكۇر كىتاب ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالدىنقى مۇقەددىمە قىسمىدا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرى، جۈملىدىن تېبابەت ئىلمى بىلەن تونۇشۇش، ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى، كېسەللىك ئاقىۋىتى، تومۇر ئەھۋالى، نورمال بەدەن ھالىتى، ساقلىقنى ساقلاشنىڭ تەدبىرلىرى قاتارلىق نەزەرىيىۋى بىلىملەر بايان قىلىنغان. كېيىنكى قىسمىدا مەخسۇس كېسەللىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، داۋالىنىش، ئوزۇقلىنىش، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى، بولۇپمۇ يەككە، مۇرەككەپ تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار بىلەن كېسەل داۋالاش ئۇسۇلى سۆزلەنگەن.

ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىمنىڭ يەنە «چۆپچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى»، «ھاياتلىق دەستۇرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمى لۇغىتى» قاتارلىق ئىلمىي كىتابلىرى ۋە ماقالىلىرى بار.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىدىغان مايلارنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: ئەخمەت مەخسۇت. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم. 66 بەت، 3 باب، تىراژى: 3500.

بۇ كىتابقا ئۇيغۇر تېبابىتىدە قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتقان مېغىزلار، گۈلچېچەكلەر، مېۋىلەر، يىلتىزلار، غوللار ۋە ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان يۈز نەچچە خىل يەككە ۋە مۇرەككەپ مايلار كىرگۈزۈلۈپ، ھەربىر ماينىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى، خىمىيىلىك

كىتابتىن باشقا يەنە «زەپە قاتارلىق بىر قىسىم دورىلارنى تېرىش، ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

«جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمايىل. كىتاب تۈرى: تېبابەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 2001 - يىل 6 - ئاي 2 - نەشرى، كىچىك 32 كەسلەم، 121 بەت.

بۇ كىتاب ئالتە چوڭ ماۋزۇ، 49 كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى ھەم بۇ كېسەللىكلەرگە دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

«مەدەنلەرنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: سالى سابىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 1998 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 210 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا 46 خىل مەدەننى تونۇش، پەرقلەندۇرۇش، ئۇلارنىڭ چىقىش ئورنى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى، ئەكس تەسىرى ھەم ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش چارىلىرى، مەدەن دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇش، كۆشتە قىلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ھايۋانات ئەزالىرىنىڭ شىپالىق رولى». ئاپتورى: تەۋەككۇل قۇربان، مەلىكەم مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 191 بەت، تىراژى: 15 مىڭ.

كىتابتا 38 خىل ھايۋان ئەزاسىنىڭ تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، يەككە ۋە مۇرەككەپ رېتسېپلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«دەستۇرۇلئىلاج» (داۋالاش دەستۇرى). نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى مۇھەممەد باقى ئالىم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا،

ماقالە» بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشكەن. ئەخمەت مەخسۇت ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملىرى ۋە دادىسى قالدۇرغان تېبابەت مىراسلىرىدىن پايدىلىنىپ «تېببىي خۇلاسە»، «تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورا نۇسخىلىرى»، «تەپ كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنى داۋالاش»، «ساقلىقنى ساقلاش توغرىسىدا ئەقلىيە سۆزلەر» دېگەندەك ماقالە توپلاملىرىنى يېزىش ۋە رەتلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەت ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«دائىم ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرى قوللانمىسى (يەككە دورا قىسمى)». ئاپتورى: ئەخمەتجان ئىسمائىل، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابلىمىت ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 307 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ قوللانمىدا 600 خىلدىن ئارتۇق يەككە دورىنىڭ نامى، ئۇلارنى تونۇش ئۇسۇلى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى، مىقدارى قاتارلىقلار جەدۋەللەشتۈرۈلگەن.

«كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەدىن غاپپار ھاجى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل نەشرى.

«ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش خەزىنىسى (يەككە دورا بىلەن داۋالاش قىسمى)». ئاپتورى: ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 338 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا 400 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكنى تونۇش ۋە ئۇنى يەككە دورىلار بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تېبابەت سىرلىرى». ئابلىكىم خۇدابەردى چاغاتايچە قولىيازمىدىن نەشرگە تەييارلىغان. ئەسلىي كىتاب كلاسسىك ۋەسىقىلەر جۇملىسىدىن بولۇپ، ئاپتورى نامەلۇم. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 198 بەت، تىراژى: 5000 (ئاخىرقى ئىككى بېتى چاغاتايچە قولىيازما نۇسخىسى). مۇقاۋىنى ئەكبەر سالىھ لايىھىلىگەن.

تەركىبى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىش ئۇرنى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

---

ئەخمەت مەخسۇت 1945 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ گۇما بازىرىدا 10 - ئەۋلاد تېۋىپ مەخسۇت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.



1961 - يىلىغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇپ 1962 - يىلى گۇما ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا شاگىرت بولۇپ كىرگەن. 1965 - يىلىدىن باشلاپ ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىل - يېزىقلىرىدىكى تېببىي كلاسسىك ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. 1970 - يىلىدىن باشلاپ دادىسى مەخسۇت ئاخۇنۇمنىڭ 70 يىللىق تېبابەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، داۋالاش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازانغان. 1989 - يىلى دوختۇرخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، باشقۇرۇش، خادىم تەربىيىلەش جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، «ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تەشخىس ئۆلچىمى»، «داۋالاش پىرىنسىپى ئۆلچىمى»، «داۋالاش ئۈنۈمىنى باھالاش ئۆلچىمى» قاتارلىقلارنى تۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ئەخمەت مەخسۇت «بوھران ھەققىدە چۈشەنچە»، «كېسەللىكلەرنىڭ باسقۇچلۇق دەۋرىدىكى داۋالاش چارىلىرى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئاساسى ۋە نەزەرىيە ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن تېمىلاردا بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ھەرقايسى تېبابەت ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلدۇرغان ھەمدە ئىلمىي جەمئىيەت يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرغان. 1995 - يىل 9 - ئايدا ئېچىلغان خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - قېتىملىق مۇدىرىيىتىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە چوڭ يىغىنىدا «كىچىك بالىلاردا بولىدىغان سەرسام كېسەلىنى داۋالاش تەسىراتىم» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسى مۇتەخەسسىلەرنىڭ باھالىشى بىلەن «مۇنەۋۋەر ئىلمىي

(W) 2002 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى، 423 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا تۆت خىل كەيپىيات؛ ئىككىنچى قىسىمدا دورىلار ۋە ئۇزۇقلۇق؛ ئۈچىنچى قىسىمدا ھەرقايسى ئەزا - سىستېمىلارنىڭ كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئايرىم - ئايرىم ئىخچام تىل بىلەن بايان قىلىنغان. ئاخىرىدا مەزكۇر كىتابتا تىلغا ئېلىنغان كېسەللىكلەرگە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى نەشرى، 32 كەسلەم، 357 بەت.

بۇ كىتابتا ئەرلەر سۈيدۈك ئاجرىتىش سىستېمىسى، ئەرلەر كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭغا توغرا دىئاگنوز قويۇش، ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەبلەر، ئەرلەر كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلار، ئەرلەر كېسەللىكلىرىنى ئائىلىدە داۋالاشنىڭ ئاددىي ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن قورال كىتاب بولۇپ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

---



ئىجتىھاتلىق ياش تېۋىپ مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر 1976 - يىلى لوپ ناھىيە لوپ بازىرىنىڭ بوشقان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1994 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ چوڭلار مائارىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنىپ، 1997 - يىل 8 - ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئوقۇش داۋامىدا خوتەندىكى داڭلىق تېۋىپلاردىن ئۆگىنىپ، بىلىم ئاساسىنى پۇختىلىغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل قۇرۇلۇشتا

بۇ كىتاب ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىسى، كېسەللىك ۋە رېتسېپ بولۇپ، 29 بابقا بۆلۈنگەن. كىتابتىكى رېتسېپلار تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئىلمىيلىكى يۇقىرى، پايدىلىنىشقا قولاي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

---

ئابلىكىم خۇدابەردى 1965 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1992 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ھازىر گۇما ناھىيىسىدە تېببىي داۋالاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ.



ئۇ مىللىي تېبابەت ئىلمىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغانلىقتىن، مۇشۇ ھەقتىكى مىللىي مىراس ۋە تارىخىي ۋەسىقىلىرىمىزنى قېزىشقا، توپلاشقا، رەتلەپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇشقا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن، جۈملىدىن ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىلىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ مەشھۇر تېۋىپ ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپ داموللامدىن تەلىم ئالغان.

«بالىلار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». تۈزگۈچى: ئابدۇخالىق ئىسمائىل. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2001 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 197 بەت، تىرازى: 5000.

بۇ كىتابتا بالىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى سىستېمىغا بۆلۈپ، ھەربىر كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى، تىپىك ئالامەتلىرى، داۋالاش قائىدە - پرىنسىپلىرى، پايدىلىق ئاددىي ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى، پەرھىزى، پايدىلىق ئوزۇقلۇقلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

«مىزانى تىب» (تېبابەت ئەھلىنىڭ قىبلىنامىسى). تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەتجان ئىسمائىل، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەد. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى

تېبابىتىدە پەرۋىش ۋە پەرھىز. تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، مۇھەممەتجان ئابلا، غۇلامجان يۇنۇس. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 نەشرى، 88 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا بەدەندە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە تونۇش ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىش، پەرھىز بۇيرۇش ئۇسۇللىرى ھەرقايسى سىستېما كېسەللىكلىرى بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر» ( Ⅱ ) — ئۆزىڭىزگە قىزىقامسىز؟ ئاپتورى: ئابدۇمىجىت ئابدۇلھەمىد ھاجى (بۇغرا). قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 116 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا ياشلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ھەر خىل جىنسىي كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللىرى پىسخىكا نۇقتىسىدىن شەرھلەنگەن. بەزى جاھىل خاراكتېرلىك روھىي كېسەللىكلەرگە مەنئۆى تەربىيە ئىشلەش بىلەن بىرگە، يەنە سىرتتىن بېرىلىدىغان دورا رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«خوتەندە ئۆتكەن ئاتاقلىق تېۋىپلار». ئاپتورى: تۇرغۇن ئۆمەر، ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 305 بەت، تىراژى: 3000.

بۇ كىتابتا قەدىمكى، يېقىنقى، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى دەۋردە خوتەندە ياشاپ ئۆتكەن ۋە تېبابەتچىلىك قىلىۋاتقان 170 تىن ئارتۇق ئاتاقلىق تېۋىپ ناھىيە - شەھەرلەر ئايرىمىسى، ياشىغان ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى ۋە تېبابەتكە قوشقان تۆھپىسى بويىچە تەرتىپلىك بايان قىلىنغان. بىر قىسىم ئاتاقلىق تېۋىپلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، خاتىرە رەسىمى ۋە تەقلىدىي رەسىمى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىشلەپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، لوپ بازىرى ئىچىدە كىچىك تېپتىكى بىر دورىگەرلىك دۇكىنى ئاچقان. كېيىن بۇ دۇكاننى كېڭەيتىپ داۋالاش ئورنىغا تەرەققىي قىلدۇرغان. ئۇ بىرقانچە يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتىدە كلىنىكىلىق تەجرىبە بىلەن نەزەرىيە تەتقىقاتىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يۈرۈش داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت يەنە ئىككى كىتاب يېزىپ چىقتى.

«ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى ئۇنىۋېرسال داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمائىل (ئېھسانى)، پەرھاد ئۆمەرجان. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 315 بەت، تىراژى: 4500.

بۇ كىتابتا ئۆسمە توغرىسىدا ئومۇمىي بايان بېرىلگەندىن سىرت، ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، ھەر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرىنى ئۇنىۋېرسال داۋالاش، يامان سۈپەتلىك ئۆسمە كېسەللىكلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئاخىرىدا ئۆسمە كېسەللىكلىرىگە ئائىت ساۋاتلاردىن سوئال - جاۋابلار بېرىلگەن.

«تېببىي ئوردۇ تىلى». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، تۇرغۇن ئۆمەر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 650 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسمى 50 دەرسكە ئايرىلغان ھەمدە ھەربىر دەرس تېكىست، يېڭى سۆز، گراماتىكا، كۆنۈكمە قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ ئىككىنچى قىسمى لۇغەت قىسمى بولۇپ، بۇ يەنە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەكتىكى لۇغەتلەر ئوردۇ ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە، ئىككىنچى بۆلەكتىكى لۇغەتلەر ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. ئومۇمىي لۇغەت قىسمى دەرسلىكتىكى يېڭى سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن.

«تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر» (I) — ئۇيغۇر

رېتسېپلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

---

ياش تېۋىبە ئايگۈل دۆلەت 1976 - يىل 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى لوپ بازىرى ئىچىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1997 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، 1998 - يىل 9 - ئايغىچە شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1998 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ، 2000 - يىلغىچە دوختۇرلۇق قىلغان. 2000 - يىلدىن باشلاپ ئۆز ئالدىغا يەككە دوختۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ.

«جىددىي كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: مۇھەممەد ئابدۇللا ئابدۇقادىر. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 127 بەت.

بۇ كىتابتا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر، روھىي كېسەللىكلەر، يۈرەك كېسەللىكلىرى، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ۋە ھەر خىل زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

«مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇرھاجى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن رېتسېپلار». نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتسالىھ ھاجى مەنسۇرھاجى ئوغلى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، 269 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب — يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن خوتەنلىك تېۋىپ مەنسۇرھاجىنىڭ 78 يىللىق تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن داۋالاش تەجرىبىلىرىنىڭ مەھسۇلى. 12 چوڭ ماۋزۇ، 298 تارماقتىن تۈزۈلگەن بۇ كىتابتا ھەر خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ دورا ياسالمىلىرىنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇلارنى تەييارلاش قائىدىسى، مۇرەككەپ دورىنىڭ تەبىئىتى، تەسىرى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىستېمال مىقدارى قاتارلىقلار ھەر خىل شەكىلدىكى دورا ياسالمىلىرى (ئەرەق، شەربەت، مەجۇن،

«ئۇيغۇر تېبابىتى تېرە كېسەللىكلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، تۇرسۇنتوختى هاجى، تۇرسۇن غوپۇر (ئۇرۇمچى)، مۇتەللىپ ئەلى هاجى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 264 بەت، تىرازى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىم يەتتە بابقا بۆلۈنۈپ، تېرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تېرىنىڭ خىزمىتى، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىم 16 بابقا بۆلۈنۈپ، 70 نەچچە خىل تېرە كېسەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەمدە هەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنى تونۇش، ئۇنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. تېرە كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، دەرسلىك مەزمۇنىغا ئالاقىدار 75 خىل رەڭلىك سۈرەت كىتاب ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان.

«ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: ئايگۈل دۆلەت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 199 بەت.

بۇ كىتابقا ئاياللارنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشى ۋە خىزمەت پائالىيەتلىرى، جىنسىي ئەزالار ياللۇغى، جىنسىي ئەزالار ئۆسمىلىرى، ئاياللاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورا

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى، قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇر تېبابىتى نەزەرىيىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى، ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمى نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تۆھپىكار شەخسلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان. مەخسۇس قىسىم 11 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر بابتا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرى بولغان تۆت ماددا تەلىماتى، مىزاج تەلىماتى، خىلىت تەلىماتى، ئەزا تەلىماتى، روھ تەلىماتى، قۇۋۋەت تەلىماتى قاتارلىقلار سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ساقلىق ۋە كېسەللىك، كېسەللىك سەۋەبلىرى، كېسەللىك ئالامەتلىرى ۋە كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەمدە دورا ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن.

«ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇلھەمىد مۇھەممەد، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەلى ھاجى قۇربانىياز، ئەكبەر مۇھەممەد، تۇرغۇن تۇرسۇن، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 313 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، داۋالاش ۋە دورىگەرلىك فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىغا تۈزۈلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي پەنلىرىنىڭ بىرى. مەزكۇر دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىم يەنە 20 نەچچە بابقا بۆلۈنۈپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەققىدە چۈشەنچە؛ ئۇيغۇر تېبابىتى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئىلمىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكى؛ روھىي، يېمەك - ئىچمەك، دورا، قۇم، لوڭقا قويۇش، قان ئېلىش، ئۇۋۇلاش،

سوفۇپ، شىياف، مەلھەم، ياغ) نىڭ نامى بويىچە تەرتىپلىك ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان.

---

مۇھەممەتسالىھ ھاجى 1956 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى ئاقساراي يېزىسىنىڭ قۇمباغ كەنتىدە تۇغۇلغان. 1970 - يىلى شۇ يېزىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن دادىسى — مەشھۇر تېۋىپ مەنسۇرھاجىنىڭ دورا تەييارلىشىغا ياردەملەشكەن. 1982- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. 1984 - يىل 7 - ئايغىچە ئاقساراي



يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىڭدىن كېيىن قاراقاش ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ مەسئۇل ۋراچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ ئوندىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى، ئابلىكىم نۇرمۇھەممەد ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەد، تۇرغۇن تۇرسۇن، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 271 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى ھەققىدە چۈشەنچە،

ئۇچرايدىغان يەلدىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇلارنى داۋالاشنىڭ پرىنسىپ، ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى». ئاپتورى: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى هاجى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى، 350 بەت، تىراژى: 4000.

كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مىزاج تەڭشەش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ساقلىقنى ساقلاشتا ئوينايدىغان رولى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئەزالارنى ئاسراش». تۈزگۈچى: ھەسەنجان قاسىم، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى هاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 450 بەت، تىراژى: 3000.

كىتابتا ئادەم بەدىنىنى تۈزگۈچى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈشى، خىزمىتى، مىزاجى ھەمدە ئۇلارنى ئاسراشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئەزالارنى ئاسراش ئارقىلىق ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار». تۈزگۈچى: ئابابەكرى راخمان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: —ISBN7—5372 3855/3. 16 كەسلەم، 798 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ يىرىك ئىلمىي ئەمگەك، تېۋىپ ئابابەكرى راخماننىڭ يىللاردىن بۇيان قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى، توپلاپ تۈرلەرگە ئايرىشى، سېلىشتۇرۇپ دەلىللىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن قامۇس كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان خام دورىلار» دىن ئۆسۈملۈك، مەدەن ھەمدە هايۋان تۈرىدىكى 800 خىلغا يېقىن دورىنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە، لاتىنچە ناملىرى بېرىلىپ، ئۇلارنى تونۇش، ئۇلارنىڭ تەبىئىتى، شىپالىق رولى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلىرى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، زىيانلىق تەسىرى، تۈزەتكۈچىسى،

ھوردىتىش قاتارلىق داۋالاش مەزمۇنلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.
مەخسۇس قىسمى رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى، غەيرىي خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۇسۇللىرى دەپ ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن. ھەربىر باب بىرقانچە پاراگرافقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر كېسەللىك ئۆز نۆۋىتىدە مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، شەكىل بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ، ھەربىر تۈردىكى كېسەللىكلەرنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۇمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر: مۇھەممەتجان نۇرئەھمەت، ئەركىن ھاشىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 343 بەت، تىراژى: 3500.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئۈچ بابقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئىككىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى مورفولوگىيىسى ۋە تۈزۈلۈشى، ئۈچىنچى بابتا دورا ئۆسۈملۈكلىرى تاكسونومىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

«يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». تۈزگۈچىلەر: ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى، ھەسەنجان قاسىم، مۇھەممەتجان ئابدۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى، 267 بەت، تىراژى: 3500.

بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى يەتتە چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسىمدا، يەل ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن؛ ئىككىنچى قىسىمدا، نورمالسىز يەلنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ كېسەللىك پەيدا قىلىش جەريانى تونۇشتۇرۇلغان؛ ئۈچىنچى قىسىمدا، يەلدىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇللىرى قىسقىچە سۆزلەنگەن؛ تۆتىنچى قىسىمدا، كلىنىكىدا كۆپ

نەزەرىيە قىسمى، كېسەللىكلەر بايانى، مۇرەككەپ دورىلار بايانى، يەككە دورىلار بايانى قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. نەزەرىيە قىسمىدا ساقلىق ھالەت بىلەن خىلىتلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش ھالەتلىرى توغرىسىدا ئىخچام مەزمۇنلار بېرىلگەن. كېسەللىكلەر بايانىدا ھەرقايسى ئەزالار كېسەللىكلىرى سەۋەب، ئالامەتلەر بويىچە تەھلىل قىلىنىپ، داۋالاش تەدبىرلىرى ئىخچام بېرىلگەن. ئاخىرىدا باللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇرەككەپ دورىلار بىلەن يەككە دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش». ئاپتورى: ئۆمەرجان ئىسمائىل. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998-يىل 2-ئاي 1-نەشرى. 2001-يىل 6-ئاي 2-قېتىملىق بېسىلىشى. تىراژى: 915—6081. 121 بەت.

بۇ كىتابتا راك كېسەللىكلىرى، قان بېسىم كېسەللىكلىرى، ئۆپكە، بۆرەك، يۈرەك كېسەللىكلىرى، پالەچ كېسەللىكى قاتارلىق داۋالاش نىسبەتەن قىيىن بولغان بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى ۋە بۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن، شۇنداقلا بۇ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىكى ئەڭ يېڭى، ئۈنۈملۈك رېتسېپلار ۋە داۋالاشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى كۆرسىتىلگەن.

«ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش». نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت روزىمەممەت، سالامەت روزىمەمەت، ئايگۈل روزى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 4-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 348 بەت.

بۇ كىتاب خەنزۇچە «قول-پۇتنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش»، «قولنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش»، «پۇت قىسمى رېفلېكس رايونلىرى ئارقىلىق ساغلاملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش قوللانمىسى» دېگەن ئىككى كىتابنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمدە قولنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش قىسمى يەنى بارماق، تىرناق، ئالىقانلارغا قاراپ كېسەللىك ئەھۋالىنى بايقاش، پەللىلەرنى غىدىقلاپ كېسەللىكلەرنى داۋالاش

ئىشلىتىلىش مىقدارى، چىقىش ئورنى قاتارلىق مەزمۇنلار تەرتىپ بويىچە ئىخچام بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بۇ كىتاب تېۋىپلار، ئۆگەنگۈچىلەر، تەتقىقاتچىلار، دورىگەرلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى ھەمراھىدۇر.

«جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش دەستۇرى». ئاپتورى: پەرھاد ئۆمەرجان، ئايىمك ئۆمەرجان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 4-ئاي 1-نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3904—5. چوڭ 32 كەسلەم، قاتتىق مۇقاۋىلىق. 356 بەت، 3000 تىراژدا تارقىتىلغان.

بۇ دەستۇر كۆپ ئۇچرايدىغان جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن 30 نەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، پاتولوگىيىسى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىقلار ئاممىباب ئۇسۇلدا تونۇشتۇرۇلغان.

«جەمئىي ئىلاج» (داۋالاش يىغىندىسى). نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: روزىباقى ھاجى ئابدۇۋايىت، ئەزىز ئابلىمىت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىل 10-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 2000 . 500 بەت.

بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە قىزىل، قارا سىياھلاردا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 352 بەت. قولىيازمىنىڭ باش قىسمىدا كىتاب مۇئەللىپى ھېكىم مۇھەممەت ئىبنى نۇر ئۆزى يازغان مۇقەددىمە بېرىلگەن بولۇپ، تەرجىمانلار مۇشۇ بېرىلگەن مۇقەددىمە مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ كىتابنىڭ ئاپتورىنى «مۇھەممەت ئىبنى نۇر» دەپ قارىغان. قولىيازمىنىڭ قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. ئەمما كىتاب ئاخىرىدا ئوخشىمىغان خەت نۇسخىسىدا «تارىخقا بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئوتتۇز ئالتە، شەۋۋالنىڭ ئون سەككىزى ئىبراھىم ئاخۇن قاتارلىقلار كۆرۈپ تامام قىلغان»، دېگەنلەر خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتاب: مۇقەددىمە،

ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇرۇق دورا تەركىبلىك ئاددىي رېتسېپلار ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« چۆبچىن قاتارلىق دورىلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىشى». ئاپتورى: ھاجى مۇھەممەتباقى ئالىم. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000-يىل 8-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3110 . 147 بەت.

بۇ كىتابتا چۆبچىن قاتارلىق ئۆسۈملۈك مەنبەلىك دورىلارنى تونۇش، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە بىر قىسىم چۆبچىن تەركىبلىك مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ پۈتۈن قىسمىدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ تەرىپى، ئالامىتى ۋە ئۇنى چۆبچىن قاتارلىق دورىلار بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« تاللانغان شىپالىق رېتسېپلار». تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001-يىل 4-ئاي نەشرى. تىراژى: 3110 . 339 بەت.

بۇ كىتابتا ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاددىي، ئىشلىتىشكە قولايلىق، ئۈنۈملۈك رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىدىن مىراسلار (7) ». تۈزگۈچى: تەۋەككۇل قۇربان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000 . 82 بەت.

بۇ كىتابچىدا كۆپ ئۇچرايدىغان 40 نەچچە خىلدىن ئارتۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى، سەۋەبى ۋە ھەربىر كېسەللىكنىڭ يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلىرى ھەم يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن داۋالاش ئاممىباب تىلدا تونۇشتۇرۇلغان.

« ئۇيغۇر تېبابەت رېتسېپلىرىدىن مىراسلار (8) ». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى قۇربانىنىياز. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000 . 81 بەت.

بۇ كىتابچىدا بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ داۋاسى ئاددىي رېتسېپلار ئاساسىدا شەرھلىنىش بىلەن بىرگە، نەپەسلىنىش، ھەزىم

ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمدە پۈتنى ئۇۋۇلاپ كېسەل داۋالاش قىسمى يەنى پۈتنىڭ رېفلېكسلىق رايونلىرى بويىچە كېسەللىكلەرنى بايقاش، كۆتۈنۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش قىسىملىرى كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان. بىرىنچى بۆلۈم بەش بابتىن، ئىككىنچى بۆلۈم 14 بابتىن تەشكىل تاپقان.

«سىل كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: ئابلىز ساتتار، ئامىنە جاپپار. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا سىل كېسەللىكىنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە تونۇش، ھەرقايسى ئەزالار يەنى ئۆپكە، بۆرەك، ئۈچەي، سۆڭەك، تېرىلەردە يۈز بەرگەن سىل كېسەللىكىنى تونۇش، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇللىرى شۇنداقلا سىل كېسەللىكىگە شىپالىق يەككە ۋە مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«جىگەر كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش». ئاپتورى: روزىباقى ھاجى، ئېزىز ئابلىمىت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 9-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 116 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسىدە مۇھىم دەپ قارىلىدىغان خىلىت ئىشلەپچىقارغۇچى ئەزا جىگەرنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، جىگەر مىزاجىنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىكلەر، جىگەردە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى تونۇش، سەۋەبى، ئالامىتىنى بىلىش ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، ئاخىرقى قىسمىدا مۇشۇ خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق دورىلارنىڭ شىپالىق رولى». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2003-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، تىراژى: 3000. 124 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلارنى تونۇش، ئۇرۇق دورىلارنىڭ خۇسۇسىيىتى،

يۇقىرىقى 13 پارچە كىتاب بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2005-يىلى 1-قېتىم نەشر قىلىنغان. ھەربىر كىتابنىڭ تىراژى: 3000 .

بۇ كىتابلاردا ئۆز نامى بويىچە بېرىلگەن كېسەللىكلەرنى تۈرلەر بويىچە تونۇش بېرىلىپ، سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇللىرى ئاددىي، ئىخچام تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە شۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان بىمار دىققەت قىلىدىغان ئىشلار كۆرسىتىلگەن.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش» . ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم ئەخمەت. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (K) 2004-يىل 2-ئاي 1-نەشرى، 10-ئاي 1-بېسىلىشى. تىراژى: 3000 . 240 بەت.

بۇ كىتابتا تېرىنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، فىزىئولوگىيىسى، تېرە مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە خىلتلار نورمالسىزلىقىدىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنى تونۇش بېرىلىپ، ئۇنىڭ سەۋەبى، ئالامىتى، داۋالاش ئۇسۇلى ۋە تېرە كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورا نۇسخىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى يېڭى تېپىلغان مەخپىي رېتسېپلار» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2004-يىل 3-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5070 . 78 بەت.

بۇ كىتابتا ئەسىرلەردىن بۇيان ئاشكارىلانمىغان، ئەمما كلىنىكىلىق تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن بىر قىسىم رېتسېپلار جەمئىيلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان.

« دانلىق زىرائەتلەرنىڭ شىپالىق رولى» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 2003-يىل 7-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000 . 194 بەت.

بۇ كىتابتا بۇغداي، ماش، پۇرچاق، قوناق قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر توغرىسىدا تونۇش، تەركىبلىرى ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلىپ، ئۇلار شىپا بولىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئاددىي رېتسېپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

ۋە ئومۇمىي بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش چارىلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش مەجمۇئەلىرى » :

1. « جىگەر، ئۆت، تال كېسەللىكلىرى » (264 بەت).

2. « بۆرەك، دوۋساق، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى » (155 بەت). ئاپتورى: ئەكبەر مۇھەممەت.

3. « مەقئەت كېسەللىكلىرى » (134 بەت).

4. « كۆز كېسەللىكلىرى » (184 بەت). ئاپتورى: توختى روزى داۋۇت.

5. « يۈرەك كېسەللىكلىرى » (137 بەت). ئاپتورى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى.

6. « قۇلاق ۋە بۇرۇن كېسەللىكلىرى » (100 بەت). ئاپتورى: مۇھەممەتجان ئابلا.

7. « قان ۋە قان تومۇر كېسەللىكلىرى » (94 بەت). ئاپتورى: مۇھەممەتجان ئابلا.

8. « كاناي، ئۆپكە ۋە كۆكرەك پەردە كېسەللىكلىرى » (156 بەت). ئاپتورى: ئابلىمىت ئابدۇقادىر

9. « ئاياللار كېسەللىكلىرى » (183 بەت). ئاپتورى: خەلچەم ئەمەت، مەغپىرەت ئابدۇۋەلى.

10. « قەنت سىيىش كېسەللىكى » (86 بەت). ئاپتورى: ئابدۇلھەمىد ئەلى ھاجى.

11. « ئاشقازان كېسەللىكلىرى » (150 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

12. « بالىلار كېسەللىكلىرى » (180 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

13. « كالپۇك ۋە ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى » (140 بەت). ئاپتورى: نۇرمۇھەممەت نۇرەخمەت.

سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوزى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، پەرھىزى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغاندىن سىرت ھەربىر كېسەللىكنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە نامى بېرىلگەن.

« 100 كېسەللىككە 1000 رېتسېپ» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، ئابدۇكېرىمجان تۇرسۇنتوختى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 6-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 280 بەت.

بۇ كىتابتا خەلق ئارىسىدا كۆپ ئۇچرايدىغان 100 خىل كېسەللىكنىڭ سەۋەب، ئالامەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەربىر خىل كېسەللىككە شىپالىق 10 خىلدىن رېتسېپ بېرىلگەن.

« ئۇيغۇر تېبابىتىدە مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش» . ئاپتورى: ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ھەسەنجان قاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 900 بەت.

بۇ كىتابتا ماددىلىق مىزاج بۇزۇلۇشتىن بولغان كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك نەزەرىيىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ داۋالاش پرىنسىپلىرى ھەم كۆپ خىل رېتسېپلار بىلەن داۋالاشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا داۋالاش جەريانىدىكى پەرۋىش قائىدىلىرى ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان.

« ھايۋانات ئەزالىرى بىلەن كېسەللىكلەرنى داۋالاش» . ئاپتورى: تەۋەككۇل قۇربان. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 8-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 210 بەت.

بۇ كىتابتا دورىلىق قىممىتىگە ئىگە ھايۋانات ئەزالىرى ھەم ئۇلار ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر بىلەن رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان.

« ئاياللار كېسەللىكلىرىنى يېمەكلىك بىلەن داۋالاش» . ئاپتورى: مەغپىرەت ئابدۇۋەلى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 2-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. 120 بەت.

بۇ كىتابتا ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان 36 خىل كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىك تەرىپى بېرىلىپ، شۇ خىل كېسەللىككە شىپالىق يېمەكلىك

« گۈل-چېچەك تۇرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىپالىق رولى» . شىنجاڭ پەن-تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى (W) 1999-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 5000. 109 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان گۈل-چېچەك تۇرىدىكى دورىلار تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ تەسىر، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، گۈل-چېچەك تەركىبلىك ئاددىي رېتسېپلار تونۇشتۇرۇلغان.

« تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر (3) — تۇرلۇك كېسەللىكلەر پەرۋىشى» . تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070 . 184 بەت.

بۇ كىتابتا كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇللىرى ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بىمارلارغا يېمەك-ئىچمەك، تۇرمۇش ئادىتى، روھىي ساغلاملىق، ھەرىكەت ئۇسۇللىرىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار ۋە كېسەللىككە ماس بولغان كۈتۈنۈش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان.

« تۇرمۇش ۋە سالامەتلىككە دائىر بىلىملەر (4) — ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقاتىدىن تەرمىلەر» . تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر ئابدۇۋايىت، ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003-يىل 5-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3070. 186 بەت.

بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تېبابەت ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە كلىنىكا، دورىگەرلىك تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلمىي نەتىجىلەر، ماقالە ۋە ئەسەرلەر تونۇشتۇرۇلغان.

« ھازىق» (داۋالاش قوللانمىسى) . ئاپتورى: ئەجمەلخان. تەرجىمە قىلغۇچى: مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004-يىل 6-ئاي 1-نەشرى، 2005-يىل 8-ئاي 1-قېتىم بېسىلىشى. تىراژى: 3000 . 627 بەت.

بۇ كىتابتا كۆپ ئۇچرايدىغان 300 خىلدىن ئارتۇق كېسەللىك تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تەبىرى،

پىشۇرغۇچى، سۇرگۇچى دورىلار مىزاجىنىڭ غەيرىي تەبىئىي ئۆزگىرىش ھالەتلىرى بويىچە ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈلۈپ، ماس كېلىدىغان خام دورىلارنىڭ ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە، ئىنگلىزچە نامى، تونۇش ئۇسۇلى، ئاساسلىق خىمىيىلىك تەركىبى، فارمافولوگىيىلىك تەسىرى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىدىغان كېسەللىكلەر، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى، زىيانلىقى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى، ئىشلىتىش مىقدارى، مۇرەككەپ دورا ياسالمىسى نامى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسمىدا دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەت ئېتىبارى بويىچە ياللۇغ قايتۇرغۇچى، تومۇرلارنى ئاچقۇچى، قىزىتما قايتۇرغۇچى، ئىششىق قايتۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار؛ تاش پارچىلىغۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تەرەتنى راۋانلاشتۇرغۇچى، قۇرت ئۆلتۈرگۈچى، ھەيز راۋانلاشتۇرغۇچى، ئاغرىق قوزغىتىپ تەرلەتكۈچى، نەپەس راۋانلاشتۇرغۇچى، ئاغرىق پەسەيتىپ تىنچلاندۇرغۇچى، توختاتقۇچى دورىلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. يەنە تېرە كېسەللىكىگە ئىشلىتىلىدىغان، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدىغان دورىلار يۇقىرىقى تەرتىپلەر بويىچە تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ھەربىر خىل خام دورىنىڭ رەڭلىك رەسىمى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوزتىكا ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. تۈزگۈچىلەر: ئابلىمىت ئابباس، روقىيە قاۋۇز، پولات زىيادان، ھاجى باقى ئالىم، ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 4000. 600 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمغا ئايرىلغان. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى دىئاگنوزتىكا ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچىلەر بېرىلىپ، ئارقىدىن ئۇيغۇر تېبابىتىدە كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، سوراپ تەكشۈرۈش مەزمۇنلىرى ھەرقايسى ئەزا سىستېمىلار بويىچە كونكرېت تونۇشتۇرۇلغان، ئاندىن

رېتسېپلىرىنىڭ خۇرۇچى، ياساش ئۇسۇلى، شىپالىق رولى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى پىششىق دورىلار ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۇمەر. تۈزگۈچىلەر: ئوبۇل تۇردى، ئېلى ھاجى قۇربانىنياز، تۇنساگۈل مەتقاسىم. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى 4000. 800 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا، ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان پىششىق دورا ياساللىرى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلگەن. مەخسۇس قىسمىدا، 1000 خىل ئەتراپىدا پىششىق دورا رېتسېپلىرى كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ نامى (نام مەنىسى)، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، ئىشلىتىلىش مىقدارى، ئۇسۇلى، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى خام دورا ئىلمى» (2 قىسىم). باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۇمەر. تۈزگۈچىلەر: رۇقىيەم سادىق، ئوبۇلقاسىم مەتسىدىق، تۇرنساگۈل مەتقاسىم، ئابدۇللا ئابدۇرېشىت، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، زاھىدە، غالىب تۇردى، ئەركىن قاسىم.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىكى خام دورا ئىلمىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەرەققىياتى، خام دورا ئىلمىنىڭ دائىرىسى، ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى، خام دورىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، چىقىش ئورنى، يىغىۋېلىش-ساقلاش ئۇسۇللىرى، ساقلىنىش ۋە ئۇنۇم بېرىش مۇددىتى، خام دورىلارنى ئاددىي ئۇسۇلدا پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى، خام دورىلارنى تەبىئەت خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئايرىش پرىنسىپلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىمدا، كېسەللىك ماددىسىنى تەڭشىگۈچى،

1-بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3943—6. 16 كەسلەم، 28.375 باسما تاۋاق. تىراژى: 3500.

«ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمى» — ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ باشقا ئاساسىي پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكى، ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىنىش ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى كلىنىكا پەنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، كېسەللىكنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، كېسەللىنىشنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى، كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرى، كېسەللىكلەرنىڭ دەۋرى، كېسەللىكلەرنىڭ ئاقىۋىتى، مىزاج بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، پۈتۈنلۈك بۇزۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، غەيرىي خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ كېسەللىنىش قانۇنىيىتى دەپ ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تەرىپى، كېسەللىك سەۋەبى ۋە كېسەللىنىش قانۇنىيىتى، كېسەللىك ئۆزگىرىشىنىڭ كلىنىكا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى،

كـۆپ ئـۇچـرايـدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرى بېرىلگەن. مەخسۇس قىسىمدا بەدەن تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن: تۇتۇپ تەكشۈرۈش، تومۇر تـۇتۇپ تەكشۈرۈش، چېكىپ، تىڭشاپ، پۇراپ، قاراپ تەكشۈرۈش ئـۇسـۇلـلـىـرى؛ شۇنداقلا باش، بويۇن، كۆكرەك قان ئايلىنىش سىستېمىسى، قورساق قىسىم، تاناسىل ئەزالار، مەقئەت، تۇز ئۇچەي ئومۇرتقا كۆۋرۈكى ۋە تۆت مۇچە، نېرۋا سىستېمىسى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشنىڭ ئەمەلىي مەشغۇلات قائىدە-ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا كېسەللىك تارىخىنى يېزىشنىڭ شەكلى ۋە مـەزمـۇنـى، بالنىستتا يېتىش جەريانىدىكى كېسەللىك تارىخى، ئامبۇلاتورىيە كېسەللىك تارىخىنى يېزىشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورا تېخنولوگىيە ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تـۇرغـۇن ئـۆمـەر. تـۈزگۈچىلەر: ئابدۇقەييۇم مەتشېرىپ، يۇسۇپ ئەخمەت، مۇيەسسەر تۇرسۇن، روقىيەم سادىق. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 12-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 4000. 400 بەت.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىيالى بولۇپ، بۇنىڭدا دوراسازلىق ئـىـلـمـى تـوغرىسىدا چۈشەنچە، دوراسازلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىيات ئـەھـۋالـى، ئۇيغۇر تېبابەت دورا ياسالما شەكىللىرىنىڭ ھەرقايسى تـۈرلـىـرى، دورا تەڭشەش ئاساسىي بىلىملىرى، دورا ياسالمىلىرى گېگىنىسى، ھەر خىل دورا ياسالما شەكىللىرىنى تەييارلاش ئۇسۇلى، ئۆلگىلىك رېتسېپ مىساللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دوراسازلىق ئىلمى تەجرىبە يېتەكچىسى قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى كېسەللىكنىش قانۇنىيىتى ئىلمى». ئۇيغۇر تـېـبـابـىـتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تـۈزگـۈچـى: تـۇرغـۇن ئـۆمـەر. مـۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەت، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، ھەسەنجان قاسىم. شـىـنـجـاڭ خـەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى

ISBN7—5372—3889—8 . 16 كەسلەم. تىراژى: 4000 .

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ؛ ئومۇمىي قىسىمدا ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، ئىچكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش پرىنسىپى، ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسمى ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيىسى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى دەپ ئىككى بابقا بۆلۈنۈپ، رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى — مېڭە، يۈرەك، جىگەر كېسەللىكلىرى؛ خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى — نېرۋا كېسەللىكلىرى، كاناي، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، كۆكرەك پەردە كېسەللىكلىرى، قىزىلئۆڭگەچ ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، بوغۇم كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچكى بۆلۈم كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن بىر قىسىم رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن تۈزگۈچىلەر: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، پاتىگۈل ئوسمان، تۇرغۇن ئۆمەر، قەيسەر ھاجى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، مۇھەممەتئېلى مەھمۇدى، ھەبىبۇللا ئەلى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب

نومۇرى: ISBN7—5372—0086—6 . 16 كەسلەم، تىراژى: 4000 .

تۇرسۇن توختى ھاجى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—0010—6. 16 كەسلەم، تىراژى: 4000.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ئۇيغۇر تېبابىتى تاشقى كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەزا تەلىماتى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمىي ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئىككى بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاشقى كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭلىك رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇلھەمىد مۇھەممىدى، ئەكبەر مۇھەممەت، ئەلى ھاجى قۇربانىياز، پاتىگۈل ئوسمان، پولات زىيادان، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى، مەغپىرەت ھەبىبۇللا، ئوبۇل ھەسەن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005 - يىل 3 - ئاي 2 - نەشرى، 1 - قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى:

4000 .

«ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى» — كېسەللىكلەرنى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا كىلىنىكا پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت ئىلمى بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمىدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئاياللار جىنسىي ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە خىزمىتى، ھامىلىدارلىق فىزىئولوگىيىسى، ھامىلىدارلىقتا دىئاگنوز قويۇش ۋە ھامىلىدارلىق دەۋرىدىكى تەكشۈرۈش، نورمال تۇغۇت ۋە چىللە، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى پەرۋىش قىلىش، ھامىلىدارلىق پاتولوگىيىسى، تۇغۇت كۈچىنىڭ نورمالسىزلىقى، تۇغۇت يولىنىڭ نورمالسىزلىقى، ھامىلىنىڭ نورمال بولماسلىقى، ھامىلىدارلىق دەۋرىدە قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر، تۇغۇت دەۋرىدە قوشۇلۇپ كېلىدىغان كېسەللىكلەر، چىللە مەزگىلىدىكى نورمالسىزلىق ۋە ئۇنى كۈتۈش، تۇغۇت بۆلۈمىدە دائىم قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار ۋە ئوپېراتسىيىلەر، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئىككىنچى قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، ئاياللار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەرۋىش قىلىش، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، تاشقى جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، ئىچكى جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىر كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر

كېسەللىكلەرنى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى، دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا كلىنىكا پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرى، يۇقۇش ۋە تارقىلىش جەريانى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالامىتى ۋە دىئاگنوزى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم تارقىلىشچان زۇكام، كۆكيۆتەل قاتارلىق 38 خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، تارقىلىش ئالاھىدىلىكى، يۇقۇش مەنبەسى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش پرىنسىپى، داۋالاش ئۇسۇلى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى تۇغۇت-ئاياللار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، خەلچەم ئەمەت، مەينىگارخان ھاجى، مەغپىرەت ئابدۇۋەلى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3888—X . 16 كەسلەم. تىراژى:

تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۈمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەت نىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت هاجى، ئەكبەر مۇھەممەت، تۇرغۇن ئۈمەر، مۇتەللىپ ئەلى هاجى، مەلىكە مەتنىياز، مەمەتجان رشات، نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا هاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 1-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3776—X . 16 كەسلەم تىراژى: 4000.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىق قىلىش دائىرىسى، ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، بالىلارنى ئوزۇقلاندۇرۇش، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، بالىلار كېسەللىكلىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان ئالامەتلەر، بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ دىئاگنوزى، بالىلار كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەرۋىش قىلىش، بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاش قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئەزا تەلىماتى بويىچە رەئىس ئەزا كېسەللىكلىرى، خادىمى ئەزا كېسەللىكلىرى، غەيرىي خادىمى ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق ئۈچ بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى تونۇشتۇرۇلغان. دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۈمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچى: مۇھەممەتقاسىم ئوبۇلھەسەن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 3-ئاي 1-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى.

قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى». باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر، مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە): ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ئەكبەر مۇھەممەت، ئەنۋەر ئابابەكرى، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 1-ئاي 2-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3776—X. 16 كەسلەم، تىراژى: 4000.

ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى — ئۇيغۇر تېبابىتى كلىنىكا پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى، ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ئۇيغۇر تېبابىتى بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋەبلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم كۆز كېسەللىكلىرى، قۇلاق كېسەللىكلىرى، بۇرۇن كېسەللىكلىرى، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى، يۇتقۇنچاق ۋە كېكىردەك كېسەللىكلىرى قاتارلىق بەش قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ھەربىر قىسمى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرنەچچە خىل كېسەللىكنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كېسەللىكنىڭ تونۇشى، سەۋەبى، ئالامىتى، دىئاگنوز ئاساسى، سېلىشتۇرما دىئاگنوزى، داۋالاش پرىنسىپى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەش ئەزا كېسەللىكلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، دىئاگنوز قويۇشقا ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن، شۇ خىل كېسەللىككە مۇناسىۋەتلىك رەڭسىز رەسىملەر قىستۇرما قىلىنغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى بالىلار كېسەللىكلىرى ئىلمى». ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش

تېبابەت دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ باشقا دورىگەرلىك پەنلىرىگە نىسبەتەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بۇ دەرسلىك ئومۇمىي قىسىم ۋە مەخسۇس قىسىمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن. ئومۇمىي قىسىمدا ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ دورا ئۈنۈمىگە بولغان تەسىرى، دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قوشۇمچىلار، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى، دورىلارنى لايىقلاشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنىلەر قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

مەخسۇس قىسىم ساپلاشتۇرۇش، توغراش، قورۇتۇش، قورۇش، كۆشتە قىلىش، مېيىنى ئېلىش، ئۇسارىسىنى ئېلىش، روببىنى ئېلىش، ئېكەكلەش، سۈتكە چىلاش، نەمدەش، داغلاش، ئىسلاش قاتارلىق 14 بابقا بۆلۈنۈپ، ھەربىر بابى ئۆز نۆۋىتىدە بىرنەچچە پاراگرافقا بۆلۈنۈپ سۆزلەنگەن.

---

تۇرغۇن ئۆمەر 1951-يىل 22-ئاۋغۇست لوپ ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968-يىل 9-ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1972-يىل 12-ئايدىن 1974-يىل 12-ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1975-يىل 1-ئايدىن 1984-يىل 4-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ چۇمادىن مۇداپىئە كۆرۈش بۆلۈمى ۋە لابوراتورىيە بۆلۈمىدە كەسپىي



كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3865—0 . 16 كەسلەم، تىراژى: 3500 .

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى» — ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان دەرسلىكلەرنىڭ بىرى.

بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، دورىگەرلىك كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا تونجى ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك پەنلىرىنىڭ بىرى. مەزكۇر دەرسلىكتە ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىك خىمىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى ئاجرىتىپ ئېلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئايرىش، بىئولوگىيىلىك، ئىشقارلىق گلۇكوزىدلار، كومارىن، پىگنىن ۋە ئۇنىڭ گلۇكوزىلىرى، فىلاۋون ۋە ئۇنىڭ گلۇكوزىلىرى، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۇكوزىلار، يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى گلۇكوزىدلاردىن ئەمەلىي مىسال؛ تېرپېنلار ۋە ئۇچۇچان مايلار، ساپونىن گلۇكوزىدلىرى، ھايۋانات دورىلىرىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، مەدەن دورىلارنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنىڭ شىپالىق تەركىب تەتقىقاتى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان.

«ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى» . ئۇيغۇر تېبابىتى ئالىي تېخنىكوم مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. باش تۈزگۈچى: تۇرغۇن ئۆمەر. مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئارىپ مۇھەممەتنىياز، ئەلى روزى. تۈزگۈچىلەر (ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) : ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت ھاجى، ئابدۇرېھىم ئابدۇكېرىم، ئابدۇقەييۇم مەتشېرىپ، مۇتەللىپ ئەلى ھاجى ئەمچى، مەلىكە ئىمىن، يۈسۈپ ئەخمەت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل 7-ئاي 1-نەشرى، 1-قېتىم بېسىلىشى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3943—7 . 16 كەسلەم، تىراژى: 3500 .

ئۇيغۇر تېبابىتى دورىلىرىنى لايىقلاشتۇرۇش ئىلمى — ئۇيغۇر

دەرسـلىك يوق شارائىتتىمۇ ياخشى تەييارلاپ، ئالتە قارار تىببىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتكەن.

1991- ۋە 1992-يىـللىرى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجا، قەشقەر، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس ۋە دورا سايمان ستاتىستىكا كۇرسلىرىغا بېرىپ دەرسلىك قوللانمىسى تەييارلاپ، دەرس ئۆتكەن ھەمدە «نوپۇس ستاتىستىكىسى ۋە نوپۇس پىلانى» ناملىق كىتابنى خەنـزۇچـىدىـن تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. 1996-يىلى «مەملىكەتلىك باشلانغۇچ سەھىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار خىزمەتچى» شەرىپىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان. 1993-يىلىدىن 1996-يىلىغىچە «ۋابـانـىڭ تارقىلىش كۆلىمىنى تىزگىنلەپ، ئۆلۈش نىسبىتى ۋە دۆلەت، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تۆۋەنلىتىش» كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسپداشلار بىلەن بىرلىكتە «خوتەندە تارقالغان خـولېرا كېسەللىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش تـەدبـىرى تـەتقىقاتى» تېمىسىنى ئىشلەپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پـەن-تـېـخنىكا ئىلگىرىلەش 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى ئۇيۇشتۇرغان ئاپتونوم رايوننىڭ «تـارقـىلىشچان كېسەللىكلەر ئىلمى»، «مەملىكەتلىك سېستىرالار كەسپىي ئىمتىھان پروگراممىسى ۋە سوئاللار توپلىمى» ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلىشقا قاتناشقان.

تۇرغۇن ئۆمەرنىڭ خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تـېخنىكومىغا ئالماشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەسپداشلار بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكوملىرىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد دەرسلىك كىتابنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، 2002-يىلىدىن 2005-يىلى ئاخىرىغىچە 20 پـارچـە دەرسـلـىك كىتابنىڭ باش تۈزگۈچىسى بولۇپ، يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇشتىن نەشردىن چىقىشقا قەدەر بولغان جەريانلارغا كۆپ ئەجر سىڭدۈرۈپ، مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا

خادىم، 1986-يىل 9-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1990-يىل 1-ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتى چوڭلار مائارىپى كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇغان (2000-يىل 9-ئايدىن 2003-يىل 7-ئايغىچە شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سەھىيە باشقۇرۇش كەسپى ئاسپىرانتلىق سىنىپىنى پۈتتۈرگەن). 1990-يىل 3-ئايدىن 1994-يىل 3-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، شۇجى، مۇدىر؛ 2001-يىل 2-ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك سەھىيە باشقارمىسىدا باشقارما باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 2001-يىل 2-ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

تۇرغۇن ئۆمەر 30 نەچچە يىللىق سەھىيە خىزمەت تارىخىدا ئۆز كەسپىگە ئەقىدە باغلاپ، ئىزچىل ئىزدىنىپ، كۆپلىگەن ئىلمىي نەتىجە ۋە شەرەپلەرگە ئېرىشكەن. خوتەن ۋىلايەتلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئىشلىگەندە، خوتەن تەۋەلىكىدىكى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ گۇما ناھىيىسىنىڭ تورغۇن دەرياسىدىن باشلاپ، چەرچەننىڭ تاش پاختا كانلىرىغىچە بولغان مۇساپىسىنى 1976-يىل 4-ئايدىن 8-ئايغىچە ئات-ئۇلاغ بىلەن كېزىپ، تاغ تەۋەلىكىدىكى تەبىئىي كېسەللىك مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىققان ھەمدە «چۇمادىن مۇداپىئە كۆرۈش — داۋالاش قوللانمىسى»ناملىق كىتابنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، سەھىيە مىنىستىرلىقى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئىشلەش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن خوتەن تېببىي مەكتىپىنىڭ قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، تېببىي خىمىيە، مىكروبىئولوگىيە، سەھىيە ستاتىستىكىسى، دىئاگنوز ئىلمى، گىگىېنا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئىلمى قاتارلىق پەنلەرنى ئۇيغۇرچە

تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. 2002-يىل 11-ئايدا جۇڭگو تىببىي ئالىي مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا؛ 2003-يىل 3-ئايدا «جۇڭگو دورىگەرلىك يىلنامىسى» تەھرىر ھەيئىتى ئەزالىقىغا؛ 2003-يىلى جۇڭگو جۇڭيى تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك كېڭىشىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىقىغا؛ 2005-يىلى «جۇڭگو مىللىي تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ژۇرنىلى» نىڭ مۇئاۋىن مۇھەررىرلىكىگە؛ 2005-يىلى دۆلەتلىك جۇڭيى تىببىي-دورىگەرلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى دوختۇرلۇق سالاھىيەت ئىمتىھانى ئېلىش كومىتېتىنىڭ سوئال چىقىرىش-تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان.

**«ئۇيغۇر تىبابەت جەۋھەرلىرى» (3-قىسىم). تۈزگۈچى: ئامىر ئابدۇقادىر. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2005-يىل نەشرى. بۇ كىتابتا ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى ئەڭ مۇكەممەل داۋالاش تەجرىبىلىرى ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار كېسەللىكلەر تۈرى بويىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.**

---

ئامىر ئابدۇقادىر 1982-يىل 25-ئۆكتەبىر لوپ ناھىيە دول يېزا قوغاچئېرىق كەنتىدە دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1990-يىلدىن 2000-يىلغىچە لوپ ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومىنىڭ داۋالاش كەسپىنى تۈگىتىپ، 2004-يىلدىن بېرى مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئالىي



چىقارغان. ئۇ 1983-يىلدىن باشلاپ، ئاتاقلىق تىۋىپ ئەمەت هاجىمنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك نەزەرىيىسى ۋە داۋالاش-دورا تەييارلاش ئەمەلىي بىلىملىرىنى ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئالىي مەرىپەت بىغىدا تىخمۇ بىيىتىپ، 15 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ، خەلقئارالىق، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئالماشتۇرغان ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان.

2003-يىل 8-ئايدا «ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئۇستىدە ئىزدىنىش» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى خەلقئارالىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلغان.

2003-يىلدىن 2005-يىلغىچە «WTO نىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر تىبابەت دەرسلىكىنى تۈزۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر»، «نۇقتىلىق پەنلەر قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا»، «دەرسلىك ماتېرىيال سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئالىي مائارىپىنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە - ماقالە باھالاش يىغىنلىرىدا ئوقۇلغان ۋە تەتقىقات تېمىسىغا ئايلانغان ھەمدە ئۈچ پارچىسى 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

2004-يىلى «مەخسۇر ھاجىمنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن رېتسېپلىرى»، «ستۇدېنتلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش يېتەكچىسى» دېگەن كىتابىنىڭ نەشرىياتقا سۇنۇشتىن ئىلگىرىكى تەھرىرلىكىنى ئىشلەپ، نەشردىن چىقىشقا تۆھپە قوشقان. تۇرغۇن ئۆمەر 2002-يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي

جەھەرلىرى» (مۇھەممەتسەيدى)، «شىپايىلقۇلۇپ»، (ئابدۇرېھىمجان)، «مۇفرىدات» (ئابدۇلھەمىد)، «ئۇيغۇر تېبابىتى ئەمەلىيىتى» (سىراجىدىن ئەھمەت)، «تېبابەت ھېكايىلىرى» (ئوردۇچە، ئابدۇخالىق ھاجى ئىسمايىل تەرجىمىسى)، «ئۇيغۇر تېبابەت قوللانمىسى» (تۇردى ھاجىم، ھاجى باقى ئالىم يازغان) ۋە باشقا مۇھىم كىتابلارنى تەھرىرلەشكەن قاتناشقان. ئۇنىڭ يەنە ھازىرغىچە: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش توغرىسىدا»، «زىبۇزىنىدەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنىڭ سالامەتلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 2004~2005-يىللىق پەن-تېخنىكا ژۇرناللىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر» بولۇپ باھالانغان.

تۆۋەندىكى تېبابەت ئۇستازلىرىنىڭ يەنە بىر قىسىم قولىيازمىلىرى (كىتابلىرى) ۋە مەخسۇس چوڭ ھەجىملىك ماقالىلىرى جامائەتچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلغان ياكى نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ:

ئېلىخان ھەزرىتىم: «ئۇيغۇر تېبابىتى ئاناتومىيىسى»، «ئالدىمىزدىن ئۆتكەن تەكرار كېسەللىك دورىسى»، «تېبابەتچىلىكنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى».

ئابدۇلھەمىد مۇھەممىدى: «ئۇيغۇر تېبابىتى ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى تېخنىلوگىيىسى» (دەرسلىك)، «سۇراھ لۇغىتى» (ئەرەب، پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان)، «قارابادىن قادىرى» (پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان).

تۇردى مۇھەممەد ئاخۇنۇم: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى» (تولۇقلىما نۇسخا).

ئەمەت ھاجى: «داۋالاش قوللانمىسى».

تېخنىكومى ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلغان «ئىپارمىزاجىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى 2003-يىللىق خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك-دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا تاللاپ ئوقۇلۇپ 3-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان، مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلغان. «بىمارلارغا پەرھىز تۇتقۇزۇشنىڭ ئىلمىي ئاساسىي ۋە مۇۋاپىق ئورۇنلاندۇرۇش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى، 2001 ~2005-يىللىق 2-دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىكنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ۋە ئۇنى ئېچىش يولى» (خەنزۇچە) سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىسى «2005-يىلى 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللىي تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، «جۇڭگو مىللىي تېبابەتچىلىك ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى»دا تاللاپ ئوقۇلۇپ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ھەم مۇكاپاتلانغان. «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك — دورىگەرلىكى ۋە ئۇنىڭ شانلىق كەلگۈسى» سەرلەھىلىك ئىلمىي ماقالىسى 2005-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىلا ئۇيغۇر تېبابىتى كلاسسىك ئەسەرلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، «تەركىزەئى لوقمان ھەكىم ۋە خەزائىنۇل ئەفلاتون» (چاغاتايچە)، «مەخزىنۇل ھېكمەت» «بىيازى كەبىر» قاتارلىق ئوردۇچە كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان. «پىسخىكا تېببىي مەسلىھەتچىسى»، «ئۇيغۇر تېبابەت جەۋھەرلىرى» (3-قېتىم) ناملىق كىتابلارنى تۈزگەن. پراكتىكا جەريانىدا نەشرىياتنىڭ تەكلىپى بىلەن «ھاياتلىق دەستۇرى» (ھاجى باقى ئالىم)، «مەخزىنۇل رەككىبات» (ھاجى ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى)، «تېرە كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» (ئوبۇلقاسىم ئەخمەت)، «ئۇيغۇر تېبابەت

# بۈگۈنكى زامان تەزكىرە كىتابلىرى

«بۇددا ئېلى — ئۇدۇن». ئاپتورى: لى يىنپىڭ. ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 - يىل 8 - ئاي نەشرى.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇزۇن يىل خوتەننىڭ ئاسارئەتىقە ساھەسىدە ئىشلەپ، مول تارىخىي ماتېرىياللار ۋە تېپىلمىلارنى تەتقىق قىلىشتەك ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆرنەكلىك پاكىتلار بىلەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، كىتابنى بىرقەدەر يۇقىرى تەتقىقات قىممىتى ۋە ئورىگىناللىق قىممەتكە ئىگە قىلغان.

«خوتەندىكى قەدىمكى ئىزلار». ئاپتورى: نىزامىدىن توختى. ژانىرى: تەزكىرە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى. كىتابتا خوتەن رايونىدىكى ئاساسلىق ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

«ئانار ماكانى — پىيالما». ئاپتورى: ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن. ژانىرى: ئەدەبىي ئاخبارات، داستان، تەزكىرە توپلىمى. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999- يىل 11- ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 185 بەت، تىرارژى: 2000.

قىسقىچە مەزمۇنى: گويا ناھىيىسىدىكى پىيالما خەلقىنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ بەخت سۈيى ھەل قىلغانلىقى، ئانارچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇتقانلىقى

ئوسمان ھاجى مۇھەممەتنىياز: «ئەلئەدۋىيە تۇل كاشغەر، ۋەل خوتەن ئەلا ئەمرازى ئەۋلادىل ۋەتەن» (قەشقەر، خوتەن داۋاسى، ۋەتەن ئەۋلادىغا شىپاسى).

مەخسۇت نۇرۇللا: «تىببىي ئاناتومىيە»، «تىببىي خۇلاسە» (يېڭى رېتسېپلار توپلىمى)، «تاشقى كېسەللىكلەر ھەققىدە تەتقىقات»، «سەرئان (راك) كېسەللىكى ھەققىدە تەتقىقات»، «مىزانى تىب» (تەرجىمە).

ئابدۇساتتار ئاخۇن: «شىيائۇل ئەۋدىيە» (دورىلارشىپاسى).

باقى يۇسۇپ: «ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىچكى كېسەللىكلەرنى داۋالاش».

ئابدۇرېھىمجان: «شىپايىلقۇلۇپ» (ئوردۇ تىلىدىكى بۇ ئەسەرنى ئىخچاملاپ تەرجىمە قىلىپ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان).



ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان. باش مۇھەررىرى: سۇن بىلق، مەسئۇل مۇھەررىرى لۇ خەيشەن. جۇڭجۇ قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 2002 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5348 — 1821 — 4K/838. تىراژى: 5000.

كىتاب خوتەن تارىخىدىن ئومۇمىي بايان؛ خوتەننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات تارىخى ۋە ئالاھىدە ئىگىلىكى؛ خوتەننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخى؛ خوتەننىڭ مىللەتلەر تارىخى؛ خوتەننىڭ دىن تارىخى؛ خوتەننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخى؛ خوتەننىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشى تارىخى؛ خوتەننىڭ تىل - يېزىق تارىخى؛ خوتەندە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر قاتارلىق توققۇز بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، خوتەننىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات تارىخى خېلى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئاجايىپ كۆنلەر». ئاپتورى: ز. ئى. كازىم. ژانىرى: ئەسلىمە. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 290 بەت.

ز. ئى. كازىم بۇ كىتابىدا سەنئەتكار، مەدەنىيەت تەشكىلاتچىسى، مائارىپچى ئانىسى مەرھۇم ھاجى خانىمنىڭ خوتەننىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ياد ئەتكەن. ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆزىنى ۋەتەن، خەلققە بېغىشلاش جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن تولىمۇ ئەگرى - توقاي يوللىرى ۋە بۇ يوللاردا كۆرگەن «ئاجايىپ كۆنلەر» نى ئىنچىكە، جانلىق بايان قىلغان. بۇ كىتاب خوتەننىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئىدىيە - ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى كىتابتۇر.

---

جامائەت ۋە مەدەنىيەت ئەربابى ز.ئى. كازىم 1933 - يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان شەھرىدە تۇغۇلغان. 1934 - يىلى ئانىسى

داستـــان، ئــەدەبـــي ئاخبارات، سۈرەت، تەزكىرە شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

---

ئوبۇلقاسىم تۇرسۇن 1940 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1959 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خوتەن گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن. ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، كومپارتىيە ئەزاسى، 1987 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى



تەرىپىدىن كاندىدات ئالىي مۇخبىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

ئۇ 1957 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «گۈللەنگەن يېزام»، «دېھقان شادلىقى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر، باللادا، ناخشا تېكىستلىرى ئېلان قىلىندى. 1960 - يىلىدىن باشلاپ «نۇرخاننىڭ خۇشاللىقى»، «گىلەمچىنىڭ بەختى»، «تەۋەررۈك بادام» قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېركلارنى ئېلان قىلدۇرغان. 1959 - يىلىدىن 1975 - يىلىغىچە «شىنجاڭ رەسىملىك ژۇرنىلى»، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىنى تەھرىرلىگەندە كۆپلىگەن ياش ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەسسە قوشقان.

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (和田简史). خەنزۇچە.

ژانىرى: تارىخ. شىنجاڭ «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» نى تۈزۈش

ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ئىمارەت، كىيىم - كېچەك، چاي، توقۇمىچىلىق، تاشچىلىق، سودا - تىجارەت مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى ئوت - ئاتەش ئېتىقادچىلىقى بايان قىلىنغان.

ئىككىنچى قىسمىدا، كېرىيىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ۋە خارابىلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىلگەن. كېرىيىدىكى چوڭ - كىچىك دەريا ۋە كۆللەر، قەدىمكى تېرەكلەر ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قىزىقارلىق رىۋايەتلەر تونۇشتۇرۇلغان.

ئۈچىنچى قىسمىدا، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىدىكى كېرىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى، كېرىيىدە تۇنجى قۇرۇلغان مۇزىكىلىق ساماۋەرخانا، سانايىنەپىسە، مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن مەدەنىيەت ئويغىنىشى، جاھالەتلىك دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەلنەغمە ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئىجادىي ئەمگەكلىرى تونۇشتۇرۇلغان. 1949 - يىلىدىن كېيىنكى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى يۈكسىلىشلەر، مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، شىنخۇا كىتابخانىسى قاتارلىق ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن.

تۆتىنچى قىسىم «ئۇزۇلمەس ئېقىن» ماۋزۇسى ئاستىدا، كېرىيىدە يېتىشىپ چىققان 30 دىن ئارتۇق تەتقىقاتچى، ئالىم، تىلشۇناس، شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكار، ئەلنەغمىچىلەرنىڭ تەرجىمىھالى، ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە مۇۋاپىق باھا بېرىلگەن. كىتابنىڭ باش قىسمىغا كېرىيىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە چاي (مېھماندارچىلىق) مەدەنىيىتىگە ئائىت سۈرەتلەر بېرىلگەن. ئاخىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

بىلەن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. 1938- يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە، 1943- يىلىغىچە مەكتەپ تەربىيىسىدە بولغان. 1950- يىلىدىن 1994 - يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر لوپ ناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، مەكتەپ مۇدىرى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. خەلقىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى 2004 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بەختكە قارشى 71 يېشىدا ۋاپات بولدى.

«ياڭرىدى ھەرياندا ساز». خەنزۇچە. ژانىرى: ئۇنىۋېرسال. باش مۇھەررىرى: جاۋ ۋېنديڭ، مەسئۇل مۇھەررىرى: لۇ لىن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 8 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05334 — 0/K.709. تىراژى: 3000.

بۇ خوتەن ۋىلايىتى جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى، خوتەننىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان سوۋغىسى سۈپىتىدە نەشرگە تەييارلانغان كىتاب بولۇپ، ئۇن سەھىپىگە بۆلۈنگەن. ھەرقايسى جەھەتلەر ۋە كۆپ خىل نۇقتىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 يىل، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 يىلدىن بۇيان خوتەن ۋىلايىتىدە يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ھەر خىل ژانىردىكى ماقالە، ئەسەرلەر ئارقىلىق نامايان قىلىنغان.

«ئۇزۇلمەس ئىقىن». ئاپتورى: مەمەتئەيسا قۇربان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 399 بەت.

بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، كېرىيە توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە ۋە كىچىك ماۋزۇلار ئارقىلىق كېرىيىنىڭ دېھقانچىلىق،

تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: — 228 — ISBN7 4/C.120 — 07554، 16 كەسلەم، قاتتىق مۇقاۋىلىق. 647 بەت، تىراژى: 450.

بۇ كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نوپۇسىنى 5 - قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش يەنى 100 گە يېقىن ناھىيە، شەھەر، يېزىلىق ئاھالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، ئون مىڭ 113 نەپەر تەكشۈرگۈچىنىڭ جاپالىق خىزمىتى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەنىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئىككى خىل يېزىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ نەشر قىلىنغان بۇ كىتاب ئون بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئالاھىدە ئاخباراتلار، ئاساسىي ئەھۋاللار، مىللەتلەر، يېشى، تەربىيىلىنىش دەرىجىسى، ئائىلە، ئۆلگەنلەر، ئاھالىلارنىڭ كۆچۈشى، تۇرالغۇ ئۆي، قوشۇمچە خاتىرە قاتارلىق مەزمۇن تەرتىپ بويىچە جەدۋەل، دىئاگرامما ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلغان. تەپسىلىي بولۇش — ناھىيە، يېزا بويىچە ھەربىر مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلەش بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى. كىتابنىڭ باش ۋە ئاخىرقى تىتۇلىغا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ رايون خەرىتىسى (رەڭلىك) ئايرىم - ئايرىم ئىككى خىل يېزىقتا رەڭلىك بېرىلگەن.

«مۇقەررەپشاھ غوجا». ئاپتورى: نۇرمۇھەممەد كېرىم كىلياڭى. ژانىرى: تەرجىمىھال - تارىخ. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0937 I/X، كىچىك 32 كەسلەم، 134 بەت، تىراژى: 2570.

بۇ 1867 - يىلى گۇما ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى كىلياڭ يېزىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان مۇقەررەپشاھ غوجىنىڭ تاكى 1890 - يىلىغىچە

3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى كېرىيىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ - چوڭ مەدەنىي پائالىيەت ئۇچۇرلىرى بېرىلگەن.

---

مەمەتئەيسا قۇربان 1943 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سىيەك يېزىسىدا دېھقان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1962 - يىلدىن



1966 - يىلغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1968- يىلى «قايتا تەربىيە» ئۇچۇن ئازادلىق ئارمىيە 7994 - قىسمىغا ئەۋەتىلگەن. 1970- يىلدىن 1981 - يىلغىچە «خوتەن گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇھەررىر، «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇخبىر ۋە مۇھەررىر بولغان. كېيىنكى يىللاردا كېرىيە ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن.

شائىر مەمەتئەيسا قۇربان 1962 - يىلى «شىنجاڭ پىئونېرلىرى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ياشا دەيمەن» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. «توي سوۋغىسى» ، «پەزىلەت ناخشىلىرى» ، «باللار ئەدەبىياتىدىن تالالانمىلار» ، «تىيانشان ناخشىسى» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىغا بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئۇ جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 2000 - يىللىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» （和田地区 2000 年人口普查资料）. خوتەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى، خوتەن ۋىلايىتى نوپۇس

ئىزباسارلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

كىتابنىڭ بېشىغا يەنە مەشھۇر ئۇيغۇر دارۋازلىرىنىڭ سۈرەتلىرى ۋە ئۇيغۇر دارۋازلىق تارىخىدىكى ئەمەلىي دارۋازلىق كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىممەتلىك سۈرەتلەر بېرىلگەن.

---



مەتسەيدى مەتقاسىم 1968 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تۇنجى قارارلىق ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدىلا باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا 133 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىنغان ھەمدە بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ ھازىر كېرىيە ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ جەرياندا 4000 پارچىدەك تېلېۋىزىيە خەۋىرى، 67 پارچە مەخسۇس فىلىم، 14 پارچە تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ئىشلەپ، كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى باھالاشتا ئالاھىدە نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

«خوتەن تارىخىدىن ئەسلىمە». ئاپتورى: مۇھەممەتئىمىن توختى. ژانىرى: تارىخ. خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1988 - يىل باسمىسى، 176 بەت، كىچىك 32 كەسلەم.

بۇ كىتابتا ئاپتور چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر بولغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلاردىكى خوتەن ۋاقىئاتلىرىنى، ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىنى

خەلققە سالغان ئېغىر زۇلۇم ـ ئوقۇبەتلىرى، تەرىققەت يولىنى تۇتۇپ قىلغان بىر قىسىم ياخشى ئىشلىرى تارىخىي چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغان كىتابتۇر. كىرىش سۆز، ئالتە باب ۋە ئاخىرقى سۆزدىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر راۋان بايانلىرى، ئىنچىكە ۋە ئىلمىي، تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئىچىدە بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

«ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتى». ئاپتورى: مەتسەيدى مەتقاسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 164 بەت.

بۇ كىتاب ئۇيغۇر دەرۋازلىقىنىڭ تەزكىرىسىنى تۇرغۇزۇش يولىدىكى سەككىز بابلىق قىممەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك تۇنجى ئەمگەك بولۇپ، «ئۇيغۇر دارۋازلىقى توغرىسىدا» ماۋزۇسىدىكى 1 ـ بابتا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دارۋازلىقنىڭ تارىخىي مەنبەسى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا يەنە دار مەيدانى ۋە دارنىڭ تۈزۈلۈشى بىرقەدەر ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئىككىنچى بابتا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنى تارىم ۋادىسىدىن ھالقىتىپ، مەملىكەت ۋە دۇنيا سېرك سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ئادىل ھوشۇر جەمەتىنىڭ 434 يىللىق تارىخى تونۇشتۇرۇلغان ۋە جەمەتىنىڭ بەش ئەۋلاد ــ 11 نەپەر دارۋاز ئەۋلادلىرىنىڭ پائالىيىتى ۋە دارۋازلىقتا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بابلاردا ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ 1949 ـ يىلىدىن كېيىنكى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى ــ «دارغا باغلانغان رىشتە»، «پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇر»، «تونۇلۇۋاتقان ياش دارۋازلار»، «يېتىلىۋاتقان دارۋاز ۋارىسلىرى» دېگەن سەھىپىلەر بويىچە، دارۋازلىقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، دارۋاز ئۆمەكلىرى، دارۋاز مەكتەپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر دارۋازلىقى ئۈچۈن تەشكىلاتچىلىق، يولباشچىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن ئۇستازلار ۋە

كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپارات - تارماقلار، شۆبە ھەربىي رايون، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، .ناھىيىلىك، شەھەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق ئاپپارات - ئورگانلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى، ۋەزىپىسى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ۋاقتى، يۆتكەلگەن ۋاقتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى». ژانىرى: تارىخ. بۇ، شۇ ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ، 1986 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە 16 كەسلەم ئۆلچەمدە چىقىرىلغان. 1989 - يىلىدىن باشلاپ 32 كەسلەمگە ئۆزگەرتىلگەن. دولقۇن ئابدۇرېھىم، مەمتىمىن سابىر قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان. 1993 - يىلىدىن كېيىن ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى چىقىرىش توختاپ قالغان.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يول، قاتناش تەزكىرىسى» (和田地区公路交通志). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. خوتەن ۋىلايەتلىك يول، قاتناش تەزكىرە ئىشخانىسى تۈزگەن. مەسئۇل مۇھەررىرى: شۇ چۇنچىڭ، 32 كەسلەم، 1991 - يىل بېسىلىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان. تىراژى: 500.

كىتاب توققۇز بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلار يىلنامىسى، قەدىمكى يوللار، تاشيول، قاتناش قوراللىرى، ترانسپورت، قاتناش قوراللىرى سانائىتى، باشقۇرۇش، خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيىسى، قەھرىمان - نەمۇنىچى شەخسلەر قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خوتەن سۈرەت توپلىمى». «خوتەن رەسىملىك ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى» تۈزگەن. ھەيئەت مۇدىرى: غوپۇر ئابدۇللا. باش مۇھەررىرى: شەن شىڭدې. خەلق قاتناش

دەلىل - ئىسپاتلار ئارقىلىق ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشقان.

«خوتەن تەزكىرىسى» ( 和田方志 ). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى تۈزگەن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان ژۇرنال. 16 كەسلەم.

«خوتەن تەزكىرىسى» 1985 - يىلى چىقىرىلىشقا باشلىغان. شۇ يىلدىكى ئىككى سانى «خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە خەۋەرلىرى» دېگەن نام بىلەن بېسىلغان. 1986 - يىلدىن باشلاپ ژۇرنال نامى «خوتەن تەزكىرىسى» گە ئۆزگەرتىلگەن. 1985 - يىلدىن 1992 - يىلغىچە ھەر يىلى ئىككى سان چىقىرىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن راسخوت يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن توختاپ قالغان.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدىكى تارىخىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ( 中国共产党和田地区党史事记 ). خەنزۇچە. ژانىرى: تارىخ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى تۈزگەن. مۇھەررىرى: ليۇ جىڭمىڭ، جاۋ ۋېندىڭ قاتارلىقلار. 32 كەسلەم. 1986 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلدىكى «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» بىر كىتاب قىلىپ تۈزۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

ھەر يىلدىكى «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. بىرىنچى بۆلىكى شۇ يىللىق «چوڭ ئىشلار خاتىرىسى» بولۇپ، پارتىيە، دۆلەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەندىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ مۇھىم يىغىن، قارار، چوڭ پائالىيەتلىرى، مۇھىم، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ باشلىنىش ياكى تاماملىنىش ئەھۋاللىرى، چوڭ تەبىئىي ھادىسە، تەبىئىي ئاپەت ئەھۋاللىرى قاتارلىقلار ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئېنىق، ئىخچام بايان قىلىنغان. ئىككىنچى بۆلىكى «خوتەن ۋىلايىتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىسملىكى» بولۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش خىزمەت

تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى لى جيەنجۇڭ، بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى جۇرئەت مەمتىمىن، باش مۇھەررىرى سۇن بىڭ. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1994 - يىل 10 - ئايدا نەشر قىلىپ تارقاتقان. 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80547 — 259 — 9/Z.16. تىراژى: 3000.

كىتاب خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى، ھەرقايسى ساھەلەر، كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، خوتەننىڭ ماددىي بايلىقلىرى، ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى، مىللەتلەر ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر، ساياھەتچىلىك، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئەپسانىلەر، داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە ئەسەرلىرى قاتارلىق ئون سەھىپىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«گۆھەر زېمىن — خوتەن». بۇ «قىياپەتۇل خوتەن» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. ژانىرى: ئۇنىۋېرسال. نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋە تەھرىر ھەيئەت مەسئۇللىرى خەنزۇچىسى بىلەن ئوخشاش. كوللېكتىپ تەرجىمە قىلغان. مەسئۇل تەرجىمە مۇھەررىرى: نادىر سادىر، مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇربىيە ئەزىزى. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 80547 — 110 X/J —100. تىراژى: 2000.

كىتاب مەزمۇنى ۋە سەھىپىلىرى خەنزۇچىسى بىلەن ئوخشاش. ئەمما، «داڭلىق مەدەنىيەت ئەربابلىرى» سەھىپىسىگە ئابدۇلھەمىد يۇسۇپى، جاپپار ئەمەت قاتارلىق 11 نەپەر ئالىم، ئەدىبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئىنجادىيەت، تەتقىقات نەتىجىلىرى قوشۇپ كىرگۈزۈلگەن.

«خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (和田概况). خەنزۇچە. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا دائىر ئۇنىۋېرسال كىتاب. خوتەن ۋىلايەتلىك يەرلىك تەزكىرە تەھرىرلىك ئىشخانىسى 1986 - يىل

نەشرىياتى 1993 - يىلى 7 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: 3/F .00208 — 011798 — 114 — ISBN7 . تىراژى: 3000.

بۇ رەسىملىك توپلامغا 280 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، تەبىئىي مەنزىرىلىك جايلار ۋە سەيلىگاھلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ماقالىلەر ۋە سۈرەت چۈشەندۈرۈشلىرى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە ئۈچ خىل يېزىقتا بېرىلگەن.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەشكىلات تارىخىي ماتېرىياللىرى». خەنزۇچە. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئارخىپ باشقارمىسى نەشرگە تەييارلىغان. باش مۇھەررىرى: جاۋ ۋېندىڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: 0/D.203 — 02311 — 228 — ISBN7 . تىراژى: 1000.

كىتابتا 1949 - يىلى 10 - ئايدىن 1987 - يىلى 10 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا خوتەن ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ناھىيە، شەھەردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، بىرلىكسەپ، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك بۇ ئورگان، ئورۇنلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ئۆتىگەن خادىملارنىڭ ئىسمىلىكى، سايلانغان، تەيىنلەنگەن، قالدۇرۇلغان ۋاقتى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«قىياپەتۇل خوتەن» (和田风物). خەنزۇچە. ئۇنىۋېرسال كىتاب. «قىياپەتۇل خوتەن» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان.

مەمۇرىي مەھكىمە؛ ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتىدا ئىشلىگەن. 1990 - يىلى كاندىدات باش تەرجىمان ئۇنۋانى بېرىلگەن. خوتەندە سىياسىي كېڭەش ھەيئىتى، كەسىپ ئۇستىللىرىغا نازارەت قىلغۇچى، دۆلەتلىك، يەرلىك باج نازارەتچىسى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى نازارەتچىسى، شىنجاڭ تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ خوتەندىكى قانۇن ئىجراچىسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەردە بولغان. 43 يىللىق خىزمەت ھاياتىنى ئاساسەن تەرجىمانلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇنىڭ «ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك» دېگەن ماقالىسى «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىلمىي ماقالە خەزىنىسى» گە كىرگۈزۈلگەن ۋە ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «مىللىي تىل - يېزىقنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرى نەنىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مىللىي تىل - يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېلان قىلىنغان، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا «دانىشمەن ئامبال» دېگەن ھېكايىسى بېسىلغان. ئۇ يەنە «تەيۋەن ھېكايىلىرى»، «خوتەن تەزكىرىسى»، «خوتەن ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تېخنىكا نازارەتچىلىك نىزامى» نىڭ چۈشەندۇرۇلۇشى قاتارلىق كىتابلارنىڭ تەرجىمە مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. «بۈگۈنكى قۇياش»، «لوندون ئاسمىنىدىكى قاغا - قۇزغۇنلار»، «ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش»، «قايتا تىرىلىش»، «ئامېرىكا، گېرمانىيە قاتناش تېخنىكا قائىدىلىرى»، «جۇڭگو قاتناش قانۇنى» قاتارلىق نەچچە يۈز قىسىم كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن، تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. كۆپ قېتىم مەملىكەتلىك «جۇڭگو مەشھۇر زاتلار يىغىنى»، «جۇڭگو مۇۋەپپەقىيەتچىلەر يىغىنى»، «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار يىغىنى»، «جۇڭگو يۇقىرى قاتلام مۇھاكىمە يىغىنى» قاتارلىق يىغىنلارغا ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇنىڭ تەجىمھالى ۋە ئىش - ئىزلىرى ئېلگىرى - كېيىن بولۇپ «دۇنيا مۇنەۋۋەر ماقالىلەر

12 - ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم.

كىتاب خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەخسۇس ماقالىلەر، قوشۇمچە ماتېرىياللار قاتارلىق تۆت بۆلۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. تۆت پارچە سۈرەت، توققۇز پارچە خەرىتە كىرگۈزۈلگەن. كىتابتا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى، تەبىئىي جۇغراپىيىسى، ئىقتىسادى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

«خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى». شۇ ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. 1986 - يىل 12 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم. مەسئۇل مۇھەررىرى: نادىر سادىر. مۇختەرجان (ما يۈمىڭ)، ئەخمەتجان (دۇجىيىڭ)، فىڭ گوجۇن، نادىر سادىر، مەتسەيدى ھېلىمشا قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان.

كىتابتا خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ «تاڭ شۈەنزاڭنىڭ ‹بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى›دىكى ئۇدۇنغا دائىر رىۋايەتلەر»، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياڭ پېيجۇ يازغان «قاش ئۆگۈز مەنزىرىسى ھەققىدە سەككىز نەزم» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 4 - بۆلۈمى قىسقارتىلىپ، ئالدىنقى ئۈچ بۆلۈملا تەرجىمە قىلىنغان.

---



مۇختەرجان مۇھەممەدى (ما يۈمىڭ)، ئەر، ئۇيغۇر، 1942 - يىل 6 - ئايدا تۇغۇلغان. 1957 - يىلى شىنجاڭ 6 - قارارلىق كىنو كادىرلار كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. 1982 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچى مەدەنىيەت كۇلۇبى؛ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى؛ ۋىلايەتلىك پارتكوم،

16 كەسلەم. مەتقۇربان داۋۇت بىلەن مەتتۇرسۇن سالامەت تەرجىمە قىلغان.

«خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالى» （和田地区国民经济统计资料）. خوتەن ۋىلايەتلىك ستاتىستىكا باشقارمىسى تۈزگەن. ئاساسلىق تۈزگۈچى لى چاڭلىن. 16 كەسلەم. 1988 - يىل 10 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. تىراژى: 205. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا تۈزۈلگەن 1160 بەتلىك بۇ كىتاب 25 سەھىپىگە بۆلۈنگەن. خوتەن ۋىلايىتى، ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 1949 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى، نوپۇس، تېرىلغۇ يەر، بوز يەر ئېچىش، سۇ رايى، ھاۋارايى، زىرائەت كۆلىمى، ئومۇمىي ۋە يەككە مەھسۇلات مىقدارى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، پىلىچىلىك، سانائەت، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، ماددىي ئەشيا، سودا، ئاشلىق - مايلىق سېتىۋېلىش، ئەمگەك ئىش ھەققى، مائارىپ، سەھىيە، مالىيە، پۇل - مۇئامىلە قاتارلىق جەھەتلەردىكى سانلىق مەلۇماتلار يىللار بويىچە ستاتىستىكا جەدۋىلى سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بەزى مۇھىم مەزمۇنلار يېزىقچە قىسقا بايان قىلىنغان. ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«شانلىق مۇساپە — خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 60 يىلى». تۈرى: تەزكىرە. مەكتەپ تارىخىنى يېزىش ھەيئىتى تۈزگەن. مۇدىر: مۇھەممەد توختى، مۇئاۋىن مۇدىر: ئابلەھەت قۇربان، ئابدۇللا مەتسىيىت. ئەزالىرى (قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر): نۇرمۇھەممەد توختى، ئابدۇللا سۇلايمان، مۇھەممەتتوختى ئەھمەد، ئەنۋەر ھوشۇر. مۇھەررىرى: ئابدۇللا سۇلايمان، نۇرمۇھەممەد توختى. 1998 - يىل 9 - ئاي باسمىسى، چوڭ 32 كەسلەم، 339 بەت. 1500 پارچە تارقىتىلغان. بۇ كىتابنىڭ باش قىسمىغا تارىخىي قىممەتكە ئىگە سەككىز پارچە رەڭلىك سۈرەت ۋە ئالتە پارچە بېغىشلىما

توپلىمى»، «جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر زاتلار قامۇسى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى» قاتارلىقلارغا بېسىلغان. بەزى ماقالىلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭغا «جۇڭخۇا خەلقئارا مەشھۇر زاتلارنى باھالاش ھەيئىتى، جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر زاتلارنى تەتقىق قىلىش ئاكادېمىيىسى»، «جۇڭگو خەلقئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى» قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن «خەلقئارا مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە گۇۋاھنامىسى»، «خۇاشيا مەشھۇر زات گۇۋاھنامىسى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس گۇۋاھنامىسى»، «ئالتۇن مۇكاپات گۇۋاھنامىسى» بېرىلگەن ھەمدە جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر زاتلار جەمئىيىتى ئەزاسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەتقىقاتچىسى، خۇاشيا مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان.

«خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى». خەنزۇچە. «خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى» نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن. 1986 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان ئىچكى ماتېرىيال. 16 كەسلەم. مەسئۇل مۇھەررىرى: ليۇ جىنگو، دى شىنزى.

كىتاب خوتەن ۋىلايىتى ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، تېرىقچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، باغۋەنچىلىكنى رايونلاشتۇرۇش، ئورمانچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، چارۋىچىلىقنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، يىلە ـ ئۈجمىچىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش، يىرىك يېزا ئىگىلىكىنىڭ كۆپ نىشانلىق پىلان مودېلى ھەققىدە تەتقىقات، سۇ ئىشلىرىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىدىكى زىرائەت سورتلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«خوتەن ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى». شۇ ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى. 1986 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان، ئىچكى ماتېرىيال، تىراژى: 1000،

يىلىدىن 2015 - يىلىلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تەرەققىيات پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابنىڭ ئاخىرىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 62 ساياھەت نۇقتىسىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بايان قىلىنغان.

«جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەرۋايىت — خوتەن (中国西部明珠——和田)». خوتەن «شەرق» ئۇچۇر تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى تۈزگەن، خوتەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا ئىدارىسى بېكىتكەن. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: (K) ISBN7 — 5372 — 3555 — 4، 32 كەسلەم. تىراژى: 1000.

بۇ كىتابتا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، سىرلىق رىۋايەتلەرگە تولغان گۈزەل مەنزىرىلىك ساياھەت بەلۋاغلىرى، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، توي - مەرىكە، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى ۋە قول ھۈنەر سەنئىتى، خوتەننىڭ تەبىئىي گۆھەرلىرى ۋە باشقىلار ئىخچام، ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان. خوتەن رايونىنىڭ 2003 - يىللىق سودىگەر چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش تۈرلىرى ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلەر بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئېلان قىلىنغان. كىتابنىڭ باش قىسمىدىكى ئالتە بەتكە ئالاھىدە ماھارەت بىلەن تارتىلغان 23 پارچە رەڭلىك سۈرەت بېرىلگەن بولۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك روشەن گەۋدىلەنگەن.

«چىرا يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1984 - يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقىدا ئايرىم - ئايرىم باستۇرۇلغان. قاتتىق مۇقاۋىلىق، 16 كەسلەم، 480 بەت.

بۇ توپلامغا «چىرا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخىي سەۋەبلىرى؛ چىرا ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بولۇپ شەكىللىنىش جەريانى؛ ناھىيە بازىرى، يېزا - بازارلىرى، يېزا، كەنت، مەھەللە، يول، ئۆستەڭ، سۇ ئامبارلىرى؛ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، تەبىئىي ئورۇنلار، سۇنئىي قۇرۇلۇشلار، يەر ئاستى تەبىئىي بايلىقلىرى، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانلار، ئوت - چۆپلەر، يايلاقلار — ئومۇمەن مۇقىم ئىسىم بىلەن ئاتالغان بارلىق ئورۇن، شەيئىلەرنىڭ

بېرىلگەن. خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ 60 يىللىق (1938 - يىلىدىن 1978 - يىلىغىچە بولغان سابىق خوتەن دارىلمۇئەللىمىن مۇساپىسى، 1978 - يىل 10 - ئايدىن 1998 - يىل 10 - ئايغىچە بولغان ئالىي تېخنىكوم مۇساپىسى) تەرەققىيات ئەھۋالى 14 چوڭ تېما ۋە 19 مەزمۇن بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ كىتاب شۇ نام بىلەن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نۇسخىسى مەكتەپ تويىدا بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلغان.

«21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان خوتەن» (和田迈向21世纪). فوتو سۈرەت توپلىمى. باش مۇھەررىرى: جاڭ داچۈن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 16 كەسلەم. كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05396 — 6/J.251. تىراژى: 3000.

بۇ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلىغان سوۋغىسى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان توپلام بولۇپ، 300 پارچىدىن ئارتۇق فوتو سۈرەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن. توپلامدا دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ خوتەندىكى پائالىيەتلىرى، خوتەننىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان ھەرقايسى ساھەلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى، شۇنىڭدەك ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 21 - ئەسىرگە يۈرۈش قىلىۋاتقان مەردانە ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت بايلىقى مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە ساياھەتچىلىك تەرەققىيات پىلانى». خەنزۇچە. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلقئارا قۇرۇلۇش مەسلىھەت شىركىتى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنى تۈزگەن. 2002 - يىل 2 - ئايدا بېسىلغان. 16 كەسلەم.

كىتاب ئون بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئۈچ بابتا خوتەننىڭ ساياھەتچىلىك مەنبەلىرى بايان قىلىنغان ۋە ئۇلارغا باھا بېرىلگەن. كېيىنكى يەتتە بابتا خوتەننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ 2000 -

خەنزۇچە. چىرا ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 1995 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 241 بەت.

بۇ كىتابتا 1949 - يىلىدىن 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا چىرا ناھىيىسىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت، چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر يىل تەرتىپى بويىچە خاتىرىلەنگەن. چىرا ناھىيىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەمۇرىي ئىشلار تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن.

«چىرا ناھىيە چوڭ ئىشلار خاتىرىسى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 16 كەسلەم، 727 بەت.

بۇ كىتاب چوڭ ئىككى بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈمىدە، چىرا ناھىيىسىدە 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 1993 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى چوڭ ۋەقەلەر يىل، ئاي، كۈن تەرتىپى بويىچە يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئىككىنچى بۆلۈمىدە، چىرا ناھىيىسىدە خىزمەت قىلغان، ئىشلىگەن، چىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۆھپىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغان شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالى، ئاساسلىق ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇغېنى داموللاھاجى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 1999 - يىلى باستۇرغان. 32 كەسلەم، 45 بەت.

بۇ تەرجىمىھال خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، ئاساسلىقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات ئابدۇغېنى داموللاھاجىنىڭ تۇغۇلۇش، بىلىم ئېلىش، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دىنىي سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، دىنىي زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، چىرا ناھىيىسىنىڭ تەرەققىياتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تىنچ ۋەزىيەت بەرپا قىلىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقى، تالىپلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھتا تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرغانلىقى تارىخىي تەرجىمىھال

پەيدا بولۇش تارىخى، شەكىللىنىش ئالاھىدىلىكى، جۇغراپىيىلىك ئورنى خەرىتىلىك شەكىل بويىچە تەپسىلىي بايان قىلىنغان. چىرىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى». خەنزۇچە. ئاپتورى: چىن شىڭۋېن. پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى تۈزۈپ 1990 - يىل 1 - ئايدا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 263 بەت.

بۇ كىتابتا 1950 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا چىرا ناھىيىسىدىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئىدارە - ئورگان، يېزا - بازار، مەكتەپ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردە ۋەزىپە ئۆتىگەن ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىللەردىكى ئاساسلىق ئىش - پائالىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇلۇش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن.

«چىرا تارىخ ماتېرىياللىرى». چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى 1994 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 362 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتابقا جەمئىي 18 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. توپلامدا چىرا ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر قىسمەن تەپسىلاتلار، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، يېقىنقى زامان تارىخىغا دائىر ھاكىمىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، بازار ئەھۋالى، «تۇڭگان يېغىلىقى»غا ئائىت ۋەقەلەر، بىر قىسىم شەخسلەرگە دائىر بايانلار، شۇنىڭدەك بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر يىلنامىسى قاتارلىق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن.

مەشھۇر چىرا ۋەقەسىنىڭ سەركەردىسى سوپۇرگە ئاخۇننىڭ ھاياتى ۋە چىرا ۋەقەسىنىڭ كونكرېت تەپسىلاتى توغرىسىدىكى بايانلار، چىرا ناھىيە بوستان يېزىسىدىكى كارىزنىڭ قېزىلىش جەريانى توغرىسىدىكى ماقالە، چىرا ناھىيىسىدە مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى ماقالە بۇ كىتابتا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ تارىخىي چوڭ ئىشلار خاتىرىسى».

ساقلاش ۋە تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ پەننىي مائارىپ تارىخى». ئاپتورى: مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن. ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. چىرا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 2004 - يىل 4 - ئايدا باستۇرۇلۇپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان، چوڭ 32 كەسلەم، 250 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىنىڭ 1924 - يىلىدىن 2004 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 80 يىللىق مائارىپ تارىخى بايان قىلىنغان، سانلىق جەدۋەل، سۈرەت كىرىشتۈرۈلمە قىلىپ يېزىلغان.

كىتابتا ناھىيە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، قۇرغۇچىسى، ئەينى ۋاقىتلاردىكى سىنىپ سانى، ئوقۇغۇچى سانى، مەكتەپلەرنىڭ ئورنى، مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، ئوقۇتۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تونۇشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەدرىسە مائارىپىدا ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان نامايەندىلەر، ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى، كەسپىي قۇرۇلمىسى قاتارلىقلارمۇ ناھايىتى تەپسىلىي يېزىلغان.

---

مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن 1958 - يىل 11- ئايدا چىرا ناھىيىسىنىڭ چىرا يېزىسى ماخمال كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.



1979 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۆز يۇرتىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1989 - يىلىدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل- ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىدا ئوقۇغان. ھازىر چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇت-

شەكلىدە يېزىلغان.

«چىرىنىڭ 50 يىلى». خەنزۇچە. ئاپتورى: سۈن شىنماۋ. چىرا ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 1999 - يىل 9 - ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 398 بەت.

بۇ كىتابتا 1949 - يىلدىن 1999 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 50 يىل جەريانىدا چىرا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن مۇھىم ئىشلار، ئۆزگىرىشلەر، يېزا - بازار، شەھەر قۇرۇلۇشى، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، چىرىدا ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەر تارىخ شەكلى بويىچە خاتىرىلەنگەن.

«چىرا ناھىيىسىنىڭ يەرلىك تارىخى». خەنزۇچە. ئاپتورى: سۈن شىنماۋ. ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ئىشخانىسى 2001 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان. 32 كەسلەم، 622 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىدىكى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، ئىدارە مەسئۇلى، ئىدارىلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ھەربىر ئىدارىنىڭ تارىخى ئايرىم - ئايرىم ھالدا تەزكىرە شەكلىدە يېزىلغان. يەنە ھەرقايسى يېزا - بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تارىخىي يول بىلەن بايان قىلىنغان.

«چىرا ناھىيىسىگە خېرىدار چاقىرىش يېتەكچىسى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولۇپ باستۇرغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 16 كەسلەم، 29 بەت.

بۇ كىتابتا چىرا ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، چىرا ناھىيىسىدىن چىقىدىغان يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى، دورىلىق قىممىتى، ئىقتىسادىي قىممىتى، چىرا ناھىيىسىدىكى قەدىمكى ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، سەيلىگاھلار ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى، چىرا ناھىيىسىدىن چىقىدىغان يەر ئاستى بايلىقلىرى، كان مەھسۇلاتلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار چۈشەندۈرۈلۈپ، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ جەلپ قىلىشنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان. ھەربىر ئالاھىدە مەھسۇلاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ئاستىدا شۇ مەھسۇلاتنىڭ رەڭلىك سۈرىتى قىستۇرما قىلىنغان، كىتاب

بۇ كىتاب تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1950 - يىلدىن 1987 - يىلىغىچە بولغان ھەر نۆۋەتلىك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ئىسىملىكى، ھەرقايسى يېزا - بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى، ھەيئەتلىرىنىڭ ئىسىملىكى، ناھىيە بويىچە بارلىق كەنتلەرنىڭ ياچېيكا شۇجىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە قاراشلىق بۆلۈم، ئىدارىلەرنىڭ ئەھۋالى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن. لوپ ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ 37 يىللىق كۈرەش مۇساپىسى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى». لوپ ناھىيىلىك يەر ناملىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ 1987 - يىل 3 - ئايدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئايرىم - ئايرىم قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 280 بەت.

بۇ كىتابقا لوپ ناھىيىسىدىكى مەمۇرىي رايون ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى، كەسپىي تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ناملىرى، ئاپتونوم رايون، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ نامى، سۇنئىي قۇرۇلۇش ناملىرى، تەبىئىي جۇغراپىيىلىك جىسىملار، لوپ ناھىيىسىدىكى ئاسارئەتىقىلەر ناملىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابتا لوپ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرى قېلىپلاشتۇرۇلغان. يەر ناملىرىنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى، مەدەنىيەت بىلەن تەبىئەت، مىللەت بىلەن تىل، ئىقتىساد بىلەن تەرەققىيات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەر ناملىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئۆزگىرىش ئەھۋالى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ كىتاب لوپ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆلچەملىك ھۆججىتى، شۇنداقلا ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەشكىلات، شەخسلەرنى ئۆلچەملىك يەر ناملىرى بىلەن تەمىن ئېتىدىغان قورال كىتابتۇر.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (1)». 1992 - يىل 5 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 141 بەت.

قوچىلىق قىلىنغانىدى.

ئۇ كۆپ خىل ژانىردا ئەسەر يازىدىغان ئاپتورلارنىڭ بىرى بولۇپ، 1980 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ۋەتىنىمنى سۆيىمەن» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 500 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر، 50 پارچىغا يېقىن ھېكايە، 200 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسى، 300 پارچىدىن ئارتۇقراق پەننىي نەزەرىيىۋى ماقالە، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەتكە ئائىت 50 نەچچە پارچە ماقالە، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تونۇشتۇرىدىغان بىرقانچە ئون پارچە چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، 30 پارچىدىن ئارتۇقراق ئەدەبىي ئوبزور، 20 پارچە ئاخبارات نەزەرىيىسىگە ئائىت تەتقىقات ماقالىسى ۋە بىر قىسىم نەسر، چۆچەك، مەسەللەرنى ئېلان قىلدۇردى. ھەر خىل ژانىردىكى 30 پارچىغا يېقىن ئەسىرى مەملىكەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىرلەشمە توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. ئۇ 30 غا يېقىن سەنئەتكارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيەت پائالىيىتىنى مەتبۇئاتلاردا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنتۇلۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بىر قىسىم سەنئەتكارلارنى خەلق قەلبىدىن قايتا ئورۇن ئالدۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم داڭلىق سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ روھىغا ئىلھام بەردى. چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرى ۋە ئىشلەنگەن كىتابلار ئۈچۈرىنى تۈزۈپ، بۇ كىتابقا كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى لوپ ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىيالى». جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى تارىخى تەزكىرە ئىشخانىسى، لوپ ناھىيىلىك ئارخىپخانا تەرىپىدىن 1987 - يىل 7 - ئايدا باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 370 بەت.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 180 بەت.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 24 ئاپتورنىڭ ئىقتىساد، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، سەھىيە، يېزا ئىگىلىكى، سانائەتكە دائىر 22 پارچە ماقالىسى ۋە شائىر تۇرسۇننىياز ئابدۇللا، روزىمەت ياقۇپنىڭ ئانا يۇرتى لوپقا بېغىشلاپ يازغان ئىككى پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلگەن.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ خەرىتىلىك يەر ناملىرى تەزكىرىسى». بۇ ئىچكى ماتېرىيال بولۇپ، گۇما ناھىيىلىك يەر ناملىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن (ئۇيغۇرچىسىنى ئابلىمىز مامۇت تۈزگەن). 1987 - يىل 4 - ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى باسما زاۋۇتى تەرىپىدىن 800 تىراژدا بېسىلغان. 16 كەسلەم، 394 بەت. قاتتىق مۇقاۋىلىق.

تۈزگۈچىلەر گۇما ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار، مەيدان، ئىدارە - ئورگانلارنىڭ يەر ناملىرى، تارىخى، ئېتىنىك مەنبەسىنى ئىمكانقەدەر تولۇق، مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ بىر ياخشى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماتېرىيال مەنبەسىدۇر.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (1)». 1992 - يىل 12 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزۈپ تەييارلاپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 پارچە بېسىلىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 135 بەت.

توپلامغا گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ۋەقەلەر شۇنداقلا بىر قىسىم تارىخىي شەخسلەرگە دائىر 12 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. توپلامنىڭ مۇھەررىرلىكىنى تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن ئىشلىگەن.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (2)». 1996 - يىل 3 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تۈزۈپ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 تىراژدا بېسىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 185 بەت.

بۇ توپلامغا ئالدىنقى توپلامدىن قېپقالغان گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى تارىخىدىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، خەلق تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر 23 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

بۇ كىتابقا 11 نەپەر ئاپتورنىڭ 14 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە لوپ ناھىيىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ لوپتىكى خىزمەت ئەھۋالى، لوپ ناھىيىسى مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاتاقلىق مائارىپچى تۇردى رىشتىنىڭ «لوپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى»، «لوپ ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان خەنزۇچە تىل - يېزىق مەكتىپى توغرىسىدا ئەسلىمە» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسى لوپ ناھىيىسىنىڭ مائارىپ تارىخىنى يېزىشتا ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيالدۇر.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (2)». 1992 - يىل 6 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 176 بەت.

بۇ كىتابقا 22 نەپەر ئاپتورنىڭ 24 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ماقالىلەردە لوپ ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى سۇ ئىنشائات ئەسلىھەلىرى ئەھۋالى، يىلە - ئۈجمىچىلىك ئىشلىرى، قول سانائەت ئەھۋالى، لوپتىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئەھۋالى ھەمدە بەشتوغراق يېزىسىنىڭ بەرپا بولۇش تارىخى، لوپ گىلىمى، جىيا ئەتلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە توقۇلۇش ئۇسۇلى، سامپۇل يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىستانلىقنىڭ تېپىلىشى ۋە قېزىلىشى قاتارلىقلار بىرقەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنغان.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (3)». 1995 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 208 بەت. بۇ كىتابتا 18 ئاپتورنىڭ لوپ ناھىيىسىدە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى، لوپ ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلىدىن بۇرۇنقى سەھىيە ئىشلىرى، لوپتا ئۆتكەن ئاتاغلىق شەخسلەردىن ھاجى خانىم، تۇردى ھاجىم قاتارلىقلارنىڭ ئۆمۈر ئىزلىرى ۋە گومىنداڭنىڭ لوپ شەھىرى ئىچىگە سالغان شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئائىت 22 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

«لوپ تارىخ ماتېرىياللىرى (4)». 2002 - يىل 6 - ئايدا لوپ

تەرپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (1-، 2-، 3 - قىسىم)»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» (20-، 35-، 40 - قىسىم) دا 37 پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

ئۇنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ۋە تەرجىمھالى «دۇنيا ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى مەشھۇر جۇڭگولۇقلار»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى»، «جۇڭگو ئىختىساسلىقلار خەزىنىسى»، «ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى جۇڭگولۇقلار»، «دۇنياۋى كىشىلەر» قاتارلىق 20 خىل قامۇسقا كىرگۈزۈلۈپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تونۇشتۇرۇلغان.

«كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى (1-، 2 - قىسىم)». كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى (1 - قىسىم) كېرىيە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 2000 - يىل 11 - ئايدا ئىجازەت نومۇرى بىلەن باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 178 بەت.

بۇ كىتابقا «ئىزدىنىش»، «مۇنداق ئىشلارمۇ ئۆتكەن»، «كېرىيىدە ئۆتكەن تارىخىي شەخسلەر»، «ئۈچمەس ئابىدىلەر»، «مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز»، «سودا ۋە تىجارەت»، «ئىختىساسلىقلار ئاتكىتى»، «يىلنامىلەر» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە كېرىيە تارىخىغا ئائىت 14 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن.

2 - قىسىم 2002 - يىل 9 - ئايدا باستۇرۇلغان بولۇپ، 32 كەسلەم، 291 بەت.

بۇ كىتابقا «ئۈمىد ۋە تەكلىپ»، «ئىزدىنىش»، «مائارىپىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىز»، «ئۆچمەس ئىزلار»، «ئەينەك»، «ئاڭلىغانمۇ سىز»، «ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە كېرىيىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئارخېئولوگىيىسى، تەبىئىي بايلىقلىرى، جۇغراپىيىسى، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر، مائارىپ، يېزا - ئىگىلىكى تېمىسى بويىچە 11 ئاپتورنىڭ 18 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «دۇنيا نەزىرىدىكى كېرىيە دەريا بويى»، «كېرىيە يەرناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدىنىشلىرىم»، «قوۋمى شەھىدان تىلاۋەتخانىسى توغرىسىدا»، «ئابدۇللا خاننىڭ كېرىيىگە قىلغان سەپىرى ۋە كېرىيە

مۇھەررىرلىكىنى تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن ئىشلىگەن.

«گۇما تارىخ ماتېرىياللىرى (3)» — («نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ يېڭى قىياپىتى»). گۇما ناھىيىلىك سابىق مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىدىن تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن تۈزگەن. 2003 - يىل 8 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 2000 تىراژ بىلەن نەشر قىلىنغان. كىچىك 32 كەسلەم، 60 مىڭ خەتلىك. كىتابتا گۇما ناھىيىسى تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە دائىر قىسقىچە تەرەققىيات تارىخى بايان قىلىنغان.

«گۇما ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەزكىرىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن. 1993 - يىل 2 - ئايدا گۇما ناھىيىلىك سابىق مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ (مۇقاۋىسىنى ئابلىكىم قۇدرەت لايىھىلىگەن)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 2000 پارچە بېسىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 176 بەت بولۇپ، گۇما ناھىيىسىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تارىخىي ئەھۋالىغا دائىر 11 پارچە ماقالە كىرگۈزۈلگەن. گۇما ناھىيىسىدىكى يازغۇچى - شائىرلار، سەنئەتكارلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان.

---



تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن 1942 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ سانجۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، ئۆز يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1959 - يىلىدىن تارتىپ گېزىت - ژۇرناللاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ يەنە گۇما ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش

كوممۇنىستىك پارتىيىسى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن 2002 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كېرىيىنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى، مەسئۇللىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقان بىر قىسىم تۆھپىكارلار تونۇشتۇرۇلغان.

كىتاب بېشىدا ۋىلايەت رەھبەرلىرىدىن ئابدۇراخمان قۇربانىنىڭ «كېرىيە مېنىڭ سۆيۈملۈك يۇرتۇم» دېگەن تېمىدىكى كىرىش سۆزى بېرىلگەن.

---

لىيۇ تيەنشۇ جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فېڭشەن ناھىيىسىدىن. 1957 - يىلى كېرىيىگە كەلگەن ۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كاتىپى، قىنت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، شۇجىسى، كوپېراتىپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن. ئۇ 1998 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن كېرىيىدىن ئىبارەت بۇ خىلۋەت ماكان توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىپ، تارىخ، تەزكىرە مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابنى يېزىپ چىققان.



«كېرىيە ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان ئىسلاھاتىغا دائىر ماتېرىياللار مەجمۇئەسى». خەنزۇچە. بۇ مەجمۇئە كېرىيە ناھىيىلىك ئورگان ئىسلاھاتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىلىك ئاپپارات، شتات كومىتېتى ھەيئىتى ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىلىك كەسپىي ئورۇنلارنى تىزىملاش، باشقۇرۇش ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. 16 كەسلەم، 408 بەت.

بۇ كىتابتا ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ناھىيە، يېزا - بازار ئورگان ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى خۇلاسىلەنگەن. كىتاب ئورگان ئىسلاھاتىدا ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى،

تارىخىدا ئۆتكەن غوجىلار» قاتارلىق بىر قىسىم ماقالىلەر كېرىيىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قوللۇق ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

«كېرىيىگە سەپەر» (走进于田). خەنزۇچە. ئاپتورى: ليۇ تيەنشۇ. ئىلمىي تەتقىقات - تەزكىرە تۈرىدىكى كىتاب، 2002 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 32 كەسلەم، 307 بەت.

كىتاب يەتتە بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى بۆلەكتە كېرىيىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، بوستانلىق بەلۋاغلىرى، قۇملۇقلىرى، ھەرقايسى پەسىل ئەھۋالاتلىرى، تۇپراق قاتلىمى ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، مول قاشتېشى ۋە باشقا قېزىلما بايلىقلىرى، يەرلىك چارۋىلاردىن كېرىيىدە ياشايدىغان ئۇچار قۇشلارغىچە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. كېيىنكى بۆلەكتە تاش قوراللار دەۋرىدىكى كېرىيىدىن تارتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى كېرىيىگىچە بولغان مەزمۇنلار ئارقىلىق، كېرىيىنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىرقەدەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

3 -، 4 - بۆلەكلەردە «سانلىق مەلۇماتلاردىن تەرەققىياتقا نەزەر» سەرلەۋھىسى ئاستىدا كېرىيىنىڭ نۆۋەتتىكى شەھەر قىياپىتى، سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرى، سۇ ئامبارلىرى، كۆللىرى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، شاللىق رايونلىرى، ئوتلاقلىرى، ئېلېكتر ئىستانسىلىرى، چارۋىچىلىقى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

5 - بۆلەكتە «1981 - يىلىدىكى كېرىيە» دېگەن مەزمۇندىن باشلاپ كېرىيىنىڭ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشتىن كېيىن قولغا كەلتۈرگەن زور نەتىجىلىرى سۆزلەنگەن.

6 - بۆلەك خەلق فولكلورى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا كېرىيىلىكلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتى، توي - تۆكۈن مۇراسىملىرى، فولكلور ئادەتلىرى، مىللىيچە بايراملىرى، ياغاچتىن ياسالغان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئۈزۈن ئۈمۈر چۆلپانلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان.

ئاخىرقى بۆلەك «شەخسلەر» دېگەن تېمىدا بولۇپ، جۇڭگو

تونۇشتۇرۇلغان رەڭلىك رەسىملەرگە نومۇرلار بويىچە ئىسىم قويۇلغان ھەمدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىلگەن.

جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن فرانسىيە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى (UMR7041) نىڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى 1991 - يىلى باشلانغان بولۇپ، ئۇلار بىرلىكتە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىدا كۆپ قېتىم ئەمەلىي ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئېلىپ باردى، ئون يىللىق ھەمكارلىق جەريانىدا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «قارادۆڭ» خارابىسى ۋە كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىدىكى ئۈچ بۇرجەك بەلۋاغ رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر تەرەپلىمە قىدىرىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر تۈركۈم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ چىقتى، بولۇپمۇ بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى رەڭلىك تام رەسىملىرى، ساپال، تۆمۈر، ياغاچ، مىس قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە تۇرمۇش بۇيۇملىرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىدۇر. يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى قىممەتلىك يېڭى بايقاشتۇر.

بۇ كىتاب ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىم: «بۈگۈنكى كېرىيە دەرياسى ئېقىنى — جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت بۇرجىكى» . بۇ قىسىمدا ئىلغار سۈنئىي ھەمراھ تېخنىكىسى بىلەن ئورۇن بېكىتىپ تەكشۈرۈشتە 100 يىللار مۇقەددەمقى سۋېن ھېدىن، ئاۋرېل ستەيىن قاتارلىق ئېكىسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگلارنىڭ تەكشۈرگەن ئىزلىرى ئاختۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلۈپلا قالماي، بۇ يەرنىڭ قەدىمكى يەر تۈزۈلۈش ئەھۋالى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە ياسىلىش ئۇسۇللىرى تەتقىق قىلىنغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان شۇنداقلا ئولتۇراق ئۆي ئەھۋالىغا ئالاقىدار بىر قاتار تەقلىدىي سىزما رەسىملەر كىرگۈزۈلگەن.

ئىككىنچى قىسىم: «قارادۆڭ — قەدىمكى كېرىيە» بولۇپ، بۇ قىسىمدا قارادۆڭ خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار، كېرىيە كىشىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەمدە جۇڭگو - فرانسىيە

پارتكوم، ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسى، يېزا - بازارلارنىڭ ئورگان قۇرۇلمىسىنىڭ خىزمەت فۇنكسىيىسى ۋە شتاتىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلىنىشى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان شۇنداقلا ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە تارقاتقان ھۆججەتلەرنىڭ روھى، يولغا قويۇش لايىھىسى، «ئۇچنى بېكىتىش» لايىھىسىنىڭ تەلىپى بويىچە يېڭى پارتكوم، ھۆكۈمەت تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە يېزا - بازارلار تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى، ئورگانلار ۋە خادىملارنىڭ ئىخچاملىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى روشەن نەتىجىلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، مەركەز، ئاپتونوم رايون ھەم ۋىلايەتنىڭ تۈرلۈك ھۆججەت، يولىيورۇقلىرى مەجمۇئە تەرىقىسىدە توپلاپ بېرىلگەن.

«كېرىيە دەريا ۋادىسىدىكى ئەسلىمە»— تەكلىماكان ۋادىسىدىكى بوستانلىقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت. 2000 - يىل 12 - ئايدا فرانسىيە تەتقىقات مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ كېرىيە دەريا ۋادىسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى سۈرەتلەر توپلىمى. كىتاب فرانسۇزچە بولۇپ، چوڭ 16 كەسلەم، 245 بەت. ئۆلچەملىك رەڭلىك باسما، باھاسى: 290 فرانك.

كىتابتا فرانسىيە بىرلەشمە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ بىرنەچچە قېتىم كېرىيە دەرياسىنى تەكشۈرۈشىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار يېزىلغان، قىدىرىپ تەكشۈرۈش جەريانىدا بايقالغان تۈرلۈك مېتال بۇيۇملار، ياغاچ بۇيۇملار، توقۇلمىلار كىتابقا رەڭلىك رەسىم بويىچە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ھەربىرىگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىزاھات بېرىلىپ، بۇ بۇيۇملار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ۋە قىياسلار يېزىلغان. 112 تۈردىكى 150 خىلغا يېقىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رەڭلىك رەسىم بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن. چۈشەنچە - ئىزاھلار فرانسۇزچە بولۇپ، پەقەت باش قىسمىغا جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى يۈ فېڭنىڭ كىرىش سۆزى ۋە ئاخىرىدا كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ جۇڭگو يېزىقىدىكى مۇندەرىجە ئاچقۇچى ۋە چۈشەندۈرۈشى بېرىلگەن، فرانسۇزچە

ئەپسانە - رىۋايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، كېرىيىنىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت ئەھۋالى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، دۇنخۇاڭ (دەشت ئاتا) مەدەنىيىتى، يىپەك يولى مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە قىلىنغان. كىتاب «لاۋزى ئاقساقالنىڭ غەربكە بېرىشى ھەققىدە بايان» ناملىق باب ئارقىلىق تۈگەللەنگەن بولۇپ، بۇ بابتا جۇڭگو قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر زات لاۋزى بىلەن كېرىيىنىڭ سىرلىق دەريا بويى يېزىسىغا ئائىت ئەپسانە - رىۋايەت ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلار ئۆزئارا باغلىنىپ، تارىخنىڭ ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان بۇ «پىنھان» تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (1). قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1993 - يىل 7 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 269 بەت.

كىتابتا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا دائىر تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ئىزلار، تۆھپىكار شەخسلەر، يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا جاپپار رېھىم قاتارلىق 11 ئاپتورنىڭ 22 پارچە ماقالىسى بار. بۇ كىتابنى ئوقۇغان كىشىلەر قاراقاش تارىخىدىن ئاز - تولا چۈشەنچىگە ئىگە بولالايدۇ.

«قاراقاش تارىخ ماتېرىياللىرى» (2). تۈزگۈچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن. قاراقاش ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن 2003 - يىل 3 - ئايدا ئىشلەنگەن. چوڭ 32 كەسلەم، 242 بەت.

بۇ كىتابتا جاپپار رېھىم قاتارلىق 11 ئاپتورنىڭ 26 پارچە ئەسىرى بار. بۇ كىتابتا قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى مائارىپ، سەھىيە، پىلە - ئۈجمىچىلىك، ناھىيە تەۋەسىدىكى تارىخ - مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى، يېزا ئىگىلىكى، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، دارۋازلىق، تېببىي داۋالاش قاتارلىق ساھە - كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى، تۆھپىكارلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«نىيا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش». خەنزۇچە. 16 كەسلەم، 177 بەت. 1987 - يىلى نىيا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى تۈزۈپ باستۇرغان. ۋاڭ شۈشىننىڭ مەسئۇللۇقىدا تۈزۈلگەن بۇ كىتابقا نىيا ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىشقا دائىر ئون پارچە ماقالە ۋە ئالاقىدار

ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ «قارادۆڭ» بۇددا ئىبادەتخانا تام رەسىملىرىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاپ، بۇددا ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشلىرىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىپ، كىشىلەرگە «قارادۆڭ» دىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھالىتى قايتا نامايان قىلىپ بېرىلگەن.

ئۈچىنچى قىسىم: «كېرىيە دەريا ساھىلى — ئەڭ قەدىمكى يۇمىلاققورام شەھىرى» بولۇپ، بۇ قىسىمدا بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن بۇرۇنقى يۇمىلاققورام قەدىمىي شەھەر خارابىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى قەبرىلەرنى قېزىش دوكلات قىلىنغان. بۇ رايوندىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت بىلەن ساكلار مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. يىغىۋېلىنغان يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ پارچىلىرى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا كىيىم - كېچەك نۇسخىلىرىغا قارىتا تەقلىدىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق قەدىمكى كېرىيىلىكلەرنىڭ كىيىم - كېچەكى قايتىدىن تۈزۈپ، لايىھىلەپ چىقىلغان.

كىتابنىڭ باش قىسمىدا يەنە جۇڭگو - فرانسىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تۆت قېتىملىق تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتناشقانلارنىڭ ئەھۋالى، قېزىۋېلىنغان بۇيۇملارنى رەتلەش، تازىلاش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، رېمونت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان.

«توردىكى كېرىيە». كېرىيە ئۇيغۇر مەركىزى تەرىپىدىن 2003 - يىل 9 - ئايدا ئىنتېرنېت توردىن چۈشۈرۈلگەن كېرىيە تارىخ ماتېرىياللىرى ۋە كېرىيە تەتقىقاتىغا ئالاقىدار بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن رەتلەپ تۈزۈلگەن كېرىيىنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىغا ئائىت كىتابتۇر. چوڭ 16 كەسلەم، 170 بەت.

كىتابتا كېرىيىنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، تىل - مەدەنىيىتى، قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، ھاكىمىيەت تارىخى، ئىجتىمائىي قىياپىتى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە كېرىيىنىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، كېرىيىنىڭ قەدىمكى بۇددا دىنى ئېتىقاد ئەھۋالى ۋە قاشتاش مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەھۋاللار بىرقەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە، ھەر خىل

# خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى». مەمتىلى سايىت توپلىغان. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 12 - ئاي نەشرى.

«چىرا ناخشا - قوشاقلىرى». 1958 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغالغاندا شۇ چاغدىكى چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىسمائىل ئەمەتنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىشى، خەلق ئارىسىغا بېرىپ خەلق ناخشا - قوشاقلىرىنى توپلىشى نەتىجىسىدە شاپىگرافتا بېسىپ تارقىتىلغان ژۇرنال. 16 كەسلەم، 20 بەت.

بۇ توپلام پەقەت بەش نۇسخا تۇپلەنگەن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى مەسئۇلىغا بىر نۇسخىدىن بېرىلگەن، ئارخىپ ئىدارىسىغا بىر نۇسخا بېرىلگەن. توپلامدا ئاساسەن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن خەلق قوشاقلىرى، ئۆتكۈنچى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى تۇرمۇش، يېڭى دەۋرگە بولغان مەدھىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان.

«قاراقاش خەلق قوشاقلىرى». تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان. قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1990 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 220 بەت. كىتابقا 600 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مۇھەببەت قوشاقلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەندىن باشقا، سىياسىي قوشاقلار، سىنىپىي كۈرەش قوشاقلىرى، ئەمگەك قوشاقلىرى، تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى قوشاقلارمۇ بار. شاھ مۇھەممەد، مەمەت پەلەڭ، ئىمىر ئابدۇللا قاتارلىق خەلق نەغمىچىلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، قوشاقچىلىق پائالىيەتلىرىمۇ بۇ كىتابتا

خەرىتىلەر كىرگۈزۈلگەن.

«نىيا ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى». خەنزۇچە. 16 كەسلەم، 231 بەت. 1988 - يىل 8 - ئايدا نىيا ناھىيىلىك ئومۇمىي پىلان ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 500 نۇسخا باستۇرۇلغان.

كىتاب لى باۋچىڭ، ۋاڭ گۋاڭخۇ قاتارلىقلارنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلغان بەش پارچە يىرىك پىلاندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، سانائەت - سودا، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا دائىر ئومۇمىي ئەھۋال ۋە 15 يىللىق تەرەققىيات پىلانى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«نىيا تارىخ ماتېرىياللىرى» (1 - توپلام). 32 كەسلەم، 190 بەت. نىيا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىش ئىجازەتنامە نومۇرى (2004) 194. 2004 - يىل 9 - ئايدا 2000 پارچە بېسىپ تارقىتىلغان.

كىتابقا مەتقاسىم مەتنىياز، قاۋۇلجان مەتقۇربان، ئىلغارجان مەتتۇرسۇن قاتارلىقلارنىڭ نىيا ناھىيىسىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىجتىمائىي، سىياسىي زور ئىشلار ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر 32 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن.

---

قاۋۇلجان مەتقۇربان 1960 - يىل 7 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1982 - يىل 8 - ئايدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇغان. ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوقۇتقۇچى، نىيا ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇ جۇڭگو مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسىنىڭ، خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. بۇ ماقال ـ تەمسىللەر قىسقا، ئىخچام، ئوبرازلىق، جانلىق بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە تاقىلىدۇ.

«لوپ خەلق قوشاقلىرى». 1993 ـ يىل 10 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 264 بەت.

بۇ كىتابقا 1500 كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق كىرگۈزۈلگەن. لوپ خەلق قوشاقلىرى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ لوپ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلىنىشى، بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانىنىڭ شېئىرىي خاتىرىسىدۇر.

«لوپ خەلق چۆچەكلىرى». 1993 ـ يىل 10 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ، باستۇرۇلغان. 32 كەسلەم، 240 بەت. بۇ كىتابتا لوپ خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ياراتقان نۇرغۇن چۆچەكلەردىن 28 پارچە چۆچەك كىرگۈزۈلگەن.

«ئۈچ توپلام» (كېرىيە خەلق قوشاقلىرى، كېرىيە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى، كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى). كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1993 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كىتابچە قىلىنىپ ئىجازەت نومۇرى بىلەن باستۇرۇلغان.

«كېرىيە خەلق چۆچەكلىرى». 32 كەسلەم، 410 بەت بولۇپ، بۇنىڭغا كېرىيە خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان 30 پارچە خەلق چۆچىكى تۆت پارچە رىۋايەت ۋە شېرىن دورغا، سۇلايمان ئاخۇن نامىغا ئاتالغان 68 پارچە لەتىپە ھەمدە ئون پارچە تۈرلۈك سۆز ئويۇنى، ھەر خىل چاقچاقلار كىرگۈزۈلگەن، كىتاب ئاخىرىغا 16 كەسلەملىك كېرىيە خەرىتىسى قىستۇرۇلۇپ، خەرىتىگە كېرىيە خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

«كېرىيە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى». 32 كەسلەم، 110 بەت.

تونۇشتۇرۇلغان.

«قاراقاش خەلق چۆچەكلىرى». تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان. قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1990 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 438 بەت. بۇ كىتابتا 63 پارچە ئۇزۇن - قىسقا چۆچەك، رىۋايەتلەر بار.

«قاراقاش خەلق داستانلىرى». تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان. قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1990 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 98 بەت.

بۇ كىتابقا «ھەۋزىخان» قاتارلىق يەتتە داستان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، تەخمىنەن 1900 مىسرا. يەتتە داستاندىن «ھەۋزىخان»، «ئەبەيدۇللاخان»، «يالپۇزخان»، «باينەزەر» لەرنى ئاقساراي يېزىسىنىڭ تۇقاچلا كەنتىدىن 66 ياشلىق ئەما داستانچى ئابلىمىت قارىي ئوقۇپ بەرگەن. رېئال ئادەم، رېئال ۋەقەلەر توغرىسىدىكى بۇ داستانلار مۇزىكىلىق بولۇپ، تاغ راۋابى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

«قاراقاش خەلق ماقال - تەمسىللىرى». تۈزگۈچى: مۇھەممەتئىمىن قۇربان. قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1990 - يىل 12 - ئايدا ئىشلەنگەن. كىچىك 32 كەسلەم، 102 بەت. بۇ كىتابقا تەخمىنەن 800 ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنى ئەدەپ - ئەخلاقتا، ئىشچانلىقتا، ئىلىم - تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشقا، ۋاپا - ساداقەتكە ئۈندەيدۇ. يالغانچىلىق، ئۈمىدسىزلىك، خىيانەتچىلىك، ئىچەرمەنلىك، چېكەرمەنلىك، قىمارۋازلىق قاتارلىق ناچار، چاكىنا ئىللەتلەر قامچىلىنىدۇ.

«لوپ خەلق ماقال - تەمسىللىرى». 1993 - يىل 10 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان. 124 بەت، 32 كەسلەم.

بۇ كىتابقا لوپتىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماقال - تەمسىلدىن 1200 دىن ئارتۇق ماقال -

باسما زاۋۇتىدا 1000 تىراژدا بېسىلغان. كىچىك 32 كەسلەم. «ئەمگەك قوشاقلىرى»، «مۇھەببەت قوشاقلىرى»، «تۇرمۇش قوشاقلىرى» ۋە «ئەبجەش قوشاقلار» دىن بولۇپ جەمئىي 1350 كۇپلېت قوشاق، 264 بېيىت، 29 تۈر بويىچە 1400 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. ئاخىرىغا «گۇما ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي خەرىتىسى» قوشۇمچە قىلىنغان. توپلامدىكى ئەسەرلەرنى تۇرسۇنمۇھەممەت ھۆسىيىن بىۋاستە توپلاپ رەتلىگەن.

«چىرا خەلق قوشاقلىرى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى 1994 - يىل 5 - ئايدا تۈزۈپ باستۇرغان. 32 كەسلەم، 220 بەت.

«چىرا خەلق چۆچەكلىرى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ 1994 - يىل 5 - ئايدا باستۇرغان. 32 كەسلەم، 180 بەت، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

«چىرا خەلق ماقال - تەمسىللىرى». چىرا ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، 1994 - يىل 5 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان، 32 كەسلەم، 150 بەت.

«ئۈچ توپلام». خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى. رايون نومۇرى: 2090602. خوتەن ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1994 - يىل 8 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان. بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامە نومۇرى: 2211.

«خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى». «ئۈچ توپلام» نىڭ بىرى بولۇپ، تولۇق ئاتىلىشى «جۇڭگو خەلق چۆچەكلىرى مەجمۇئەسى شىنجاڭ تومى خوتەن ناھىيە خەلق چۆچەكلىرى» دېيىلىدۇ. بۇ كىتاب كىچىك 32 كەسلەم، 222 بەت. كىتابقا «ئومۇمىيۈزلۈك بولۇش، ۋەكىللىك بولۇش، ئىلمىي بولۇش» پرىنسىپى ئاستىدا سېلىشتۇرۇش، تاللاش ئارقىلىق 28 پارچە چۆچەك كىرگۈزۈلگەن. چۆچەكلەرنىڭ تىلى ئىخچام، ئاددىي - ساددا، سۆزلىرى خىلمۇخىل

كىتابتا توققۇز چوڭ بۆلەك ۋە شۇنىڭغا ياندىشقان 52 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا كېرىيە خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان 1130 پارچە ماقال - تەمسىل كىرگۈزۈلگەن. كىتاب ئاخىرىغا 16 كەسلەملىك كېرىيە خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان.

«كېرىيە خەلق قوشاقلىرى». 32 كەسلەم، 530 بەت بولۇپ، ئۇنىڭغا كېرىيىدە كەڭ تارقالغان 2000 كۇپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرى، بېيىتلار، خەلق ناخشا تېكىستلىرى، كېرىيىدە ئىجاد بولغان بىر قىسىم خەلق داستانلىرى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە بۇلار مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن 42 كىچىك ماۋزۇ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئادەت تۇسىنى ئالغان بىر قىسىم قوشاقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ - ئادەتلەرمۇ قوشۇمچە تونۇشتۇرۇلۇپ، كىتابنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى ئاشۇرۇلغان. بۇ كىتابقىمۇ 16 كەسلەملىك كېرىيە خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارقىلىش ئورنىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى شەرتلىك بەلگىلەر بىلەن بېرىلگەن.

«گۇما خەلق چۆچەك ۋە داستانلىرى». بۇ «ئۈچ توپلام» نىڭ بىرى بولۇپ، گۇما ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» نى توپلاپ تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلانغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا 1994 - يىل 6 - ئايدا 1000 تىراژدا بېسىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 518 بەت.

توپلامغا يەر ناملىرى توغرىسىدىكى يەتتە پارچە رىۋايەت، 29 پارچە ھەر خىل تېمىدىكى چۆچەك، ئۈچ پارچە داستان (خەلق داستانى) كىرگۈزۈلگەن. چۆچەكلەر 21 تۈرگە ئايرىلغان. ھەربىر ئەسەرنى ئېيتىپ بەرگۈچى ۋە خاتىرىلىگۈچىلەر ئەسكەرتىلگەن، كىتاب ئاخىرىغا گۇما ناھىيىسىنىڭ مەمۇرىي خەرىتىسى قوشۇمچە قىلىنغان. توپلام مۇقاۋىسىنى گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن رەسسام ۋە خەتتات ئابلىكىم قۇدرەت لايىھىلىگەن.

«گۇما خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرى». گۇما ناھىيىلىك «ئۈچ توپلام» نى توپلاپ تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ، 1994 - يىل 5 - ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى

«تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە». تۈزگۈچى: غاپپار مۇھەممىدى. تۈرى: ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. 1981 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ماي باسمىدا بېسىلىپ (ئۇدا بەش قېتىم)، مەزكۇر مەكتەپنىڭ تۇنجى ھەم بىردىنبىر تىلشۇناسلىق دەرسلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە تاكى 90 - يىللارغىچە قوللىنىلغان.

مەزكۇر دەرسلىك ئىككى قىسىم جەمئىي توققۇز بابتىن تۈزۈلگەن (1 - قىسمى تۆت باب، 132 بەت؛ 2 - قىسمى بەش باب، 302 بەت) بولۇپ، 1 - بابتا تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە، 2 - بابتا تىلنىڭ ماھىيىتى، 3 - بابتا تىلنىڭ پەيدا بولۇشى، 4 - بابتا تىلنىڭ تەرەققىياتى، 5 - بابتا فونېتىكا، 6 - بابتا تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى، 7 - بابتا تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى، 8 - بابتا دۇنيادىكى تىللار ۋە ئۇلارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى، 9 - بابتا يېزىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا مول ھەم ئاساسىي بىلىملەر بېرىلگەن.

---



غاپپار مۇھەممىدى 1928 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پۇرچاقچى يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1936 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان، 1947 - يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولغان، 1962 - يىلىغىچە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى تىل مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى، شىنجاڭ تىل ئىنستىتۇتى، سابىق شىنجاڭ پېداگوگىكا

ۋە ئـامـمىباب، ۋەقەلىرى جانلىق ۋە يۇمۇرستىك بولۇپ، ئېنىق مۇھەببەت - نەپرەتكە ۋە روشەن ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگە.

«خوتەن ناھىيە خەلق قوشاقلىرى». «ئۈچ توپلام»نىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تومغا كەڭ كۆلەملىك توپلاش، قايتا - قايتا سىېلىشتۇرۇش ئـارقـىـلـىق 1320 كـۇپلېت قوشاق كىرگۈزۈلگەن. بۇ قوشاقلار مـەزمـۇنـىـنـىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئـىجـتـىـمـائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، پـىـكـرىـنـىـڭ چوڭقۇرلۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، بەدىئىي ۋاسـىـتىلىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە تىلىنىڭ جانلىق، راۋانلىقى بىلەن فولكلور باغچىمىزدىكى بىر دەستە گۈل ھېسابلىنىدۇ.

«خوتەن ناھىيە خەلق ماقال - تەمسىللىرى». «ئۈچ توپلام»نىڭ بـىـرى بـولـۇپ، كىتابتىكى 1170 تىن ئارتۇق ماقال - تەمسىلدە خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بۇيانقى ھاياتى ۋە ئەمگەك، تۇرمۇش تـەجـرىبىلىرىنىڭ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت قارشىنىڭ جەۋھەرلىرى ئىخچام، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئـۈچ توپلام». خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى. رايون نـومـۇرى: 290603. خـوتەن شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تـوپـلامـلىرىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1994 - يىل 10 - ئايدا «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلغان.

«خوتەن شەھىرى خەلق قوشاقلىرى». «ئۈچ توپلام»نىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ تولۇق ئاتىلىشى «جۇڭگو خەلق قوشاقلىرى مـەجـمـۇئـەسى شىنجاڭ تومى خوتەن شەھىرى خەلق قوشاقلىرى» دېيىلىدۇ.

«خـوتـەن شەھىرى خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتاب بىلەن «خـوتـەن شەھىرى خەلق ماقال - تەمسىللىرى»مۇ «ئۈچ توپلام» تـەركـىـبـىـدىـكـى مـەخسۇس توپلامدۇر. توپلىغۇچىلارنىڭ جاپا - مۇشـەقـقـەتـلـىـك ئـەمـگـىكى ۋە ساقلاپ ئېيتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بۇ كىتابلاردىكى مەنىۋى بايلىقلار خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇشىنىڭ جانلىق خاتىرىسىدۇر.

ئۆلكىلەردىكى بەزى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان.

«لوگىكا بىلىملىرى». تۈزگۈچى: ئابدۇخېلىل روزى. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1982 - يىل 7 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان. تىل - ئەدەبىيات، سىياسىي - تارىخ ۋە تىل كەسپىدىكى مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلىك قىلىنغان.

مەزمۇنى: ئۇقۇم، ھۆكۈم، ئەقلىي خۇلاسە، لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى، ئىسپات، رەددىيە قاتارلىق لوگىكا ئىلمىدىكى ئاساسىي بىلىملەرنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرى ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ماقال - تەمسىل، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىكى تىپىك مىساللار ئارقىلىق ئاممىباب ھالدا يېشىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

«يېزىقچىلىق بىلىملىرى». تۈزگۈچى: ئابدۇخېلىل روزى. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1983 - يىل 9 - ئايدا بېسىپ تارقىتىلغان.

مەزمۇنى: يېزىقچىلىق ئاساسلىرى بىلىملىرى، ژانىرلار يېزىقچىلىقى بىلىملىرى ئىلمىي ۋە ئاممىباب شەرھلىنىپ، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن مىسال ئېلىنىپ چۈشەندۈرۈلۈپ، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولماسلىقتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلگەن.

---



ئابدۇخېلىل روزى 1940 - يىل 1- ئايدا ھازىرقى خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق گۇجانباغ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1950 - يىل 9 - ئايدىن 1954 - يىل 7 - ئايغىچە خوتەن شەھىرى چايخانا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1960 - يىل 7- ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىدا ئوقۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-

ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇغان ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1962 - يىلدىن تارتىپ تاكى 1990 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى (1978 - يىلدىن بۇرۇن قەشقەر پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىدى) نىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئىشلەپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تىلشۇناسلىق دەرسلىرىنى ئۆتۈپ كەلگەن. 1999 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەردە 71 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

غاپپار مۇھەممىدى ئۆزىنىڭ 40 يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق هاياتىدا تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىل - يېزىقى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشى ئۈچۈن دەرسلىك»، «تىلشۇناسلىققا مۇقەددىمە» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزگەن، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە سۆزلىشىشنى ئۆگىنىش قوللانمىسى»، «چاغاتاي تىلى» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تەھرىرلەپ بېكىتىش خىزمىتىگە قاتناشقان. ئۇ جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قىزىق نۇقتا بولغان يېڭى ۋە كونا يېزىق مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىگە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىپ، باشقىلار بىلەن بىللە كەينى - كەينىدىن ئۈچ پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئالاهىدە كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە تىلشۇناسلىق ئىلمىدە بىرقەدەر چىگىش - مۇرەككەپ مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر قاتار تەسىرى كۈچلۈك ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، شىنجاڭدىكى داڭلىق تىلشۇناسلاردىن بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭ «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا»، «يەنە ئىسىملارنىڭ كېلىش قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا»، «تىلىمىزدىكى ‹مۇ› ئۇلانمىسى توغرىسىدا» قاتارلىق جۇڭ ھەجىملىك بەش پارچە ئىلمىي ماقالىسى «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە سانلىرىدا ھەمدە ئىچكىرى

ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى توغرىسىدا ئۆزگىچە قاراشلىرىم» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش ـــ يەنە نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىلىق كۈچى توغرىسىدا» (قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «ماقال - تەمسىللەر تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىمۇ؟» (ئۇيغۇرچىسى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا، خەنزۇچىسى تىل - تەرجىمە ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە سانىغا بېسىلغان ھەمدە ئىنستىتۇت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغان.

ئابدۇخېلىل روزى 1978 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەريانىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلىرىگە قارىتا كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىپ، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، چوڭقۇر رەھمىتىگە ئېرىشكەن. قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كونسۇلتاتسىيىچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ دەرس مۇنبىرىدە ئۆتكەن 25 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا سەرپ ئەتكەن جاپالىق ئەجرىگە مۇناسىپ 1984 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولغان. 1979 - يىلى لېكتورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا، 1985 - يىلى دوتسېنتلىق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1982 -، 1983 - ئوقۇش يىلىدا ئىنستىتۇت بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى شەرەپ گۇۋاھنامىسىگە، 1990 - يىلى ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ «كىتاب ئوقۇتۇپ، ئادەم تەربىيىلەش» تىن ئىبارەت بۇ جاپالىق سەپتە سەممىيلىك، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىشىگە، ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ــىنىڭ جۇڭگو تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ تولۇق كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغان. 1965 ـ يىل 7- ئايدا بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، 8 ـ ئايدا ئەينى چاغدىكى قەشقەر پــېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىغا (1978- يىل 7 ـ ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1980 ـ، 1981 ـ ئوقۇش يىلىدا نەنجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېزىقچىلىق، لوگىكا پەنلىرىدىن بىلىم ئاشۇرغان.

ئابدۇخېلىل خىزمەتكە قاتناشقان 1965 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى 1999 ـ يىل 5 ـ ئاي پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ياش ئەۋلادلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن تەڭ تەرەققىي قىلغان ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتـــــشتۈرۈشتىن ئىبـارەت بـۇ ئۇلۇغـۋار ئىشقا بېغىشلاپ، «يېزىقچىلىق»، «ئۇيغۇر تىلى»، «ئىستىلىستىكا»، «ئالىي مەكتەپ تــىل ـ ئــەدەبــىياتى»، «لوگىكا» قاتارلىق قورال خاراكتېرلىك دەرسلەرنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئۆتۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن.

ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شــىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئۇچۇن بىرتۇتاش قوللىنىلىدىغان دەرسلـــىك «ئــومــۇمىي لوگىكا» كىتابىنى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، ئىككىنچى باب «ئاددىي ھۆكۈملۈك ۋە ئاددىي ھۆكۈملۈك خۇلاسە» نىڭ 6 ـ، 7 ـ پاراگرافلىرىنى، ئۈچىنچى باب «راي ھۆكۈم ۋە راي خۇلاسە» گە ئائىت مەزمۇنلارنى يېزىپ چىققان (بۇ كىتاب شىنجاڭ بــويــىچە ‹ مۇنەۋۋەر دەرسلىك كىتاب› بولۇپ باھالىنىپ، ئالىي مەكتەپلەردە مۇشــۇ دەرســنى ئوقۇتۇشتــا ئاســاســي دەرســلــىك قىلىندى). «ئوقۇمنىڭ ئېنىق بولۇشى توغرا تەپەككۇرنىڭ ئالدىنقى شــەرتــىدۇر» (قــەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىغا بېــســىلــغان)، «نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدىكى مەنتىقىلىق كۈچ» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان)، «لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ

تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئوكيانۇس» نىڭ ماتېماتىكا قىسمىدىن پايدىلىنىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2004-يىل 3-ئاي نەشرى، 207 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1840—3.

لۇغەتكە: ئارىفمېتىكا، ئېلېمېنتار ئالگېبرا، تىرىگونومېترىيە، گېئومېترىيە، ئالىي ئالگېبرا، ماتېماتىكا ئاساسلىرى، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى، ئىشلىتىش ۋە پىلانلاش ئىلمى قاتارلىق پەنلەردە كۆپ قوللىنىلىدىغان 500 گە يېقىن ئاتالغۇ كىرگۈزۈلگەن. ئاتالغۇلارنىڭ نامى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل-يېزىقتا بېرىلىپ، ھەربىر ئاتالغۇنىڭ ئىزاھاتىدا ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى، تېئورېمىسى، خۇسۇسىيىتى، قائىدىسى، فورمۇلىسى ۋە مەسىلە يېشىش (ئىسپاتلاش) تىكى قەدەم-باسقۇچلار كۆرسىتىلگەن، قىستۇرما رەسىم ۋە ئۆلگىلىك مىساللار بېرىلگەن.

---



ئابلەت قۇربان 1942-يىل 28-مارتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ چۆچەك شەھىرىدە سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1951-يىلىدىن 1961-يىل 9-ئايغىچە ئۈرۈمچى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە باشلانغۇچ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇپ، 1963-يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە بىر يىللىق كۇرسنى تاماملاپ، شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1972-يىلىدىن 1976-يىل 7-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپىگە قايتىپ كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1978-يىلى بۇ مەكتەپ خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بولۇپ قۇرۇلغاندا، ماتېماتىكا فاكۇلتېتى گېئومېترىيە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، فاكۇلتېت مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1986-يىلىدىن 2005-يىل 12-ئايدا دەم ئېلىشقا چىققانغا

**ئابلەت قۇربان تەرجىمە قىلغان دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:**

1. «ئالىي ماتېماتىكا» (2-قىسمى). تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئەسەر ئالىي مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئالىي ماتېماتىكا» نىڭ 1983-يىل 7-ئاي 8-باسمىسى. بۇ تەرجىمە دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1994-يىل 6-ئايدا نەشر قىلغان. 437 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5370—2311—5.

بۇ كىتاب «ۋېكتورلۇق ئالگېبرا ۋە بوشلۇقتىكى ئانالىتىك گېئومېترىيە»، «ئارگومېنتلىق فۇنكسىيەلەرنىڭ دىففېرېنسىئالى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى»، «قات ئىنتېگراللار ۋە ئەگرى سىزىقلىق ئىنتېگراللار»، «چەكسىزلىك» قاتارلىق تۆت بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى ئۈچۈن دەرسلىك قىلىنغان.

2. «ئالىي ئالگېبرا». تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئەسەر بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1990-يىل 5-ئايدا نەشر قىلغان «ئالىي ئالگېبرا» بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى دەرسلىك باشقارمىسىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1996-يىل 12-ئايدا نەشر قىلغان. 650 بەت، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5370—3014—6.

ئالىي پېداگوگىكا مەكتەپلىرى، مائارىپ ئىنستىتۇتلىرى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى شۇنداقلا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسلىرى ئۈچۈن دەرسلىك ياكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ كىتاب كۆپ ئەزالىقلار نەزەرىيىسى، سىزىقلىق ئالگېبرا ۋە گۇرۇپپا، ھالقا، مەيداندىن ئىبارەت ئۈچ بابتىن تەركىب تاپقان.

3. «قىسقىچە ماتېماتىكا ئىزاھلىق لۇغىتى» (تۈزگەن ئىسلىي ئەمگەك). بۇ كىتاب شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى

بولۇشى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، كلاسسىفىكاتسىيىسى جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە ئېكولوگىيىسى قاتارلىق ئاساسىي بىلىملەر ۋە زوئولوگىيىدىكى يېڭى تەرەققىيات نەتىجىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئاساسىي دەرس قىلىپ ئۆتۈلگەن.

2. «ئومۇرتقىلىق هايۋانلار زوئولوگىيىسى تەجرىبە قوللانمىسى» ( 脊椎动物学实验指导 ) . تەرجىمە دەرسلىك. ئەسلىي ئاپتورى: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياڭ ئەنفېڭ. 1984 - يىل 2 - ئايدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. تەرجىمىسى 1988 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 32 كەسلەم، 262 بەت، تىراژى: 1000.

بۇ كىتابتا ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشى، ۋە تاكسونومىيىسىگە ئائىت 20 تەجرىبىنىڭ سىستېمىلىق تەجرىبە كۆرسەتكۈچلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

3. «هايۋانلار ئېكولوگىيىسى ( 动物生态学 ) ». تەرجىمە قىلغۇچىلاردىن يەنە مىرئامان، ماخمۇت خالىق بار. 1993 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 16 كەسلەم، 630 بەت، تىراژى: 1000.

بۇ كىتاب ئالىي مەكتەپ بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاللاپ ئوقۇيدىغان دەرسلىكى بولۇپ، خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭسەن ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى تۈزگەن.

كىتابتا هايۋانلارنىڭ مۇهىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، هايۋانلارنىڭ تۈر ئېكولوگىيىسى، تۈر توپى ئېكولوگىيىسى، هايۋانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىكى رولى قاتارلىقلار تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن سىرت، هايۋانلار ئىچىدىكى پايدىلىق هايۋانلارنى قوغداش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەر ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلغان.

قەدەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1988-يىلى دوتسېنتلىققا تەكلىپ قىلىنغان.

ئابلەت قۇربان 43 يىللىق ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئۇ خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپى، بولۇپمۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان قىران چاغلىرىدا، تەبىئىي پەنلەرگە ئائىت ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللار كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بىرنەچچە يىل ئاساسلىق دەرسلەرنى ئۆتۈپ، دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا «ئانالىتىك گېئومېترىيە»، «تەكرار ماتېماتىكا»، «بوشلۇق گېئومېترىيىسى»، «ئالىي ماتېماتىكا» قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ماتېرىيالىنى تۈزۈپ تارقاتقان. «شىنجاڭ مائارىپى»، «خوتەن مائارىپى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ماتېماتىكىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتايلى» قاتارلىق ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. يېقىندا ئۇ، «ئالىي گېئومېترىيە» ناملىق دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

## روزى بارى تەرجىمە قىلغان، تۈزگەن دەرسلىك ۋە كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:

1. «ئومۇمىي زوئولوگىيە» (ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار قىسمى). ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. تەرجىمە دەرسلىك. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1985 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى. 16 كەسلەم، 454 بەت، تىراژى: 2000. بۇ دەرسلىكنى ۋۇخەن، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە بېجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرىنىڭ زوئولوگىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىرلىشىپ تۈزگەن.

بۇ كىتابنىڭ 2 - قىسمىدا ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ پەيدا

زوئولوگىيە»، «ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسى»، «ھايۋانلار ئېكولوگىيىسى»، «ھايۋانلار جۇغراپىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى سۆزلىگەن. 1986 - يىلى دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شىنجاڭ زوئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، غەربىي شىمال ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلىرىدىن: «تارىم دەريا ئوتتۇرا ئېقىنى توغراقلىق ئورمان مۇھاپىزەت رايونىدىكى قۇشلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى» ‹تەبىئىي پەن قىسمى›، 1990 - يىللىق 2- سانى ‹ئومۇمىي 16 - سان›؛ «شىنجاڭ ياۋايى ھايۋانلار بايلىقى ۋە ئۇلارنى قوغداش بىلەن پىلانلىق پايدىلىنىش توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى ‹تەبىئىي پەن قىسمى›، 1992 - يىللىق 2 - سانى)؛ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى — ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسىنى يېزىش توغرىسىدا مۇلاھىزە» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (خەنزۇچە)، «ئالىي مائارىپ تەتقىقاتى» ( 高等教育研究 ) 1998 - يىللىق 2 - سانى ‹ئومۇمىي 31 - سان›) قاتارلىقلار بار.

«تەبىئەت تەجرىبىلىرى». تۈزگۈچى: تۇرسۇن رەھىم، تۇرسۇننىياز بارات. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى 1989 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 383 بەت.

بۇ كىتابتا پۈتۈن كۆنلۈك ئالتە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىم تەبىئەت دەرسلىكىدىكى بارلىق تەجرىبىلەر كۆرسىتىلگەن ۋە شۇ تەجرىبىدە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار، كېرەكلىك نەرسىلەر، تەجرىبە ئىشلەش باسقۇچلىرى، ئۇسۇللىرى، تەجرىبە مەقسىتى ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار سۆزلەنگەن. كىتابتا چۈشەندۈرۈلگەن تەجرىبە ئۇسۇللىرى ئوقۇتۇشتا يۇقىرى قوللىنىشچانلىققا ئىگە.

**مەتقاسىم داۋۇت ئەسەرلىرى:**

1. «خەت-ئالاقە ۋە ئۇنىڭ ئەندىزىسى». ئىلمىي ئەسەر. خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1989-يىل 12-ئاي باسمىسى. كىچىك 32 كەسلەم، 165 بەت، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان.

4. «ئومۇرتقىلىق هايۋانلار زوئولوگىيىسى» (脊椎动物学). تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب. خەنزۇچە. بۇ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولۇپ، 1996 - يىل 4 - ئاي ۋە 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن كومپيۇتېردا ئۇرۇپ بېسىلغان. ئالىي مەكتەپ بىئولوگىيە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنغان بۇ ئىككى قىسىملىق كىتاب 16 كەسلەم، 498 بەت بولۇپ، كىتابقا ئومۇرتقىلىق هايۋانلار ئاساسلىق تۈركۈملىرىنىڭ مورفولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك تۈزۈلۈشلىرى، تەدرىجىي تەرەققىياتى، سىستېمىلىق تەرەققىياتى نەزەرىيىلىرىدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ تاكسونومىيىسى كىرگۈزۈلۈپ، تارقىلىشى ۋە ئىقتىسادىي ئەهمىيىتى قاتارلىقلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان.

---



روزى بارى 1938 - يىل 10 - ئايدا خوتەن ناهىيىسىنىڭ (خوتەن شەهرى) شورباغ يېزا ئاقتاش كەنتىدە تۇغۇلغان. 1947 - يىلىدىن 1954 - يىلغىچە باشلانغۇچ مەكتەپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پېداگوگىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. 1957 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1960 - يىلغىچە بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتىدا، 1962 - يىل 9 - ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ بىئو - خىمىيە پاكۇلتېتىدا بىئولوگىيە ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. 1962 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە فاكۇلتېتى زوئولوگىيە كافېدراسىغا يۆتكىلىپ 1998 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققانغا قەدەر زوئولوگىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئومۇمىي

لېكتور. خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى؛ خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك، بۆلۈم دەرىجىلىك، مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك كاتىپى، قوشۇمچە تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ ۋىلايەتلىك ئىچىملىك سۈنى ياخشىلاش ئىشخانىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇدىرى؛ جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رايون باشلىقى ياردەمچىسى (ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش مەزگىلىدە)؛ ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ قوشۇجىسى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، ئاخبارات-نەشرىيات (نەشر ھوقۇقى) ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

ئۇ ئوقۇتۇش، تەتقىقات ۋە رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا 60 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە، 210 پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ئەسەر ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «تەرجىمە بىلىملىرى» دېگەن كىتابىدا تەرجىمە تارىخى، تەرجىمە ئەمەلىيىتى، تەرجىمە نەزەرىيىسى، تەرجىمە ئۆلچىمى، تەرجىمىنىڭ قائىدە-پرىنسىپى، تەرجىمىنىڭ تۈرلىرى، تەرجىمىنىڭ ئۇسۇلى، ئېغىز تەرجىمىسى ۋە يېزىق تەرجىمىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىلمىي ھالدا سىستېمىلاشتۇرغان.

2000-يىلى ئېلان قىلغان «نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈم ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، شەھەر-يېزىلارنىڭ پەرقىنى ئازايتىش لازىم» دېگەن ئەسىرى شەھەر-يېزىلاردىكى ئىختىساسلىقلار بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. «خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە بازارنى يېتەكچى قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسەردە، جەنۇبتا ياڭاقنى، شىمالدا

2. «تەرجىمە بىلىملىرى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 6-ئاي باسمىسى. 16 كەسلەم، 350 بەت، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان. بۇ تەرجىمە نەزەرىيىسىگە ئائىت تۇنجى ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

3. «‹ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى› دىكى مەشىق، كۆنۈكمىلەرنىڭ يېشىمى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 6-ئاي باسمىسى.

4. «ماقالىلەر توپلىمى». خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى 1990-يىل 8-ئاي باسمىسى. 16 كەسلەم، 230 بەت بولۇپ، تىلشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، تەرجىمە تەتقىقاتى، قوش تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتى، تەرجىمە نەزەرىيىسى، يېزا ئىقتىسادىي تەتقىقاتىغا ئائىت 37 پارچە ماقالىدىن تۈزۈلگەن.

5. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش مېتودىكىسى (باشقىلار بىلەن تۈزگەن). خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى 1994-يىلى 7-ئاي باسمىسى.

6. خوتەن مەنزىرىلىرى (باشقىلار بىلەن تەرجىمە قىلغان). شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1995-يىلى 1-نەشرى.

7. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ تېخنىكا ئۆلچىمى (تەرجىمە). سۇ - ئېلېكتر مىنىستىرلىقى ئېتىز-ئېرىق سۇ ئىنشائاتى مەھكىمىسى تۈزگەن، 1999-يىل 2-ئاي باسمىسى.

---



مەتقاسىم داۋۇت 1963-يىل 11-ئايدا چىرا ناھىيە چىرا يېزا ماخمال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى. 1984-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى كەسپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، باكالاۋۇرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، كەسپىي ئۇنۋانى

ئەمگەكلىرى بار.

ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان بولسا، خەنزۇ تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى «خەلق گېزىتى» نەشرىياتى، مەركىزىي ھۆججەتلەر نەشرىياتى، جۇڭگو ئىقتىساد نەشرىياتى، جۇڭگو دۇنيا تىلى نەشرىياتى، جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش نەشرىياتى، تايلاند خۋاشا خەلقئارا ئالماشتۇرۇش مەركىزى، شياڭگاڭ دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئەت مەركىزى، دۇنيا ئىلىم نەتىجىلىرى تەتقىقات ئاكادېمىيىسى قاتارلىق مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى 50 تىن ئارتۇق نوپۇزلۇق نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىنغان. دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا كۆپ قېتىم ئالاھىدە مۇكاپات ۋە 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ئەمگەكلىرى گەۋدىلىك، تۆھپىسى زور بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ھەر خىل شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەن. ئىش-ئىزلىرى «دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ئىختىساسلىقلار قامۇسى»، «جۇڭخۇا مەشھۇر زاتلار قامۇسى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر بۈيۈك قامۇسى»، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلەر لۇغىتى»، «جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن يېڭىلىق ياراتقان مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق باشقۇرغۇچى مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «دۇنيادىكى جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىسلەر قامۇسى»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئاتاقلىق كوممۇنىستلىرى» قاتارلىق 50 تىن ئارتۇق قامۇسقا تونۇشتۇرۇلغان.

«تاللانغان ھۆسنخەتلەر». ئاپتورى: ئىسمائىل ئىبراھىم ۋە باشقىلار. شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1990-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 10 كەسلەم، تىراژى: 7500.

200 بەت ئەتراپىدىكى بۇ كىتابقا 20 خەتتاتنىڭ ھۆسنخەت ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ 40 پارچە ئەسىرى بار.

«ھۆسنخەتلەر، ئۆرنەك رەسىملەر». ئاپتورى: ئىسمائىل

ئۆزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاغلىق يېزىلاردا چارۋا كۆپەيتىش، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا چارۋا بورداپ تاۋارغا ئايلاندۇرۇش پىكىر يولى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالە 2005-يىل 1-ئايدا گوۋۇيۈەن تەرەققىيات تەتقىقات مەركىزى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭگو ئىقتىسادىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئالدىن كۆزىتىش مەركىزى، سودا مىنىستىرلىقى جۇڭگو خەلقئارا ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

«دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشىم» دېگەن ماقالىدە، 1949-يىلىدىن بۇيان پارتىيە-ھۆكۈمەت ئەزەلدىن ھەل قىلىشنى ئويلىغان، ئەمما ھەل قىلىش قىيىن بولغان بۇ مەسىلىگە قارىتا، جەنۇبىي جۇڭگودىكى تەرەققىي قىلغان ۋە خوتەندىكى نامرات رايونلاردا ئۆزۈن مۇددەت ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ئىلمىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتقان. بۇ ماقالىدىكى قوللىنىش خاراكتېرلىك پىكىر يوللىرى مەركەزنىڭ 2004-يىلى 1-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىدە ئەكس ئەتكەن.

1987-يىلى ئېلان قىلغان «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى رەۋىشلەرنى مۇستەقىل سۆزلۈك تۈركۈمى قىلىش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى ئارقىلىق، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ساھەسىدە تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن «رەۋىشلەر ياردەمچى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە» دېگەن قاراشنى ئىلمىي بولغان تىل ئەمەلىيىتى پاكىتلىرى ئارقىلىق رەت قىلىپ، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسى تەرەققىياتىغا يېڭى تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ 1989-يىلى ئېلان قىلغان «تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىمۇ شۇ ساھەدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «پىداكارلىق»، «يېڭى مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق كىنو تەرجىمە ئەسىرى ۋە 30 قىسىمدىن ئارتۇق تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە

1992 - يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن ماي باسمىدا بېسىپ تارقىتىلغان. 1 - قىسمى 340 بەت، 2 - قىسمى 370 بەت، جەمئىي 710 بەت.

مەزكۇر كىتابنىڭ 1 - قىسمىغا ئېلىمىزدىكى باشقا مىللەت ۋە ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىن جەمئىي 23 پارچە، ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرىدىن 34 پارچە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ئون پارچە، ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرىدىن 25 پارچە، ئۇيغۇر خەلق لەتىپە - چاقچاقلىرىدىن (تارىختىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى لەتىپىچى ۋە قىزىقچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلانغان لەتىپە - چاقچاقلاردىن بولۇپ) جەمئىي 165 پارچە، ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن 291 ى، ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدىن 57 پارچە ئەسەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

2 - قىسمىغا قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن 33 كۇپلېت، ھەر خىل تېمىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمگەك قوشاقلىرى، ئۆرپ - ئادەت قوشاقلىرى، سىياسىي - تارىخىي قوشاقلار، مۇھەببەت قوشاقلىرى، تۇرمۇش قوشاقلىرى، باللار قوشاقلىرى، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى، يېڭى دەۋر خەلق قوشاقلىرى، بېيىت ۋە تەرمىلەر بار) دىن جەمئىي 1000 كۇپلېتقا يېقىن، ئۇنىڭغا يېقىن ئېپوس ۋە خەلق داستانلىرىدىن پارچە، ئەلنەغمە ئەدەبىياتىدىن ئىككى پارچە تاللاپ كىرگۈزۈلگەن.

ئومۇمەن، مەزكۇر خرېستوماتىيىنىڭ 1 - قىسمىغا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەسرىي تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر، 2 - قىسمىغا بولسا نەزمىي تۈرگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ئەپسانە، رىۋايەت قاتارلىق تارىخ ۋە ئېتىقاد خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغان ئەسەرلەرگە، شۇنداقلا ھەجمى بىرقەدەر چوڭ ئەسەرلەر ۋە پارچىلارغا ھەمدە بەزى تارىخىي ئىسىملارغا، يەر - جاي ناملىرىغا زۆرۈر بولغان چۈشەندۈرۈش، ئىلاۋە ۋە ئىزاھاتلار قوشۇمچە قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بەزى كۆنۈكمە سوئاللىرىمۇ بېرىلگەن، ئەسەر ئېلىنغان ۋە سىتاتا كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرمۇ كۆرسىتىلگەن.

ئىبراھىم قاتارلىقلار. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7 — 228 — 05100 9/J.232 . تىراژى: 5000.

ئىسمائىل ئىبراھىم باش بولۇپ نەشر قىلدۇرغان بۇ كىتابقا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 12 نەپەر گۈزەل سەنئەت تەھرىرىنىڭ قىستۇرما رەسىم، بەت بېشى رەسىملىرى، ماۋزۇلۇق رەسىم، كۇنچىك، نەقىشلەردىن تەركىب تاپقان ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ ئەسىرى 200 پارچىنى تەشكىل قىلىدۇ.

---

ئىسمائىل ئىبراھىم 1954 - يىلى نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1962 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1971 - يىلى ھەربىي قىسىمغا قاتناشقان. 1974 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ھەربىي رايونى «جەڭ غەلىبىسى» گېزىتكە يۆتكىلىپ، گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984 - يىلدىن بۇيان ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە گۈزەل سەنئەت تەھرىرى بولۇپ



ئىشلەۋاتىدۇ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر. جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خرىستوماتىيىسى» (تاللانما ئەسەرلەر ئوقۇشلۇقى). تۈزگۈچى: ئەنۋەر مەتسەيدى. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات كەسپى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى، قوشۇمچە دەرسلىك. ئىككى قىسىم، 16 كەسلەم.

نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 16 كەسلەم، 400 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1276—6 . بۇ كىتاب پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تىل كەسپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

7. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن سوئال - جاۋابلار». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، 32 كەسلەم، 240 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0830—6 . بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

8. «تىلشۇناسلىقتىن سوئال - جاۋابلار». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2001 - يىل نەشرى، 32 كەسلەم، 242 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0832—2 . بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىلشۇناسلىق دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

9. «ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىن كونسۇلتاتسىيە». شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 191 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3477—9 . بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر، تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ فونېتىكشۇناسلىق دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

10. «ئۇيغۇر تىلى» (باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار). شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2003 - يىل نەشرى، چوڭ 32 كەسلەم، 469 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3634—8 . بۇ كىتاب باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەييارلىشى ۋە تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

**تۇراپ قاسىم يازغان ۋە تۈزگەن كىتابلار:**

1. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 1995 - يىلى باستۇرغان. 32 كەسلەم، 240 بەت. بۇ كىتاب ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

2. «ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 1996 - يىل باستۇرغان. 32 كەسلەم، 170 بەت. ئىچكى نومۇرى: 0131. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

3. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەرسلىك ماتېرىيالى بۆلۈمى 1996 - يىلى باستۇرغان. 16 كەسلەم، 422 بەت. بۇ دەرسلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ۋە تىل كەسپىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

4. «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتشۇناسلىقى». ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دەرسلىك ماتېرىيالى بۆلۈمى 1996 - يىلى باستۇرغان. 16 كەسلەم، 126 بەت. بۇ دەسلىك پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدىكى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى ئوبيېكت قىلىپ تۈزۈلگەن.

5. «ئۇيغۇر تىلىدىن ئومۇمىي تەكرار». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى، 64 كەسلەم، 313 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1184—0. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

6. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». باشقىلار بىلەن بىرلىكتە تۈزگەن، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە، «يۇرت مۇھەببىتى» (نەسر)، «ئانا سەھرا» (شېئىر) قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

تۇراپ قاسىم يولچى ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتتىكى نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، 1992 - يىلى مەكتەپ دەرىجىلىك «ئەڭ ياخشى سىنىپ مۇدىرى» ، 1999 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش خىزمىتىدە زور تۆھپە قوشقۇچى» قاتارلىق مۇكاپات ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىلىرىگە ئېرىشتى. مەكتەپ ئۇنىڭ بىر قىسىم ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا 1996 - يىلى «بىرىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئوقۇتۇش نەتىجىسى مۇكاپاتى» ، 2003 - يىلى «مۇنەۋۋەر پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتى» قاتارلىق شەرەپلەرنى ۋە ماددىي مۇكاپاتلارنى بەردى.

ئۇ نۆۋەتتە مەكتەپ دەرىجىلىك تەتقىقات تېمىسى «ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھەققىدە» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش يۇمشاق دېتالى» قاتارلىقلار ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتىدۇ.

## ئابدۇغېنى قۇربانھاجى تەرجىمە قىلغان، تۈزگەن كىتابلار:

1. « جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىدىن كونسۇلتاتسىيە» . 120 مىڭ خەتلىك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996-يىلى نەشرى، 5000 تىراژدا تارقىتىلغان.

2. « ‹ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان › دىن كونسۇلتاتسىيە» . تۈزۈشكە قاتنىشىپ 30 مىڭ خەتلىك مەزمۇنىنى ئىشلىگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىلى 12-ئاي نەشرى. 140 مىڭ خەت، 3000 تىراژدا تارقىتىلغان.

3. « ‹ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان › دىن

11. «ئۇيغۇر تىلى» (ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنى تېز ئەستە قالدۇرۇش قوللانمىسى). شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل نەشرى، چوڭ 64 كەسلەم، 323 بەت. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5372—3744—1. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى تەكرارلىشى ئۈچۈن سوئال - جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن.

---



تۇراپ قاسىم يولچى 1958 - يىل 1 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ پىيالما يېزىسى قۇمبوي كەنتىدە تۇغۇلغان. 1971 - يىل 7 - ئايغىچە پىيالما باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1974 - يىل 9 - ئايغىچە ئۆز يۇرتىدا تىككۈچىلىكنى ئۆگەنگەن. 1976 - يىل 7 - ئايغىچە زاڭگۇي يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1978 - يىل 2 - ئايغىچە گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1983 - يىل 2 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملاپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇنىڭدىن بۇيان تىل - ئەدەبىيات (ھازىرقى نامى فىلولوگىيە) فاكۇلتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

تۇراپ قاسىم يولچى 1984 - يىل 9 - ئايدىن 1985 - يىل 3 - ئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركىي تىللار فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1999 - يىل 7 - ئايدىن 2001 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتلار دەرسى ئۆتۈلىدىغان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان. 2000 - يىلى دوتسېنت بولۇپ باھالانغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ماگىستىر يېتەكچىسى.

تۇراپ قاسىم يولچى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «دە» ياردەمچى سۆزى ھەققىدە»، «خوتەن دىئالېكتى لېكسىكىسىنىڭ

ئۇ 1994-يىل 10-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە «گۇاڭخۇا» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

**ئەخمەتجان مەتروزى تەرجىمە قىلغان ۋە تۈزگەن دەرسلىك، كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:**

1. «پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش دەرسلىكى». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998-يىل 12-ئاي نەشرى (يەنە باشقا تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئوسمان نىياز، ئىسمايىل نىياز قاتارلىقلار). جەمئىي 392 بەت.

بۇ كىتابتا ئاساسەن، ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، پروگراممىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئاساسىي مەقسىتى، ئاساسىي لۇشيەنى، تەشكىلىي پرىنسىپى ۋە ئىنتىزامى، شۇنىڭدەك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى، ھوقۇقى ھەم پارتىيىگە كىرىش مۇددىئاسى قاتارلىق مەزمۇنلار شەرھلەنگەن.

2. «جياڭ زېمىننىڭ ‹1-ئىيۇل›دا قىلغان سۆزىنى ئۆگىنىش كونسۇلتاتسىيىسى بويىچە سوئال-جاۋابلار». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىل 8-ئاي نەشرى (باشقا تەرجىمە قىلغۇچىلار: پەخىردىن ئىمىن، تۇرغۇن توختى، ئوسمان مۇھەممەت، ئوسمان نىياز، مۇھەممەتتۇرسۇن، ئېلى روزىمەممەت قاتارلىقلار).

بۇ كىتابتا، ئېلىمىزنىڭ ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى 80 يىل جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇلۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلغاندىن كېيىنكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەمدە پارتىيىمىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نى باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ،

كونسۇلتاتسىيە» (بۇ كىتابنىڭ باشقا تۈزگۈچىلىرى باتەي باسىڭ، خېلىل مۇھەممەت). 120 مىڭ خەتلىك. 2000-يىل 11-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىمتىھان ئېلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ تارقىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا «جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى» ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە ئائىت دەرسلىك ماتېرىياللاردىن ئىشلىگەن 160 مىڭ خەتتىن ئارتۇق تەرجىمىسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن.

---

ئابدۇغېنى قۇربانھاجى 1953-يىل 9-ئايدا گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1961-يىل 9-ئايدىن 1968-يىل 7-ئايغىچە گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1970-يىل 3-ئايدىن 1971-يىل 12-ئايغىچە گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1977-يىل 3-ئايغىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1976-يىل 7-ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1978-يىل 12-ئايغىچە گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدا خىزمەت قىلغان. 1983-يىل 2-ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ 1998-يىلدىن بۇيان شىنجاڭ پارتىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلمەكتە، دوتسېنت ئۇنۋانىغا ئىگە.

ئۇ ھازىرغىچە «مىللىي ئىنقىلاب دولقۇنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1991-يىل 6-سانى)، «پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 4-سانى)، «ماتېرىيە بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1999-يىللىق قوشۇمچە سانى) قاتارلىق 12 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

قىلىنغان. ئۇيغۇرچە، 190 مىڭ خەت.
بۇ كىتابتا ئاساسلىقى ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، نوپۇسى، ئولتۇراقلىشىش ئالاھىدىلىكى، ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرغانلىقى، شىنجاڭنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئايرىلماس رايونى ئىكەنلىكى، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، دىنىي سىياسىتى ۋە بىرلىك سەپ سىياستى قاتارلىقلار شەرھلەنگەن.

---

ئەخمەتجان مەتروزى 1957-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1965-يىل 9-ئايدىن 1976-يىل 6-ئايغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1977-يىل 10-ئايغىچە كېرىيە مۇغاللا بازىرىنىڭ ھال كەنتىدە قايتا تەربىيە ئالغان. 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ماركسىزم-لېنىنىزم ئوقۇتۇش-تەتقىقات بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1987-يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى



مىللەت تەتقىقاتى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان «دۇنيا مىللەتلىرى تەتقىقاتى لېكتورلار سىنىپى»دا بىلىم ئاشۇرغان. 1990-يىل 9-ئايدا شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1995-يىل 4-ئايدىن ھازىرغىچىلىك شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىدە بۆلۈم دەرىجىلىك تەشكىلاتچى، مەكتەپ پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.
ئۇ «مىراس»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىدا بىر قىسىم ئەسەرلەرنى، شۇنىڭدەك «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «غەربىي رايوننىڭ ئادەم كۈچى

ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار شەرھلەپ بېرىلگەن.

3. «〈ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى〉 دىن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ئۈچۈن ئاچقۇچ». قوشۇمچە دەرسلىك. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم-لېنىنىزم ئوقۇتۇش-تەتقىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن 1992-يىل 10-ئايدا باستۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. جەمئىي 195 بەت.

بۇ ماتېرىيال دۆلەت ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئېلان قىلغان «ئىمتىھان ئېلىش تېزىسلىرى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەردىن ئىمتىھان ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى بەلگىلەپ بەرگەن «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» قاتارلىق دەرسلىك ماتېرىيالغا ئاساسەن، ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن «مىللەت نەزەرىيىسى» ئىمتىھانىدا قېلىپلاشقان سوئال شەكىللىرى بويىچە تۈزۈلگەن ھەم ھەرقايسى سوئاللارنىڭ ئارقىسىغا توغرا بولغان ئۆلچەملىك جاۋابلىرى بىرگە قوشۇپ بېرىلگەن. شەكلى كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، ئىدىيىسى ساغلام ۋە ئىخچام بولۇپ، كۇرسانتلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى، ئۆزلىرىنىڭ بىلىمىنى سىناپ كۆرۈشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

4. «〈ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى〉نى ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار» (تەرجىمە). 1996-يىل 9-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دەرسلىك ماتېرىياللىرى بۆلۈمى تەرىپىدىن بىرتۇتاش بېسىپ تارقىتىلغان. تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، چوڭلار مائارىپى ئوقۇغۇچىلىرى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكى

ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان.

**تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا تەرجىمە قىلغان كونسۇلتاتسىيە كىتابلىرى:**

1. «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ئاپتورى: چيەن گەنرۇڭ. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 638 بەت، تىراژى: 3000.

كىتابتا زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. بۇ دەرسلىك ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسپىي مەكتەپلەردە بىرتۇتاش قوللىنىلغان.

2. «قانۇن ئاساسلىرى دەرسلىكى». ئاپتورى: گۇچۇندې، چىن لاۋجې. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 745 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش؛ ئاساسىي قانۇن، مەمۇرىي قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنى قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك تونۇشتۇرۇلغان. بۇ دەرسلىك ئالىي مەكتەپلەردە بىرتۇتاش قوللىنىلىۋاتىدۇ.

3. «گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەن ئاساسلىرى». ئاپتورى: دېڭ بوچۈەن، خۇجىخۇا. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 2001 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 311 بەت، تىراژى: 5000.

پۈتۈن كىتاب جەمئىي ئون باب، ئۈچ بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەنگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر، گۇمانىتار ئىجتىمائىي پەننىڭ يېڭى ئەسىردىكى مۇھىم ئىلگىرىلىشى ۋ

بايلىقنى ئېچىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا» ، «ئۈچ چوڭ ئىستىلنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش توغرىسىدا» ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىشتىكى بازىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى» قاتارلىق بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

«كاتىبات يېزىقچىلىقى». تۈزگۈچى : كۈرەشچان ئۆمەر. تۈرى: دەرسلىك. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل 6 - ئاي نەشرى، كىتاب نومۇرى: ISBN7—5373—0649—4/G.113 . چوڭ 32 كەسلەم: تىراژى: 4000.

بۇ كىتاب 11 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، كاتىبات ئىلمى توغرىسىدىكى بىلىملەر، كاتىبات خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، مەجبۇرىيىتى، خاراكتېرى، ۋەزىپىسى، تەلەپ ۋە پرىنسىپلىرى، كاتىبات خادىملىرىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ساپاسى؛ ئاخبارات يېزىقچىلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر سىستېمىلىق بايان قىلىنغاندىن باشقا، 35 خىلدىن ئارتۇق ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان خەت - چەك قائىدىلىرى كونكرېت ئۈلگىلەر ئارقىلىق مۇكەممەل چۈشەندۈرۈلگەن.

---



كۈرەشچان ئۆمەر 1964 - يىل 9 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ئارال يېزىسى ئۇرچى كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1978 - يىل 7 - ئايغىچە ئارال ئوتتۇرا مەكتىپىدە، 1980 - يىل 7 - ئايغىچە ئونسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1984 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. ئۇنىڭ

يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا 40 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. 1998 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 5 - نۆۋەتلىك «ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنەۋۋەر پەن - تەتقىقات نەتىجىسى» مۇكاپاتىغا، 1995-، 1997-، 1998- يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «گۇاڭخۇا مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتى» غا، سىچۈەن «لياڭيى مۇنەۋۋەر ياش ئوقۇتقۇچىلار مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

«بوكسچىلىق ھەققىدە ساۋات». گۇما ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئۆمەر باقى تەرجىمىسى. 1996 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 6000 تىراژدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان. كىچىك 32 كەسلەم، 160 بەت.

بۇ كىتاب بوكسچىلارنىڭ باشلانغۇچ كۇرس ئوقۇشلۇقى بولۇپ، بوكسچىلىقنىڭ ئاساسىي تېخنىكىلىرى، بوكس مۇسابىقىسى قائىدىلىرى ۋە رېپىرىلىق ئۇسۇلى، بوكسچىلىق مەشق بۇيۇملىرىنى ئۆزى ياساش قاتارلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بوكس ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەش دەرسلىكى قىلىشقا بولىدۇ.

---



ئۆمەر باقى 1950 - يىل 11 - ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ گۇما بازىرىدا مائارىپچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1976 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1976 - يىل 8 - ئايدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر تولۇقسىز ۋە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۆمەر باقى 1974 - يىلىدىن بۇيان چېلىشىش مەشقى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ ماھارىتىنى ئۆستۈرگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايون

تەرەققىيات يۈزلىنىشى، گۇمانتار ئىجتىمائىي پەن بىلەن باشلانغۇچ مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ مۇناسىۋىتى ئايرىم - ئايرىم شەرھلەنگەن.

بۇ دەرسلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ پېداگوگىكا مەكتەپلىرىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى كەسپىدە بىلىم ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

4. «يېڭى نىكاھ قانۇنىدىن پۇقرالار ئوقۇشلۇقى». ئاپتورى: جاۋ لىپ. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 475 بەت، تىراژى: 5000.

بۇ كىتابتا يېڭىدىن تۈزۈلگەن نىكاھ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى، نىكاھلىنىش، ئائىلە مۇناسىۋىتى، نىكاھتىن ئاجرىشىش، قوشۇمچە پرىنسىپ قاتارلىق مەزمۇنلار ئىخچام شەرھلەنگەن.

---

تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا 1970 - يىلى قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1986 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، 1990 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. 1993 - يىلىدىن 1995 - يىلىغىچە دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاچقان قوش ئۇنۋان سىنىپىدا ئوقۇغان. 1995 - يىلى لېكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 2002 - يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بېرى «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى»، «ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئىلمى»، «غەرب سىياسىي ئىدىيە تارىخى»، «زامانىمىزدىكى غەرب سىياسىي ئېقىملىرى»، «سېلىشتۇرما ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە ئىلمى»، «ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە مېتودولوگىيىسى» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. دۆلەت دەرىجىلىك بىر تەتقىقات تېمىسى ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئۈچ تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 1996 -

ئىدارىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئەخلاقىي تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

«خەنزۇ تىلى» (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىدىن ئومۇمىي تەكرار). تۈزگۈچى: مەتسەيدى مەممىتىمىن، ئابدۇقادىر مەتروزى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 1 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 186 بەت.

بۇ كىتاب ئۆلچەملەشكەن ئىمتىھان سوئال شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى مەزمۇنلار خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى، خۇلاسە ئىمتىھانى، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تۈزۈلگەن.

كىتابقا جۈملە تۈزۈش قىسمى ۋە مىقدار سۆزلەرنىڭ ئىسىملار بىلەن ماسلىشىش جەدۋىلى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان. كۆپ ئۇچرايدىغان يان بۆلەكلەر جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن.

«ئۇيغۇر تىلى» (ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئومۇمىي تەكرار). تۈزگۈچى: ھېسامىدىن ئۆمەر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى، 32 كەسلەم، 448 بەت. تىرازى: 10 مىڭ. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى شۇ نام بىلەن 1993 - يىلى نەشر قىلىپ، 1997 - يىل 6 - ئايغىچە بەش قېتىم بېسىپ تارقاتقان. بۇ كىتاب ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ئۈچ قىسىملىق «ئۇيغۇر تىلى» ناملىق كىتابقا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

كىتابتىكى مەزمۇنلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىرىنچى قىسىمغا فونېتىكا ۋە لېكسىكىغا ئائىت مەزمۇنلار، ئىككىنچى قىسىمغا مورفولوگىيىگە دائىر مەزمۇنلار، ئۈچىنچى قىسىمغا سىنتاكسىسقا تەۋە مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىرقەدەر كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇلما جەھەتتە ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوملارغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھان سوئاللىرىغا تەقلىد قىلىنغان. ھەربىر قىسىمنىڭ مەزمۇنى سوئال - جاۋابلار، بوش ئورۇن تولدۇرۇش

ۋە ۋىلايەتلەردە ئۆتكۈزۈلگەن نۇرغۇن قېتىملىق چېلىشىش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، ئالدىنقى نام تەرتىپىگە ئېرىشىپ، ۋىلايەت ھەم ناھىيىگە كۆپ قېتىم شان - شەرەپ كەلتۈرگەن. دۆلەتلىك 2 - دەرىجىلىك چېلىشىش رېپىرى، ئەركىن چېلىشىش بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك تىرېنېر پەخرىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيە - سىياسىي دەرسلىكىدىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان سوئاللىرى ۋە مەشىقلەر».

تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتجان مەترېھىم. كىتاب تۈرى: سىياسىي. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئاي نەشرى، 366 بەت، 32 كەسلەم. بۇ كىتابتا ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ تۈرلىرى، ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە - سىياسىي دەرسىدىن بىلىم ۋە ئىقتىدارىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن سىناش ئۈچۈن ئىمتىھان سوئالى چىقىرىش پرىنسىپى، ئۇسۇلى، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سوئاللارنىڭ ئۈرنەكلىرى ۋە جاۋابلىرى كىرگۈزۈلگەن.

---



مەمەتجان مەترېھىم 1970 - يىل 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى لوپ بازىرىدا زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1992 - يىل 7 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي - مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1992 - يىل 8 - ئايدىن 1999 - يىل 4 - ئايغىچە لوپ ناھىيە بەشتوغراق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، چاھارباغ يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، لوپ بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 1999- يىل 5 - ئايدىن ھازىرغىچە لوپ ناھىيىلىك مائارىپ

ماتېماتىكا دەرسىدىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: جېلىل مەممەت. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، 32 كەسلەم، 201 بەت، تىراژى: 6000.

---

جېلىل مەممەت 1938 - يىل 9 - ئايدا گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىسىنىڭ «يا» كەنتىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ 1959 - يىل 5 - ئايدا ئوقۇشتىن چېكىنىپ گۇما ناھىيە سانجۇ يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان. ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، 1991 - يىل 10 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان. خىزمەت ھاياتىدا دەرس مۇنبىرىدىن ئايرىلماي بىر ئۆمۈر ماتېماتىكا ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان. كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى: ئوتتۇرا مەكتەپ 1 - دەرىجە.

«تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار». تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1998 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 469 بەت.

بۇ كىتابقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىملىق ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن مۇھىم مەزمۇنلار سوئال - جاۋاب شەكلى بىلەن كونسىپېك شەكلى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ تۈزۈلگەن. دەرسلىكتىكى مۇھىم، قىيىن نۇقتىلار ئېنىچام، چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەنگەن. ئالتە قىسىم كىتابتىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، يېزىقچىلىق، لوگىكا بىلىملىرى ئۆز قەرەلىدە بېرىلگەندىن سىرت، كىتابقا 89 پارچە تېكىستنىڭ تەھلىلى، تېكىست ئاپتورىنىڭ تەرجىمىھالى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، ژانىرى، كونكرېت شەكلى، خاراكتېرى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى بېرىلگەن. ھەر بىر تېكىست ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن.

سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، ھۆكۈم قىلىش سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، تاللاش سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى، كۆنۈكمىلەر ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى ھەممە قوشۇمچە جەدۋەللەردىن ئىبارەت كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

---

ھېسامىدىن ئۆمەر 1961 - يىلى خوتەن شەھرىدە تۇغۇلغان. 1978 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1982 - يىلىدىن تارتىپ خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، 1995 - يىلى تىل - ئەدەبىيات كەسپى بويىچە تولۇق كۇرس دىپلومىغا ئېرىشكەن.



ھېسامىدىن ئۆمەر ئەدەبىي ئىجادىيەت، پەن تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئون پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. بىر پارچە شېئىرى ۋىلايەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى ۋىلايەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 2 - ۋە مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «2004 - يىلى ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەملىكەتلىك بىرتۇتاش ئىمتىھانىنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھان سوئالى» نى چىقىرىش خىزمىتىگە قاتناشقان.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئالگېبرا، باشلانغۇچ مەكتەپ

ئىچىدىكى بارلىق تېكىستلەر كۆنۈكمىنىڭ تەلپى بويىچە سوئال - جاۋاب شەكلىدە بېرىلگەن.

---

تاڭنۇر ئابدۇقادىر 1970 - يىل 4 - ئايدا چىرا ناھىيە بازىرىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1988 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر چىرا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.



ئۇ 1995 - يىلدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە بەش پارچە ھېكايىسى، ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. 1998 - يىلى «ئوقۇتقۇچىلار قىبلىنامىسى» ناملىق مەجمۇئەگە بىر پارچە ئىلمىي ماقالىسى، «مەرىپەت مەشئىلى» ناملىق توپلامغا بىر پارچە نەسرى كىرگۈزۈلگەن.

«ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر». تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 427 بەت.

بۇ كىتابقا ھەر خىل تېمىدىكى، ھەر خىل شەكىلدىكى ماقالىلەرنى يېزىش، يازدۇرۇش جەريانىدا ماقالە يازغۇچىلار ۋە ماقالە يېزىشقا يېتەكچىلىك قىلغۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەر ۋە بۇ ھەقتە كۆپلىگەن نەزەرىيىۋى بىلىملەر، نەزەرىيىۋى چۈشەنچىلەر بايان قىلىنغان. تۆرلۈك ژانىردىكى ماقالىلەرنى يېزىش ئۇسۇللىرى، مەشق قىلىشنىڭ مەقسەت، تەلەپ، قەدەم - باسقۇچلىرى ۋە بۇلارغا ئائىت ئۈلگىلىك ماقالىلەر بېرىلگەن.

«نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۈرنەكلەر». تۈزگۈچى: ماخمۇت سىدىق. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى 9 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم،

«خىمىيىدىن ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنجان سابىر، نەبىجان رەجەپ. شىنجاڭ پەن - تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى 1999 - يىل 2 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 328 بەت.
بۇ كىتاب مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دەرسلىك ھەمدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە پۈتۈن كۆنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خىمىيە ئوقۇتۇش پروگراممىسى ئاساسىدا ساپا مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن.
«ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىدىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئۆمەر مەتنۇرى قۇتيار. كىتاب تۈرى: تىل - ئەدەبىيات. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 64 كەسلەم، 433 بەت.
بۇ كىتابقا «ئەدەبىياتنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى»، «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، «ئىستىلىستىكا»، «خەت - چەكلەر»، «مۇھىم تېكىستلەر»، «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر تىلى» قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار تولۇق كىرگۈزۈلگەن.
«ئەدەبىيات ئوقۇتۇش يېتەكچىسى» (1 -، 2 - قىسىم). تۈزگۈچى: تاڭنۇر ئابدۇقادىر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2000 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 433 بەت.
بۇ كىتاب شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان دەرسلىك ۋە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى پىكىر ئاساسىدا ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى بويىچە نىشانلىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 2 - يىللىقتىن باشلاپ 6 - يىللىققىچە بولغان بەش يىللىقنىڭ ئون كىتابى

نەشرىياتى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 340 بەت.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار». تۈزگۈچى: مەتتوختى ساۋۇت. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 215 بەت.

بۇ كىتاب، فىزىكا دەرسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ساپا مائارىپىنىڭ ئىمتىھان شەكلىگە يېقىنلاشتۇرۇلۇپ، بىر يۈتۈن دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى تولۇق، مېغىزلىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان.

---



مەتتوختى ساۋۇت 1962 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لوپ ناھىيە سامپۇل يېزا ھىلدان كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 ـ يىل 9 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ فىزىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، كېرىيە ناھىيە لەڭگەر ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپ ناھىيە سامپۇل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن. 1985 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1987ـ يىل 7 ـ ئايغىچە خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىكا كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ ئوقۇتۇشتىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەمەلىي نەتىجىلىرىگە ئاساسەن 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ بىرقانچە ئىلمىي ماقالىسى ناھىيە ۋە ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان مۇسابىقىلەردە دەرىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلانغان.

«ئۇيغۇر ھازىرقى زامان كارتون ئاۋازلىق، رەسىملىك ئېلىپبەسى» ئاپتورى: ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان. لياۋنىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە ئۈن-سىن نەشرىياتى 2006-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى. تىراژى: 3000. نەشر نومۇرى: ISBN7—88365—453—5/r.z،

460 بەت.

بۇ كىتابقا نەسر يېزىقچىلىقى ھەققىدىكى كەڭ دائىرىلىك بىلىملەر، نەسرنىڭ خۇسۇسىيىتى، تۈرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى ئۈرنەك ماقالىلەر، ئېپىك نەسر ھەققىدىكى بىلىملەر ۋە بۇ ھەقتىكى ئۈرنەكلەر، لىرىك نەسر ھەققىدىكى بىلىم ۋە ئۈرنەك ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن.

«ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش مېتودى». پېداگوگىكا مەكتەپلىرى ئۈچۈن دەرسلىك. ئاپتورى: مۇختار سۇپۇرگى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى. كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—1731—8، 32 كەسلەم، 311 بەت، تىراژى: 4000.

بۇ دەرسلىككە ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىغا دائىر سەككىز باب، 20 پاراگرافلىق بىلىم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا كىرگۈزۈلگەندىن باشقا يەنە يېڭى تۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ «ئەدەبىيات» دەرسلىكىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن بولغان 24 تېكىستنىڭ تەھلىلى كىرگۈزۈلگەن.

«ماقالە يېزىقچىلىقى ۋە ئۆلگىلىك ماقالىلەر». تۈزگۈچى: ئېزىز سەيپۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 3 - ئاي نەشرى، 64 كەسلەم، 180 بەت.

بۇ پايدىلىنىش كىتابى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئۆتۈشكە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياخشى ياردەمچى بولۇپلا قالماستىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان ۋە ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈنمۇ ئومۇمىي تەكرار ماتېرىيالىدۇر.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن ئومۇمىي تەكرار». تۈزگۈچى: ئېزىز سەيپۇللا. شىنجاڭ خەلق سەھىيە

مەزمۇنلۇق قىلىپ يېزىلغان. جاۋاب بېرىش، توغرا ـ خاتاغا ھۆكۈم قىلىش، بوش ئورۇن تولدۇرۇش يەنى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سوئال تەلىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولغاچقا، ئوقۇشچانلىقى يۇقىرى.

«شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەرگە ئىزاھات». تۈزگۈچى: ئايىمنىسا ئوبۇلھەسەن، مەمتىمىن ئۆمەر. 1996 - يىل 4 - ئايدا باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان. 32 كەسلەم، 96 بەت.

بۇ كىتابقا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان ھەم مەكتەپلەردە شېئىرىيەت ژانىرىغا دائىر مەزمۇنلار سۆزلەنگەندە ئۇچرايدىغان، مەنىسى تازا ئېنىق بولمىغان بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات خاراكتېرلىك چۈشەنچە بېرىلگەن. شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەر ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىپ، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى يېشىپ بېرىلگەن.

«سىياسەتتىن سوئال - جاۋابلار». تۈزگۈچى: ئوسمانجان ئىسمايىل. 32 كەسلەم، 160 بەت. 1996-يىلى تۈزۈپ باستۇرۇلغان. كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئالتە قىسىم سىياسەت دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار سوئال - جاۋاب شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلگەن.

---

ئوسمانجان ئىسمايىل 1967 - يىل 12 - ئايدا كۇچا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، 1985 - يىل خىزمەتكە قاتناشقان. نىيا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: مۇتەللىپ قادىر. 32 كەسلەم، 250 بەت. 1996 - يىلى باستۇرۇلغان. كىتابتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ

ISRC CN—D14—05—006—0/r.z، 16 فورمات، رەڭلىك، ئىككى پارچە CD پىلاستىنكىسى سەپلەنگەن. بۇ، باللار باغچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تېز ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىدۇر.

«تىل ـ ئەدەبىيات يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: مەمتىمىن سالى، ئېزىز روزى. 1996 ـ يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى باسما زاۋۇتىدا 218 بەت، 32 كەسلەم قىلىنىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتاب تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىغا ئاساسەن، ھەرقايسى يىللىقلار ئۈچۈن ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ، ئاساسىي بىلىم بىلەن ئاساسىي ماھارەت يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە تۈزۈلگەن. كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلى قىسمىنى مەمتىمىن سالى، ئەدەبىيات قىسمىنى ئېزىز روزى تۈزگەن.

«ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن ئىدىيە ـ سىياسىي دەرس تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: ئابلىز ئابدىلىم. 1996 ـ يىل باسمىسى. 32 كەسلەم، 100 بەت.

بۇ كىتاب ئۆلچەملەشكەن ئىمتىھان سوئال شەكلىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، كىتابتىكى مەزمۇنلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ يىللىقلىرىنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي دەرسلىكىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار. سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈلگەن.

«تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: تۇرسۇنتوختى سۇلايمان. 1996 ـ يىلى باستۇرۇلۇپ تارقىتىلغان، 32 كەسلەم، 132 بەت.

بۇ كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئۈچ قىسىم ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى، ئۈچ قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىچىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار ھازىرقى ساپا مائارىپىنىڭ سوئال تەلىپى بويىچە سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، ئالتە قىسىم كىتابتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن بىلىملەر ئىخچام،

# تەرجىمە ئەسەرلەر

«تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى» . ئاپتورى: دوخۇخۇي (ياپونىيە) . ياپون تىلىدىن شۈي مىڭگاۋ، جاڭ شىگۇڭلار تۈزۈپ تەرجىمە قىلغان. خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەتروزى ھېيت. جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر، قازاق شۆبىسى (ھازىرقى «شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى») 1984 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى. 47 بەت. تىراژى: 2500.

بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر مەزمۇنغا باي، قىزىقارلىق بولۇپ، جاۋاب بېرىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز كاللىسىدىكى جاھىللىقىنى يېڭىپ، جانلىقلىقىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدۇ، شۇڭا ئۇنى كىشىلەرنىڭ «پىكىر قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، مېڭىسىنى ئاچىدىغان»، «ئەقلىي كۈچىنى چېنىقتۇرىدىغان» كىتاب دېيىشكە بولىدۇ. كىتابتا يەنە دۇنيادىكى 84 نەپەر ئاتاقلىق كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ۋەقەلەر كىرگۈزۈلگەن. كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئۆگىنىش، تۇرمۇش، خىزمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ زېھنىي كۈچىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھېس قىلالايدۇ.

---



مەتروزى ھېيت 1941 - يىل خوتەن شەھىرىدە ھونەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1953 - يىلىغىچە خوتەن شەھىرى چايخانا باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1959 - يىل 8 - ئايغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا، 1964 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا

خەنزۇ تىلى دەرسلىكىدىكى ئاساسلىق مەزمۇنلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي تەكرار جەريانىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

---

مۇتەللىپ قادىر 1972 - يىل 9 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1993 - يىل 9 - ئايدا خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر نىيا ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

«‹تارىخ› دەرسىدىن ئومۇمىي تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: ئايگۈل توختى. 32 كەسلەم، 150 بەت. 1996 - يىل باستۇرۇلغان. كىتابقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تارىخ دەرسلىكىدىكى جۇڭگو ۋە دۇنيا تارىخىغا دائىر مەزمۇنلار سوئال - جاۋاب شەكلىدە كىرگۈزۈلگەن.

---

ئايگۈل توختى 1968 - يىل 9 - ئايدا نىيا ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1987 - يىل خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقان. ھازىر نىيا ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

«‹تارىخ› دەرسلىكى تەكرار يېتەكچىسى». تۈزگۈچى: دىلمۇرات ئابلىز، ئامىنەم ئەبەيدۇللا. 1998 - يىل 12 - ئايدا باستۇرۇلغان، 161 بەت، 32 كەسلەم، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ كىتاب تارىخ دەرسى پروگراممىسى ۋە دەرسلىكىگە ئاساسەن ئىككى كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمىغا جۇڭگو تارىخى كىرگۈزۈلگەن. كىتاب تۈزۈلۈش جەھەتتىن دەرسلىكنىڭ ھەر قايسى بابلىرى، تارىخ بىلىملىرىنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى بويىچە سوئال - جاۋاب، مۇھاكىمە سوئاللىرى، تاللاپ جاۋاب بېرىش، تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇش، بوش ئورۇننى تولدۇرۇش، تارىخىي ئاتالغۇلارنى چۈشەندۈرۈش، زور ۋەقەلەر يىلنامىسى تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن.

.5000

بۇ كىتابتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پارتىيىگە دائىر 800 سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابلىرى شەرھلەنگەن.

«كارل ۋىتىرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى». تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر، جۇرئەت دۆلەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىل 10 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 438 بەت.

بۇ كىتابتا بالىلارنىڭ دەسلەپكى تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا مول مەزمۇنلۇق تەجربە - ساۋاقلار يەكۇنلىنىپ، تولىمۇ تەسىرلىك يېزىلغان. كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەر مىللىتىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيىلەشتىكى ئېسىل ئەنئەنە ۋە تەجربىلىرىگە، نۆۋەتتىكى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

«مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز». ئاپتورى: ئابدۇرېھىم دۆلەت. ژانىرى: مۇھاكىمە ماقالىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 389 بەت.

بۇ كىتابقا ياش مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم دۆلەتنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان 21 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەن. ئاپتور بۇ ماقالىلەردە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى بىر - بىرىگە ئوپتىن ئوخشىمايدىغان كىشىلەر توپى ھەققىدە چوڭقۇر، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئورنى ۋە رولى، مەسئۇلىيىتى، بۇ كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۆز بۇرچىدىن يىراقلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلغان. ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى — جەمئىيەتنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى ھەم مەنبەسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، مەدەنىيەت بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى سەمىمىزگە سېلىپ، كىتابخانلارنى ۋىجدانلىق، ئەخلاقلىق، سەمىمىي بولۇپ، تىرىشىپ

ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا خىزمەت قىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1998 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئاپتور يەنە «كېسىلمەس قويرۇق»، «يوقىرى - تۆۋەن بەش مىڭ يىل» (1 - قىسىم) دېگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلغان بولۇپ، كىتاب شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. «نەق مەيدان توي مۇراسىمى»، «مۇساپىرنىڭ يۇرتىغا قايتىشى»، «ئۈچ يولۇچى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. «ماركسىزم — نۇرلۇق ماياك»، «تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىككى قۇرۇلتاي»، «تىرىشچان ستۇدېنت»، «ئالما»، «شەپەرەڭ» قاتارلىق بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلىرى، ئوبزورلىرى ۋە تەرجىمە ھېكايىلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە رادىئودا ئاڭلىتىلغان.

«يېڭى ئەسىردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ پروگراممىسى». تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى. 2001 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 305 بەت، تىراژى: 5000.

كىتابتا باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «1 - ئىيۇل» دا قىلغان سۆزى ۋە بۇ سۆزنى ئۆگىنىشكە دائىر بىر قاتار مەسىلىلەر شەرھلەنگەن.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پارتىيىگە دائىر بىلىملەردىن 800 سوئال - جاۋاب». تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. تەرجىمە قىلغۇچى تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا قاتارلىقلار. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى، 221 بەت، تىراژى:

تەپەككۇر ئارقىلىق بېيىشنىڭ تۆرلۈك پرىنسىپلىرىنى ناپالىئون فېئول 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 500 دىن ئارتۇق داڭلىق شەخسنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى ۋە بېيىشىدىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ يېزىپ چىققان.

---



ئىجتىھادلىق ياش تەرجىمان ئازادجان نىزامىدىن 1977 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لوپ بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن. 1998 - يىل 7 - ئايدا خوتەن ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، لوپ ناھىيە چاھارباغ يېزىلىق 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 2001 - يىل 9 - ئايدىن 2003 - يىل 7 - ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى تەرجىمە ماقالىسى بىلەن تەرجىمە ھاياتىنى باشلىغان. ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئۇنىڭ ئون پارچىدىن ئارتۇق تەرجىمە ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇ «دەسلەپكى تەربىيە ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈش دەستۇرى»، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە «3 - دۇنيا ئۇرۇشى» دېگەن كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشرىياتقا تاپشۇردى.

«كارل ۋىتېرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى». تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل ئابدۇقادىر، ئازادجان نىزامىدىن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 482 بەت.

بۇ كىتاب جۇڭگو ۋە چەت ئەل مائارىپ تارىخىدا مەشھۇر بولغان «كارل ۋىتېرنىڭ پەرزەنت تەربىيىسى» دېگەن كىتابنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە بېيىتىلىشى.

گۈزەل ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىزنى يېڭى ئەسىردە نۇرلاندۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

«مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى». تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئادىل ئابدۇقادىر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 654 بەت.

بۇ كىتابتا دۇنيادىكى ئاساسلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە ھەر بىر مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقى، مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، توقۇنۇشلارنىڭ دۇنيانىڭ سىياسىيسىغا ۋە تىنچلىقىغا، خەلقئارا تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى دۇنيانىڭ سىياسىي ئىشلىرى بايان قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلار ئاساسەن يوق بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بەردى ۋە كىتابخانلارنى دۇنيانىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ياخشى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى.

«تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى». تەرجىمە قىلغۇچى: ئازادجان نىزامىدىن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 395 بەت. ئاپتورى: مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى بولغان ئامېرىكىلىق دوكتور ناپالېئون ھېئول.

ئاپتور بۇ كىتابتا تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشنىڭ دۇنيا ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن.

«توغرا تەپەككۇرغا تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەش». تەرجىمە قىلغۇچى: ئازادجان نىزامىدىن. شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2004 - يىل 7 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 468 بەت.

بۇ كىتاب ئامېرىكىدا «مىليونېر يېتىشتۈرگۈچى» دەپ تەرىپلەنگەن مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى ناپالېئون ھېئول دوكتورنىڭ دۇنياغا داڭلىق كاتتا ئەسىرى. بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن

تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ياۋروپا ھونلىرىنىڭ رىۋايەتلىك داھىيسى ئاتتىلانىڭ ھاكىمىيەت تىكلەش جەريانى، ياۋروپادا پەيدا قىلغان زىلزىلىسى بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە ئاتتىلاغا مۇناسىۋەتلىك بولغان (ھازىرغىچە كىشىلەرگە مەلۇم بولمىغان) 30 نەچچە رەڭلىك قىممەتلىك رەسىم كىتابقا قىستۇرما قىلىنغان.

«يۇقىرالار قوللانمىسى». تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن ھوشۇر قاتارلىقلار. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى. چوڭ 32 كەسلەم، 84 بەت، تىراژى: 1650.

بۇ كىتابتا دېموكراتىيە، قانۇن - تۈزۈم، ھوقۇق، مەجبۇرىيەت، ئومۇمىي ئەخلاق، ئىنتىزام قاتارلىق بابلار ئاستىدىكى مەزمۇنلار تەپسىلىي، ئىنچىكە ئاناليزلىق بايانلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«ئاياللار دۇنياسى». ئاپتورى: توڭ يىچيۇ. تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن ھوشۇر، ئاينۇر ئابدۇللا، مەتتۇرسۇن مەتنۇرى. ئاممىباب ئوقۇشلۇق. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى. نومۇرى: ISBN7 — 5373 — 1149 — 8/Z.99، چوڭ 32 كەسلەم، 307 بەت، تىراژى: 3070.

بۇ كىتابتا «ئۆزىنى تونۇۋېلىش ۋە كەيپىيات»، «ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە قائىدە - يوسۇن»، «فىزىئولوگىيە ۋە پاتولوگىيە»، «مۇھەببەت ۋە نىكاھ»، «پەرزەنت كۆرۈش ۋە تەربىيىلەش»، «ئائىلە ۋە ئائىلە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش»، «گىرىم قىلىش ۋە تېرە ئاسراش» قاتارلىق سەھىپىلەر ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئىچكى، تاشقى دۇنياسىغا ئائىت بىلىملەر، كۆرسەتمىلىك بايانلار، سان - سىپىرلىق سېلىشتۇرمىلار ئاممىباب، ئىخچام بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابتا ئالدى بىلەن چوڭ كارل ۋېتىمرنىڭ يەنى ئاتىنىڭ ئۆز ئوغلىنى تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇللىرى ۋە جەريانلىرى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە يېزىلغان. ئارقىدىن كىچىك كارل ۋېتىمرنىڭ يەنى بالىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلەشتىكى ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىسىگە قارىتا، شۇنداقلا مائارىپ تۈزۈلمىسى، تەلىم - تەربىيىنىڭ مەقسىتى، ئاخىرقى نىشانى، تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلى قاتارلىقلارغا قارىتا يىغىنچە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق كۆزقاراشلىرى مۇپەسسەل بايان قىلىنغان.

«VII ~ X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات». ژانىرى: تارىخ - تەزكىرە. ئاپتورى: خۇا تاۋ. تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003 - يىل 11 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 610 بەت.

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ مىلادىيە 860 - يىلى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كېلىپ تۇرپاندا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قەشقەر - بالاساغۇندا قاراخانىيلارنى قۇرغىچە بولغان تارىختىكى مۇجمەل كەتكەن 200 يىللىق جەرياننى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ۋە تىبەتچە ماتېرىياللارغا تارىخىي مەنبە — ئەرەب، پارسچە ماتېرىياللارنى بىرلەشتۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ يېزىپ چىققان تەتقىقات نەتىجىسىدۇر.

كىتابنىڭ ئاخىرىغا جامال قارشىنىڭ «سۇلھەتەسسۇرا» («سۇراھ لۇغىتى»گە تولۇقلىما) ، گەمىم ئىبنى بەھرنىڭ «ئۇيغۇر ئېلىگە ساياھەت» دېگەن ئىككى پارچە ئەرەبچە ئەسىرى ئەرەب - ئىنگلىز تىلىدىن بىۋاسىتە تەرجىمە قىلىنىپ قوشۇمچە قىلىنغان.

«ئاتتىلا ھەققىدە رىۋايەت». ئاپتورى: ئەك شىمىس. تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆمەرجان نۇرى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2004 - يىل 5 - ئاي نەشرى، 32 كەسلەم، 110 بەت.

قىسقىچە مەزمۇنى: غەربكە كۆچكەن ھونلارنىڭ ياۋروپاغا بېسىپ كىرىپ، ياۋروپالىق مىللەتلەر بىلەن ئېلىپ بارغان قانلىق ئۇرۇشلىرى، ھونلار تەرىپىدىن ياۋروپاغا ئېلىپ بارغان مەدەنىيەتلەر

چىقىرىلغان.

ژۇرنالدا ئاساسەن ساپ ئەدەبىياتقا تەئەللۇق بولغان نەسرىي ئەسەرلەر، نەزمىي ئەسەرلەر، يۇرت تەزكىرىلىرى، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت پوبلىستىك ماقالىلەر، ئوبزورلار، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن بولۇپ، هازىرغىچە 25 پارچىدىن ئارتۇق پوۋېست، 650 پارچىدىن ئارتۇق هېكايە، ئون مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ـ داستان، 200 پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەسەر ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، 100 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزور ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلەر، 70 پارچىدىن ئارتۇق باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، 80 پارچىدىن ئارتۇق چەت ئەل ۋە قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ هۇزۇرىغا سۇنۇلغان.

ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن هەر خىل ژانىردا يېزىلغان 30 پارچە ئەسەر ئاپتونوم رايون بويىچە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا، 300 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باهالاشتا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ژۇرنالمۇ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەهەتتىن ساغلام، سۈپەتلىك نەشر قىلىنغاچقا، 2004 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ قەرەللىك ژۇرناللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن 3 ـ قېتىم باهالانغان «ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى ۋە 1980 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا قەدەر كەسپىي مۇهەررىر قويۇلمىغاچقا سابىق مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان هەمدە مامۇت زايىت قاتارلىقلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ 2003 ـ يىلىغىچە جاپپار ئەمەت، تۇرسۇن تۇرغۇن، ئابدۇرېهىم ئېلى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان قاتارلىق يولداشلار ئىلگىرى ـ كېيىن ژۇرنالنىڭ مەسئۇللۇقىنى

# قەرەللىك، قەرەلسىز (خاتىرە) ژۇرناللار

«يېڭى قاشتېشى ژۇرنىلى». خوتەن ۋىلايىتىدىكى بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنال. 1979 - يىلى «كۆئېنلۇن ئەدەبىياتى» دېگەن نام بىلەن تۇنجى سىناق سانى نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە 27 يىللىق نەشر ھاياتىنى تاماملاپ، جەمئىي 142 سان نەشر قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ژۇرنال 1980 - يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن «يېڭى قاشتېشى» دېگەن نام بىلەن رەسمىي پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال تەرىقىسىدە نەشر قىلىنىپ ئاشكارا تارقىتىلىشقا باشلىغان، 1985 - يىلىغىچە جەمئىي 26 سان نەشر قىلىنغان. بۇ ۋاقىتتىكى ژۇرنال 16 كەسلەم، 112 بەت بولۇپ، مۇقـاۋىسى ئادەتتىكى رەسىم ئىشلىتىلگەن رەڭسىز مۇقاۋا ئىدى. مـۇقاۋىنىڭ ئىچكى يۈزىگە خوتەندىكى مەشھۇر سازەندىلەر، مەشھۇر شـەخسـلەر، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ مۇھىم يىغىن - پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

1986 - يـىـلـىـدىـن باشلاپ قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنالغا ئـۆزگـەرتـىلىپ، 16 كەسلەم، 96 بەت ھەجىمدە نەشر قىلىنىشقا بـاشـلىغان، تىتۇل، مۇندەرىجىسى ئىككى بەت، بەزى سانلىرىنىڭ مۇقاۋىسىنىڭ 1 -، 4 - بەتلىرى رەڭلىك، 2 -، 3 - بەتلىرى رەڭسىز بېسىلغان، ئادەتتىكى مىخ مەتبە ھەرپى ئىشلىتىلگەن. 1998 - يىل 1 - ساندىن باشلاپ ژۇرنال بەتلىرى كومپيۇتېر تېخنىكىسى ئارقىلىق لايىھىلەنگەن. 2001 - يىل 1 - ساندىن باشلاپ مۇقاۋىنىڭ ھەممە بەتلىرى رەڭلىك بېسىلغان. 2002 - يىلى خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى بەرگەن. 2005 - يـىـلـىـدىـن بـاشـلاپ خـەلـقئارا ژۇرنال كەسلەم ئۆلچىمى بويىچە

تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ. بىرتۇتاش نومۇرى CN65—5025/G4—W.

تۈنجى سانى 1980-يىلى «ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» نامى بىلەن چىقىرىلغان بۇ ئىلمىي ژۇرنالدا ھازىرغىچە 900 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىنىپ، مەكتەپنىڭ «كىتاب ئوقۇتۇپ، ئادەم تەربىيىلەش» ۋە ئوقۇش، پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىلمىي ۋە نەزەرىيىۋى جەھەتلەردىكى يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە چىقىرىلغان مەخسۇس كەسپىي ژۇرنال. 1991 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە تۈنجى سان نەشر قىلىنىپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان. 1998 - يىلى دۆلەت ئاخبارات - نەشرىيات مەھكىمىسى تەرىپىدىن دۆلەتلىك بىر تۇتاش نومۇرغا، 2000 - يىلى خەلقئارا ئۆلچەملىك ئۇدا نەشر قىلىنىدىغان نەشر ئەپكارلىرى نومۇر سىستېمىسى جۇڭگو دۆلەتلىك مەركىزى تەرىپىدىن خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرغا ئېرىشىپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرنالغا ئايلانغان. 13 يىلدىن بۇيان 58 سان ژۇرنال نەشر قىلىنىپ، 1800 پارچىغا يېقىن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ۋە تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

«مەرىپەت مەشئىلى». خاتىرە ژۇرنال. تۈرى: ئۇنىۋېرسال. خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1998 - يىل 5 - ئايدا باستۇرۇلغان. باش مۇھەررىر: كامال تۇرۇپ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ما شۇۋۇ، توختى غازى. مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەتجان قۇربان. مۇھەررىر: توختىمۇھەممەت تۇردى. 16 كەسلەم، 153 بەت.

«مەرىپەت مەشئىلى» 1998 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر ئىككى

ئۆتىــگەن. ھازىر مىجىت باقى باش مۇھەررىرلىكنى، تۇرسۇنجان مۇھەممەد مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

ژۇرنـال نـەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە جاپپار ئەمەت، ئابدۇرېھىم ئېلى، روزى سايىت، مەتقاسىم ئابدۇراخمان، ئابدۇخېلىل ئـابـدۇخـېـۋىـر، ئـەسئەت ئابدۇقادىر، دىلنۇر ئابلىز، تۇرسۇنجان مۇھەممەد، مەتسېلىم مەتقاسىم، داۋۇت ئادىل قاتارلىقلار كەسپىي تەھرىرلىك قىلغان ۋە تەھرىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ژۇرنالــنىــڭ مەمـلـىكـەت ئىچـىدىكـى بىرتۇتـاش نـومۇرى CN65—1088/1، خـەلـقـئـارالـىـق بـىـرتـۇتـاش نـومـۇرى ISSN 1002—929، چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى BM6670.

«كـۇئـېـنـلـۇن ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە). قەرەلسىز ئەدەبىي ژۇرنال. «كۇئېنلۇن ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 1980 - يىل 5 - ئايدا «خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 92 بەت.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىكى قايتىدىن جـۇش ئـۇرۇپ راۋاجـلـىنىۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات سەمەرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ ئەدەبىي ژۇرنالغا مـا جـاۋسـۇڭنىڭ «ئىنقىلابىي قۇربان چېن تەنچيۇنى ئەسلەيمەن» نـامـلـىـق ئـىنقىلاب ئەسلىمىسى، شيا گۇەنجۇنىڭ «خې لۇڭنىڭ ھاسىسى» ناملىق ھېكايىسى، ليۇ جىڭخۋانىڭ «ئۇنىڭ لەقىمى — قاپاق» ناملىق ھېكايىسى ۋە چىڭ ۋەنلى، لى شۆخۋا، ۋاڭ لىڭ، جۇ جىڭباۋ قاتارلىق 29 ئاپتورنىڭ شېئىرلىرى، ئەدەبىي ئاخبارات، تەقرىزلىرى كىرگۈزۈلگەن.

پەقەت بىر سانلا چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالدىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى يېڭى، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ئىناق ۋە مۇقىم ۋەزىيەتكە ئويناق شېئىرىي ھېسسىيات، ئاددىي - ساددا ۋەقەلىك سۆزىتلىرى ئارقىلىق مەدھىيە ئوقۇلغان. بۇ ژۇرنال ساقلاش قىممىتىگە ئىگە.

«خـوتـەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى». يەسلىلىك ئىلمىي ژۇرنال. مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئون سان چىقىرىلغان. ژۇرنالغا ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بېرىلگەن.

«قىزىل نۇر». ئەدەبىي ژۇرنال. 1972 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك نۇرى ئوتتۇرا مەكتىپى ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مەسئۇللۇقىدا شاپىگرافتا بېسىلغان. 16 كەسلەم، 26 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي تۆت سان چىقىرىلغان.

«كۆئېنلۇن چېچەكلىرى.» ئەدەبىي ژۇرنال. 1979 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك نۇرى ئوتتۇرا مەكتىپى ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى مەسئۇل بولۇپ شاپىگرافتا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلغان. ژۇرنالغا مەكتەپتىكى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدەبىيات كۇرۇژۇكىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭىدىن ئىجاد قىلغان شېئىر، ھېكايە، نەسىر، ئوچېركلىرى بېرىلگەن.

«چىرا ئەدەبىياتى». بۇ، ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، 1980 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە چىرا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن شاپىگرافتا بېسىپ تارقىتىلغان. بۇ ژۇرنال قەرەلسىز بولۇپ، ئىككى يىلدەك داۋام قىلىپ تۆت سان چىقىرىلغان. ئەسەرلەردە ئاساسەن يېڭى ئىسلاھاتى داۋامىدا يېزىلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقى، ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

«ئۈمىد چېچەكلىرى». 1980 - يىللاردا چىرا ناھىيە چىرا يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى شاپىگرافتا بېسىپ تارقاتقان، 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. ژۇرنالغا كۇرۇژۇك ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىش ئاساس قىلىنغان. جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلغان.

«ئانار چېچەكلىرى» (1). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات

سان چىقىرىلغان بولۇپ، ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئىجازەتنامە نومۇرى بىلەن چىقىرىلغان بۇ ئىككى سان ژۇرنالغا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا ئاتاپ يېزىلغان ماقالە، ئەسلىمە، شېئىر، باغۋەنلەر ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرى ئالبومى قاتارلىقلار بېرىلگەن. مەكتەپنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسى ئەتراپلىق يورۇتۇلغان. بۇ خاتىرە ژۇرنال ساقلاش ۋە يۇقىرى ماتېرىياللىق قىممىتىگە ئىگە.

«خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى». تۈرى: ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال. 1999 - يىلىدىن باشلاپ «مەرىپەت مەشئىلى» خاتىرە ژۇرنىلىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قەرەلسىز چىقىرىلغان. مەكتەپ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ «خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 16 كەسلەمدە 152 بەتلىك چىقىرىلغان بۇ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى مەكتەپ مۇدىرى مەتقاسىم مەنسۇر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى لى خې، جۇ پىڭچىڭ، ما شۇۋۇ، ئۆمەرنىياز مەتنۇرى، توختى غازى؛ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئەخمەتجان قۇربان، مەتتۇرسۇن مەممتىمىز، توختىمۇھەممەت تۇردى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

بۇ قەرەلسىز ئىلمىي ژۇرنالدىكى ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەرقايسى پەنلەر ئوقۇتۇشى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇ پېداگوگىكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئاساس قىلغان كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت سەھنىسىدۇر. بۇ قەرەلسىز ئىلمىي ژۇرنال خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى بىلەن خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ھازىر «خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دېگەن نام بىلەن قەرەلسىز چىقىرىلىۋاتىدۇ.

«جىڭگاڭشەن». 1967 -، 1968 - يىللىرى چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات كۇرۇژوكىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شاپىگرافتا بېسىپ چىقارغان ژۇرنال. 16 كەسلەم، 32 بەت. ناھىيە ئىچىدىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرگىچە تارقىتىلغان. جەمئىي

سوۋغا سۇپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ساندا «بېغىشلىمىلار»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرلار»، «نەسرلەر»، «ئەدەبىي ئاخباراتلار»، «سەھنە ئەسەرلىرى»، «كلاسسىك ئەدەبىياتتىن»، «ساتىرا ۋە يۇمۇر»، «ئوبزور ۋە ماقالىلەر»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە چىرا خەلقىنىڭ جاسارىتى، ئارزۇ - ئارمىنى، شادلىقى، خۇشاللىقى، چىرنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى مول.

«ئانار چېچەكلىرى» (4). چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۈزۈپ 1999 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان. ئەدەبىي ژۇرنال، 16 كەسلەم، 96 بەت، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا سۇپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژۇرنالدا «ماقالىلەر»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرلار»، «سەھنە ۋە ئېكراندا»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇر» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى چىرا خەلقىنىڭ پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى، سوتسىيالىستىك زامانىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ شانلىق نەتىجىلىرى، چىرا خەلقى بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك كۈرەش ئىزلىرى، تىللاردا داستان بولغىدەك ئاجايىپ قەيسەر روھى خىلمۇخىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«نىيا ئەدەبىياتى». ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، شاپىگراف باسمىسى. نىيا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بېسىپ تارقاتقان، 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ھەر يىلى بىر سان ئىشلەنگەن.

بۇ ژۇرنالغا شائىر مەتقاسىم مەتنىياز ۋە مەتقاسىم ئەكرەم، سىدىق كېرەم، ئەنۋەر مەتسەيدى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ۋە بىر قىسىم خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر كىرگۈزۈلگەن. ژۇرنال 42 بەتلىك بولۇپ، ھەر ساندا 30 پارچە ئەتراپىدا ئەسەر ئېلان

بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1985 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، 144 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژۇرنالغا ناھىيە تەۋەسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە چىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ شېئىر، ھېكايە، داستان، سەھنە ئەسەرلىرى بىرلىكەندىن باشقا كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى قىسقا تەتقىقات ماقالىلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى رەڭدار، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، چىرا خەلقىنىڭ جەڭگىۋار كۈرەش ھاياتى، تۇرمۇشى قىزغىن كۈيلەنگەن.

«ئانار چېچەكلىرى» (2). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1989 - يىل 10 - ئايدا باستۇرغان ئەدەبىي ژۇرنال. 16 كەسلەم، 172 بەت. ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە باستۇرۇلغان بۇ ژۇرنالدا «بېغىشلىما ۋە تەبرىكلەر»، «ئەدەبىي ئاخباراتلار»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرىيەت گۈلزارى»، «نەسرلەر»، «سەھنە ئەسەرلىرى»، «ئوبزور ۋە ماقالىلەر»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇر» قاتارلىق سەھىپىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى مول، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، چىرا خەلقىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئانار چېچەكلىرى» (3). چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت ئىدارىسى تۈزۈپ 1994 - يىل 5 - ئايدا باستۇرغان. 16 كەسلەم، 188 بەت، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىغا

بۇ توپلامغا چىرا ناھىيىسىدە ئىشلەۋاتقان، چىرىدا تۇغۇلغان ئاپتورلارنىڭ چىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر، چىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن تۆھپىكارلار توغرىسىدا يازغان ئەدەبىي ئاخباراتلىرى جەم قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى چىرا «جەڭگىۋار ئۆستىڭى» نىڭ ياسىلىش جەريانى، يېزا يوللىرىغا ماي ياتقۇزۇش، قۇمنى تىزگىنلەش، يېتىم باللار پاراۋانلىق مەركىزىنىڭ بىنا قىلىنىشى، يەنە سەھىيە، مائارىپ، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرى جانلىق، تەسىرلىك، بەدىئىي يول بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«قۇم دېڭىزىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى». ئەدەبىي ژۇرنال. 96 بەت، 16 كەسلەم، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ ژۇرنال چىرا ناھىيىسى دامكۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چىقىرىلغان ئەدەبىي ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدا دامكۇ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى، بىسىپ ئۆتكەن 30 يىل جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق نەتىجىلەر، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان، ئەسلىمىلەر بېرىلگەن. دامكۇ يەننىي مائارىپىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان.

«قاراقاش ئەدەبىياتى». ژۇرنال. ژانىرى شېئىر ۋە ھېكايىلەر. قاراقاش ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تەرىپىدىن 1974 -، 1975 -، 1976 - يىللىرى ئىشلەنگەن. 16 كەسلەم، 40 بەتتىن 60 بەتكىچە. شائىر جاپپار رېھىمى شاپىگرافتا بېسىپ تۇپلەپ تارقىتىدىغان بۇ ژۇرنال يىلىغا ئۈچ ياكى تۆت سان چىقىرىلغان.

ژۇرنالدا جاپپار رېھىمى، مۇھەممەتئىمىن قۇربان، ياقۇپ مەڭلىك، توختىپاسار جۇمە، ئابدۇخالىق ئىسمائىل، مەتتۇرسۇن نىياز، قادىرھاجى قاتارلىق شائىر، يازغۇچى، ھەۋەسكارلارنىڭ

قىلىنغان.

«نىيا ناخشىلىرى». نوتىلىق ناخشا توپلىمى. 16 كەسلەم، شاپىگراف باسمىسى. نىيا خەلق ناخشىلىرىنى توپلاش - رەتلەش ئىشخانىسى 1982 - يىل 6 - ئايدا تۈزۈپ تارقاتقان، تېكىستىنى مەتقاسىم مەتنىياز رەتلىگەن، نوتىسىنى مۇھەممەد قادىر خاتىرىلىگەن. توپلامغا نىيا خەلق ناخشىلىرىدىن 41 پارچە، ئىجادىي ناخشىدىن تۆت پارچە كىرگۈزۈلگەن.

«مەرىپەت گۈلدەستىلىرى». ئەسلىمە، ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. 1991 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 16 كەسلەم قىلىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

ژۇرنال چىرا ناھىيىسى گۈلاخما يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان بولۇپ، مەكتەپنىڭ 30 يىل جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىسى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرى، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى مەدھىيىلەپ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق مەكتەپنىڭ 30 يىللىق مەرىكىسىگە سوۋغا سۈپىتىدە سۇنۇلغان.

«ئانار دىيارىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى». ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئەسلىمىلەردىن تۈزۈلگەن ئۇنىۋېرسال ژۇرنال. 1996 - يىل 6 - ئايدا «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا 94 بەت، 16 كەسلەم قىلىپ باستۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلغان.

بۇ، چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر، ئەسلىمىلەردە چىرا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ بېسىپ ئۆتكەن جاپالىق، شانلىق مۇساپىلەر شائىرانە تىل، جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسلەنگەن.

«تەكلىماكانلىقلار». 1998 - يىلى باستۇرۇلغان. 318 بەت، 32 كەسلەم.

لوپ ناھىيىسىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 40 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋەللىرى كىرگۈزۈلگەن.

«قاشتېشى دىيارىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». ئۇنىۋېرسال خاتىرە ژۇرنال. خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق تويىغا بېغىشلىنىپ ئىچكى نومۇر بىلەن 115 بەتلىك چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا دۆلەت رەھبەرلىرىدىن سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمايىل ئەھمەد ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل تىلىۋالدىنىڭ بېغىشلىمىسى بېرىلگەن.

1953-يىلى قۇرۇلۇپ يېرىم ئەسىرلىك ئوقۇتۇش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن بۇ مەكتەپنىڭ 2003-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 50 يىللىق تويىغا ئاتاپ چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا مەكتەپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللەردىكى تەرەققىياتى، مەكتەپ چوڭ ئىشلار خاتىرىسى، ئوقۇتقۇچىلار ۋە مەكتەپداشلار ئەسلىمىسى، شېئىر ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بولۇپ 46 پارچە ماقالە-ئەسەر، 150 پارچىدىن ئارتۇق سۈرەت، تۆت پارچە جەدۋەللىك ئۇچۇر قاتارلىقلار بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

«قاراقۇرۇم ئېتىكىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». ئۇنىۋېرسال خاتىرە ژۇرنال. گۇما ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق (2003 — 1953) تويىغا بېغىشلىنىپ ئىچكى نومۇر بىلەن 94 بەتلىك قىلىپ چىقىرىلغان بۇ ژۇرنالغا 14 سەھىپىلىك مەزمۇندىكى ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر، 170 پارچىدىن ئارتۇق كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ سۈرەتلىرى، تەرجىمىھال ھەم مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بېرىلگەن.

«بوغراقۇم باغرىدىكى نۇر بۇلاق». 2002 - يىل 9 - ئايدا لوپ ناھىيىسى دول يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ تەرىپىدىن چىقىرىلغان. 96 بەت، 16 كەسلەم.

شېئىر ـ ھېكايە قاتارلىق ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرى بېسىلغان. توپلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى ژۇرنالنىڭ بەت سانىنى بەلگىلىگەن. مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق مىنىستىرى، مەشھۇر يازغۇچى ۋاڭ مېڭنى بۇ ژۇرنالغا بېسىلغان يالاڭ ئاياغ دوختۇرلار تېمىسىدىكى بىر ھېكايە (ئاپتورى مۇھەممەتئىمىن قۇربان) ئىنتايىن قىزىقتۇرغان ھەم ۋاڭ مېڭ ئاپتورنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىرلەشكەن.

«يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى مەرىپەت بۇلىقى». 1996 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ باستۇرۇلغان. 16 كەسلەم، 134 بەت. ئۇنىڭغا خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇري مەھكىمە، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى لوپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەپ يازغان بېغىشلىمىلار، لوپ ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ مەكتەپنىڭ 40 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ھەم 40 يىلدىن بۇيان مەكتەپتە ئىشلىگەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى، تۆھپىكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن تۈرلۈك شان ـ شەرەپلىرى، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ستاتىستىكا جەدۋىلى كىرگۈزۈلگەن.

«يۇرۇڭقاش ۋادىسىدىكى بۇركۇت ئۇۋىسى». 1998 ـ يىل 9 ـ ئايدا لوپ ناھىيىسى يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ ئىشلەنگەن ئۇنىۋېرسال قەرەلسىز ژۇرنال. 138 بەت، 16 كەسلەم. ئۇنىڭغا يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، يۇرۇڭقاش بازارلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرى يازغان بېغىشلىمىلار، يۇرۇڭقاش ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى،

مەتتۇرسۇن سۇلايمان، مۇھەممەتئەيسا قۇربان، ئابدۇخالىق مەتتۇرسۇن قاتارلىق 33 كىشىنىڭ ھەر خىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بېرىلگەن. بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە پەسىللىك بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قالماي چىقىۋاتىدۇ.

«كۆكبۇلاق» تىكى بىر قىسىم ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، زىيارەت ۋە ئەدەبىي خاتىرىلەر مول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

«بورانچى ۋادىسىدىكى نۇرلۇق مەشئەل». تەزكىرە - ئەدەبىيات ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى. خوتەن ناھىيە خانئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ 2004 - يىلى باستۇرۇلغان.

بۇ ژۇرنال 1959 - يىل قۇرۇلغان خانئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 45 يىللىق ئوقۇتۇش، تەلىم - تەربىيە مۇساپىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان 13 پارچە ماقالە ۋە ئەسلىمىنى، «باغۋەنلەر ئالبۇمى» نى، «مەكتەپ يىلنامىسى» نى ۋە 11 پارچە ئەدەبىي ئەسەر، ئىككى پارچە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ژۇرنالنىڭ بېشىغا خوتەن ناھىيىسى ۋە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى يازغان بېغىشلىمىلار بېرىلگەن.

【قوشۇمچە】

«خوتەن گېزىتى» نىڭ 1939-يىلىدىن 1950-يىلىغىچە ئومۇمىي ئەھۋالى

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى — ئىلچىدە 1939-يىلى «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغان. بۇ، خوتەن ۋىلايىتى بويىچە ئەڭ دەسلەپكى گېزىت بولۇپ، بۇنى ۋەلىخان ئىمىنوف دېگەن كىشى شاپىگرافتا چىقارغان. ھەجىمى سەككىز كەسلەملىك، ئىككى بەت چوڭلۇقتا ئىدى. جاللات شېڭ شىسەي 1940-يىلى ۋەلىخان ئىمىنوفنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى بېرىپ، بۇ گېزىتكە مەسئۇل بولغان ۋە مىخ مەتبەئەدە سەككىز كەسلەم، تۆت بەتلىك قىلىپ چىقارغان. مۇھەررىرلىرى يۇسۇپ

بۇ ژۇرنالغا دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، لوپ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، دۆلەت يېزىلىق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، لوپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىكى رەھبەرلەرنىڭ يازغان بېغىشلىمىلىرى، دۆلەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە 30 يىلدىن بۇيان خىزمەت قىلغان ۋە ئوقۇغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىلىرى، لوپ ناھىيىسىدىكى يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 يىللىق تويىغا ئاتاپ يازغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى، 30 يىلدىن بۇيان دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە سۈرىتى، دۆلەت يېزىلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 30 يىللىق تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ستاتىستىكا جەدۋىلى كىرگۈزۈلگەن.

«ئۈمىد چېچەكلىرى». كېرىيە ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 24 بەت، 16 كەسلەم. بۇ ژۇرنال ھازىرغىچە جەمئىي ئۈچ سان چىقىرىلىپ، ئۇنىڭدا «ھېكايىلەر»، «سۆز ئويۇنى ۋە يۇمۇرلار»، «شېئىرلار»، «نەسرلەر»، «مۇھاكىمە ماقالىلىرى»، «كەشپىيات مۇنبىرى» قاتارلىق سەھىپىلەر بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى كەڭ ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان ھالدا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەڭ جەمئىيەتتىكى ھەۋەسكار ياشلارنىڭ ئەسەرلىرى بېرىلگەن.

«كۆكبۇلاق». ئەدەبىي ژۇرنال. كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قەرەلسىز ژۇرنىلى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات - نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ماتېرىياللارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش ئىجازەتنامە نومۇرى: 291 — (2005).

2005 - يىل ئەتىيازدا كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «كۆكبۇلاق» نىڭ بۇ تۇنجى سانىدا ئالىم، ئەدىب ئىمىن تۇرسۇننىڭ مەخسۇس بېغىشلىما ماقالىسى، ئەدىبلەردىن ئابدۇقادىر قارلۇق، ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل، ئوبۇل ھاشىم، مەتكېرەم ئىسمايىل،

ئۇرۇشى ۋە جۇڭگو-ياپون ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، يەرلىك ئاپتورلارنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى مەدھىيىلەيدىغان ماقالىلىرىمۇ بېسىلاتتى.

1943-يىلى شىنجاڭدا جۇملىدىن خوتەندە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ نامى «خوتەن گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلدى ۋە ئۇنىڭ تەشۋىقات نىشانىمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. گېزىتكە ئاساسەن گومىنداڭنى تەشۋىق قىلىدىغان، «سەنمىنجۇيى» نى ۋە جياڭ جيېشىنىڭ «جۇڭگونىڭ تەقدىرى» ناملىق ئەسىرىنى شەرھلەيدىغان ماقالىلەر، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش خەۋەرلىرى بېسىلىدىغان بولدى؛ يەنە «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنى تىللايدىغان ماقالىلەر كۆچۈرۈپ بېسىلدى. يەرلىك خەۋەرلەردىن باشقا، خەلقئارا خەۋەرلەر ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى «جۇڭياڭشې» ئاگېنتلىقى ۋە «يېڭى دېھلى»[1] ئاگېنتلىقىدىن ئېلىنىدىغان بولدى (تەرجىمانلار تەرجىمە قىلىپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە).

1946-يىل گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك گېزىتلەر جۇملىدىن «خوتەن گېزىتى» مۇ «تىنچلىق بىتىمى» نى تەشۋىق قىلىش ۋە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىم سەھنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1946-يىل 7-ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مالىيەدە قىيىنچىلىق بار» دېگەننى باھانە قىلىپ، بۇ گېزىتنى نەشر قىلىنىشتىن توختاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما، «خوتەن گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى («بىتىم» مەزگىلىدە رەسمىي ھاكىملىققا سايلانغان) ئابدۇقادىر ھەسەن، ئۇيۇشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەبەيدۇللا ھاجى،

[1] ھىندىستان ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1941-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاجى ياقۇپمۇ قولغا ئېلىنىپ، بۇ گېزىتكە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخپىي ئەزاسى ماشۆ مەسئۇل بولغان. بۇ چاغدا «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ خەنزۇچىسىمۇ نەشر قىلىنىپ، شاپىگرافتا ئىككى بەتلىك، ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقىرىلدى؛ ئۇيغۇرچىسى ئاۋۋالقىدەك سەككىز كەسلەم، تۆت بەتلىك بولۇپ منخ مەتبەئەدە بېسىلىۋەردى، ئەمما بۇمۇ ھەپتىسىگە ئىككى سان چىقاتتى. مۇھەررىرلىرى يەنىلا يۈسۈپ سەئىدى، بىلال ئەزىزىلەر ئىدى.

1942-يىلى ماشۆ خەنزۇچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئەدەبىيات بېتىنىڭ مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، «خوتەن شىنجاڭ گېزىتى» گە يۈسۈپ سەئىدى مەسئۇل بولدى، خەنزۇچىسىغا دىڭ باۋشەن مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. گېزىتنىڭ خەلقئارا ۋە مەملىكەت خەۋەرلىرى ئاساسەن تا س س دىن، شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىدىن، قوشۇمچە «جۇڭيائېشې» ئاگېنتلىقى ① دىن ئېلىناتتى (يەرلىك خەۋەرلەرنى گېزىتخانا مۇخبىرلىرى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازاتتى). ماي بايرىمى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بايرىمى قاتارلىق چوڭ بايراملاردا، بۇ گېزىتكە ئۈرۈمچىدىن سېنكىغا ئېلىپ ئەۋەتىلگەن ماركس، ئېنگلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ سۈرەتلىرى بېسىلاتتى؛ ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر «شىنجاڭ گېزىتى» دىن كۆچۈرۈپ بېسىلاتتى. بۇ گېزىتكە يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلان قىلىنغان ستالىننىڭ نۇتۇق ۋە خىتابنامىلىرىمۇ بېسىلغان. ئۇ چاغلاردا بىرلىك سەپ — گومىنداڭ بىرلىكى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ تەشۋىق قىلىناتتى، كومپارتىيە ياكى گومىنداڭنى ماختايدىغان ۋە ياكى تىللايدىغان خەۋەر - ماقالىلەر بېسىلمايتتى؛ سوۋېت-گېرمان

① گومىنداڭ ئاخبارات ئاگېنتلىقى.

دېموكراتىك خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ تەشۋىقات قورالىغا ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ گېزىت كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ، ئوسمان باندىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى، مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىقانلىقىنى ئاشكارا قوللىدى شۇنداقلا نۇر بەگنىڭ ئۆزىنى ماختايدىغان شەخسىي گېزىتى بولۇپ قالدى.

1948-يىل 4-ئايدىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىگە ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابلىمىت موللايى تەيىنلەندى؛ ئاندىن ئۇ، جاپپار ئەمەتنى تۈرمىدىن بوشىتىپ ئەپچىقىپ، گېزىتنىڭ تەھرىرلىكىگە قويدى. بۇ چاغدا «بىرلىك» گېزىتىنىڭ كومپارتىيىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى مۇقامى بىر ئاز پەسەيگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا گومىنداڭنى، خې دۇڭباڭنى (نۇر بەگنى) ماختايدىغان قورال بولۇپ قېلىۋەردى. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋالىي سايلىمى بولغاندا، نۇر بەگ ۋالىيلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرلىك» گېزىتىمۇ توختىدى.

1949-يىل 7-ئايدا خوتەن ۋىلايىتىدە «ئۆلكىلىك تەشۋىقات ھەيئىتى» نىڭ قارمىقىدا «ياشلارنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىش ئىدارىسى» (چىڭنيەن شېخۇي فۇۋۇشې) قۇرۇلدى. بۇ ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا ئابلىمىت موللايى، باش گەنسىلىكىگە (1949-يىل 9-ئايدىن كېيىن) جاپپار ئەمەت تەيىنلەندى. ئاندىن بۇ ئىدارىنىڭ مەدەنىيەت بۆلۈمى يېتەكچىلىكىدە «تەكلىماكان گۈلى» (荒海之花) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇ گېزىتمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە بېسىلىپ، ھەپتىسىگە ئىككى سان، ئىككى بەتلىك قىلىپ چىقىرىلدى. بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى يەنىلا ئابلىمىت موللايى، مۇھەررىرلىرى جاپپار ئەمەت، ئابدۇقادىر تۇردىھاجىلار بولدى. گېزىتكە بېسىلىدىغان مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق 8-پولكىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدىن ئېلىنغان «جۇڭيىاڭشې» خەۋەرلىرى بولۇپ،

ۋىلايەتلىك سودا-سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ باشلىقى ئابلىز خوجاڭ قـاتـارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى بىلەن داۋاملىق نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىمۇ گېزىتنىڭ بـاش مـۇھـەررىرى يۇسۇپ سەئىدى ئىدى. گېزىتنىڭ بۇ چاغدىكى ئـاساسىي تەشۋىقات نىشانى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ۋە «تىنچلىق بـىـتـىـمـى» نى تەشۋىق قىلىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ «تـىـنچلىق بىتىمى» گە ۋە دېموكراتىيىگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى، گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىنى پاش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

1947-يىلى ئەتىيازدا «تىنچلىق بىتىمى» بۇزۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئابدۇقادىر ھەسەننى قولغا ئالدى، يۇسۇپ سەئىدى ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «خوتەن گېزىتى» 1947-يىل 4-ئايدىن تارتىپ نەشر قىلىنىشتىن تـوخـتـاپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خوتەندىكى ئىلغار تەشكىلات «ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى» (مەخپىي ھالەتتىكى) نىڭ ئەزالىرى ۋە باشقا ئىلغار ياشلارنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى نۇر بەگ (خې دوڭباڭ) نىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە «بىرلىك» (统一报) ناملىق گېزىت نەشر قىلىندى. بۇمۇ بۇرۇنقى مىخ مەتبەئەدە، سەككىز كـەسـلـەم تـۆت بـەتـلـىـك قـىـلـىـپ بېسىلدى. گېزىتنىڭ باش مـۇھـەررىـرلـىـكـىگە ئىمىن تۇرسۇن (كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى) تەيىنلەندى. لېكىن، بۇ گېزىت ئىككى-ئۈچ سان چـىـقـار-چـىـقمايلا، 1947-يىل 7-ئايدا گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك «تازىلاش» ئېلىپ بېرىپ، ۋىلايەت مەركىزى ئىلچىنىڭ ئۆزىدىنلا 80 نەچچە ئىلغار ياشنى قولغا ئالدى، شۇ قاتاردا ئـىـمـىـن تۇرسۇننىمۇ قولغا ئېلىندى. «بىرلىك» گېزىتىنىڭ باش مـۇھـەررىرلىكىنى ۋالىي نۇر بەگ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ۋىلايەتلىك «مىنجياۋگوەن» (خەلق ئاقارتىش يۇرتى) نىڭ باشلىقى قۇربانجان ئابدۇۋەلى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار گېزىتنىڭ ئەسلىدىكى

باش مۇھەررىرلىككە قويۇلدى، جاپپار ئەمەت مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولدى.
1954-يىل 7-ئايدا خوتەن ۋە ئاقسۇ گېزىتلىرى قەشقەردە نەشر قىلىنىدىغان «جەنۇبىي تيانشان» گېزىتىگە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1958-يىلى قايتىدىن «خوتەن گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا چىقىرىلدى. بۇ گېزىت تۆت كەسلەملىك تۆت بەت (چوڭ تۆت بەت) ھەجىمدە، ھەر ئىككى كۈندە بىر سان چىقىۋاتىدۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچىلەر: ھاجى ياقۇپ يۈسۈپى، جاپپار ئەمەت



بۇ خەۋەرنى مەزكۇر سىياسىي باشقارما ئۆزى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇ خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ «غەلىبىسى»، كوممۇنىستلارنىڭ «مەغلۇبىيىتى» قاتارلىق ئىنتايىن ئەكسىيەتچى گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، يەرلىك خەۋەرلەر نورمال بولۇپ، ھەر ساھەدىكى نەتىجىلەر توغرىسىدا يېزىلغان خەۋەرلەر، ئاندىن قالسا ئەدەبىيات بېتى بېرىلەتتى.

1949-يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «تەكلىماكان گۈلى» ئۆزىنىڭ تەشۋىقات نىشانىنى ئۆزگەرتتى. خوتەن دارىلمۇئەللىمىندە «ئىلمىي گۇرۇپپا» قۇرۇلۇپ، «تەكلىماكان گۈلى» مۇشۇ گۇرۇپپىنىڭ رەھبەرلىكىدە نەشر قىلىنىۋەردى. بۇ چاغدىكى گېزىتتە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ خىتابنامىسى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. «تەكلىماكان گۈلى» گېزىتىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى رولى زور بولدى.

